يۈسۈف قەرزاۋى

# ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2011

# فقه الأولويات

**تأليف: دكتور يوسف القرضاوي**

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئىدرىس
تەھرىرى: ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر
كوررېكتورى: س. كۆكتۇغ
بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن.............................................................................5
ئاپتوردىن ئىككى كەلىمە.......................................................................7
كىرىش سۆز..............................................................................9

**بىرىنچى باب**

ئىسلام ئۇممىتى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە موھتاج .........................14

**ئىككىنچى باب**

بۇ تېمىنىڭ باشقا تېمىدىكى فىقھىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.................................25

**ئۈچىنچى باب**

ساندىن سۈپەت مۇھىم...........................................................................35

**تۆتىنچى باب**

ئىلىم ۋە تەپەككۇر ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك.........................................47

**بەشىنچى باب**

پەتىۋا ۋە دەۋەت ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك...................................65

**ئالتىنچى باب**

ئەمەلىي ھەرىكەت ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك..........................................79

**يەتتىنچى باب**

ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشتا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك...........................99

**سەككىزىنچى باب**

ئىلاھىي چەكلىمىلەرنى تەرك ئېتىشتە ئاۋۋال نېمىدىن باشلاش كېرەك.........................119

**توققۇزىنچى باب**

ئىسلاھات ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك................................................163

**ئونىنچى باب**

مىراسلىرىمىزدىكى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك چۈشەنچىسى...................................183

**ئون بىرىنچى باب**

يېقىنقى زاماندىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى...........................................................................................207

# تەرجىماندىن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب دەۋرىمىزدىكى يېتۈك ئالىم، فەقىھ، مۇجتەھىد، دوكتور يۈسۈف قەرزاۋىينىڭ: «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى.

دەرۋەقە، ھاياتتا ئىنسانلار مەيلى قانداق ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان پائالىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت ئىش قىلىشلا ئەمەس، بەلكى قايسى ئىشنى قىلىش، قانداق قىلىش، قاچان قىلىش مەسىلىسىدۇر. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش؛ قىلماقچى بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپىنى بىلىش قىلغۇچىدىكى سالاھىيەتنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى بولۇپ، مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا يېتەرلىك سەۋىيە ۋە شۇنىڭغا سۇغدىشىپ كەلگەن سالاھىيەت شۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى.

دۇرۇس، «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» مەسىلىسى ھازىر دۇنياۋى بىر مەسىلىگە ئايلاندى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئاۋۋال نېمە قىلىش، ۋاقىتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، ھاياتنى قانداق پايدىلىنىش» توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان ئېتىقاد ۋە ئوخشىمىغان قىممەتقاراش مەيكۈرلىرى ئاساسىدا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەنمۇ بولدى. مۇئەللىپ بۇ كىتابتا «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» مەسىلىسىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىلمىي پاكىتلار ئاساسىدا جاۋاب بەرگەن بولۇپ، بۇ جاۋابلار بىزگە ئۆزاقتىن بۇيان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى قىيناپ كېلىۋاتقان، چارىسىز تاشلىنىپ قېلىۋاتقان، ھەل قىلىش ياكى توغرا ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇلمىغان بىر تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كاللىمىزدا ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇشىمىزغا ۋە ئىزچىل تۈردە نىشانىمىزغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ؛ يېتىلەش خاراكتېرلىك يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزاق مەزگىللىك گۆڭگا ھاياتى ۋە ئېسەنكىرەشلىرىگە خاتىمە بېرىشىگە ھەسسە قوشىدۇ.

ناۋادا بىر خەلق ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلىرىنى توغرا بايقاپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تونۇپ، كەلگۈسى ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قارىيالايدىغانلا بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئېغىر ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتىشىگە زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ. بۇ كىتابتا مۇئەللىپ ئەنە شۇنداق ئەۋزەللىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ كۆرسەتمىلەردە بىزنىڭ «ھازىر نېمە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن مەسىلىمىزگە بىر قەدەر مۇھىم يورۇتۇشلار بېرىلگەن.

ئۆزى ئۈمىد قىلغان ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن خىيال قىلىش، ھەۋەس قىلىش ياكى بىر قانچە ئادەمنىڭ تاسادىپىي ئۆچرىشىپ قالغىنىدا بۇ ھەقتىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنداق گۈزەل تەسەۋۋۇرلاردىن پەقەت خىيالىي دۇنيالا ھاسىل بولىدۇ، ئىنسان ھامان خىيالدا

ئەمەس رېئاللىقتا ياشايدۇ، رېئاللىق خىيالىي دۇنيادىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئۇممەتنىڭ ئومۇمىي مەسىلىسى شەخسىي مەسىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلمىگىچە؛ ئۇممەت مەسىلىسىگە ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلار بۇ مەسىلىنى ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى دەپ قارىمىغىچە؛ قولى ئىشتىن بوشىغاندا يېنىچە يېتىۋېلىپ ئۇممەتنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار تىك تۇرۇشنى ئۆگەنمىگىچە پارلاق كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ﷲنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بۇ كىتاب دىيارىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئەمدىكى مەسىلە كىتابنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنى مۇلاھىزە قىلالىشى، باشقىلارغا يەتكۈزەلىشى، قولىمىزدىكى بۇ كومپاسنىڭ ئىسترېلكىسىغا قاراپ يۈزلىنىشلىرىمىزنى توغرىلالىشى.

ئوقۇرمەنلەردىكى ئوقۇش ئېغىزنىڭ ھەرىكەتلا بولۇپ قالسا، ئېغىز ھەرىكەتلىرىگە يۈرەك سوقۇشلىرى ماس ھالدا تەڭكەش قىلمىسا، يۈرەك سوقۇشلىرىغا پۈتۈن ئەزالىرى ئاۋاز قوشمىسا... دېمەك، بۇ ئەھۋالدا كىتاب قىيامەت كۈنى يەنىلا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ.

بەرھەق، «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» مەسىلىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر كىشىگە ناھايىتى مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. خۇسۇسەن مۇسۇلمان ئۇممىتى بۈگۈنكىدەك قەدىرسىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان؛ يۈزلىنىشلىرىدە، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىدە قالايمىقانچىلىق، ئىختىلاپ ئېغىرلاشقان بىر شارائىتتا «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» ساداسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى پارتلاش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز قۇرئان ۋە ھەدىسلەر نۇرى ۋە بۇ توغرا چۈشەنچىلەر يېتەكچىلىكىدە ئۆزىمىزدىكى ئەۋزەللىكلەرنى توغرا بايقاپ ۋە ئۇ تەرەپلەرنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ؛ يېتەرسىز تەرەپلىرىمىزنى ھېس قىلىپ ۋە كۈنسېرى تولۇقلاپ، دىننى ﷲ نازىل قىلغان ئەسلىي مۇددىئا بويىچە چۈشىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشنى ﷲتىن سورايمىز.

# ئاپتوردىن ئىككى كەلىمە

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

جېمى ھەمدۇ ـ سانا الله تائالاغا خاستۇركى، ئۇنىڭ نېئمىتى بىلەن ياخشى ئىشلار ۋايىغا يېتىدۇ. الله بىزنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلدى، الله مۇۋەپپەق قىلمىغان بولسا، بىز ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولالمايتتۇق. اللهنىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن؛ پېشۋايىمىز، يولباشچىمىز، ئۇلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ياخشىلىق قىلىشتا تا قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىغان بىر تېمىدا توختالدىم. بۇ تېما شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇنىڭدا شەرىئەت ئەمەللىرىنىڭ رەت ـ تەرتىپ ئۆلچەملىرىدىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ؛ «شەرىئەت ئەمەللىرىنىڭ قايسىلىرى ئاۋۋال بەجا كەلتۈرۈلىدۇ، قايسىلىرى كېيىن بەجا كەلتۈرۈلىدۇ، قايسىلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا، قايسىلىرى كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىلاھىي ئەمر ـ پەرمانلارنىڭ رەت ـ تەرتىپى قانداق بولىدۇ» مەسىلىسى تەتقىق قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا ئىلاھىي ئەمر ـ پەرمانلارنىڭ رەت ـ تەرتىپى مەسىلىسىدە ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەن بۈگۈنكىدەك شارائىتتا بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

مەن بۇرۇن بۇ تېمىغا: «ئەمەللەرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى چۈشىنىش» دەپ ماۋزۇ قويغان ئىدىم. كېيىنچە ئۇنى ئۆزگەرتىپ: «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندىم. چۈنكى كېيىنكى ئاتالغۇ بۇرۇنقىسىدىن ئاممىباپراق بولۇپ، تېمىنىڭ مەزمۇنىغا بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدىكەن.

بۇ كىتاب: «شەرىئەت ئەمەللىرىنىڭ قايسىلىرىنى ئاۋۋال بەجا كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن تېمىنى دەلىل ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان. بۇ كىتاب ئىدىيىنى تۈزىتىشكە، مېتودنى توغرىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە بۇ ساھەدىكى نەزەرىيە يېتەكچىلىرى بۇ كىتابتىن ئىلھام ئېلىپ، شەرىئەت ئەمەللىرىنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسىكەن دەيمەن. بۇ كىتاب يەنە ئوڭچىل ۋە سولچىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئوڭچىللىق ۋە سولچىللىقلىرىغا چەك قويۇپ، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرسا ئەجەب ئەمەس.

بۇ كىتابنى مەزكۇر تېمىدىكى مۇكەممەل تەتقىقات دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ بىر يول ئېچىش خالاس. «تىرىشقان تاپار» دەيدىغان گەپ بار. الله بۇ تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق

يورۇتۇپ بېرىدىغان كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە ئەجەپ ئەمەس.

مەن سۆزۈمنى اللەنىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا نەقىل قىلىنغان مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: ﴿إِنْ أُرِيدُ إِلاَّ الإِصْلاَحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلاَّ بِاللهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾ [مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت اللەنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اللەقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يېلىنىمەن][1].

كەمىنە يۈسۈف قەرزاۋى

ھىجرى 1415 ـ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيى

(مىلادى 1994 ـ يىل سېنتەبىر)

دۇھا ـ قاتار

[1] سۈرە ھۇد، 88 – ئايەت.

# كىرىش سۆز

«ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك؟» بۇ، ھازىر بىزگە چۈشىنىش مۇھىم بولۇۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى، مەن بۇنى بىر قانچە كىتابلىرىمدا ئەسكەرتكەن، مەن بۇرۇن بۇ تېمىغا: «ئەمەللەرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى چۈشىنىش» دەپ ماۋزۇ قويغان، خۇسۇسەن: «ئىنكارچىلىق بىلەن تەرەپبازلىق ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» ناملىق كىتابىمدا شۇنداق قىلغان.

مەزكۇر تېمىنىڭ مەقستى: ھەرقانداق ھۆكۈم، قىممەتقاراش ۋە ئەمەللەرنى ئۆز دەرىجىسىدە تونۇشنى؛ ئەڭ مۇھىمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا شەرىئەتنىڭ توغرا ئۆلچەملىرى، ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئەقلىنىڭ نۇرى ئاساس قىلىنىدۇ.

﴿وَالسَّمَاءَ رَفَعَهَا وَوَضَعَ الْمِيزَانَ أَلَّا تَطْغَوْا فِي الْمِيزَانِ وَأَقِيمُوا الْوَزْنَ بِالْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا الْمِيزَانَ﴾ [اللە ئاسماننى ئېگىز ياراتتى، ئۆلچەمنى بىكىتتى، ئۆلچەمنى بۇزماڭلار، ئۆلچەمنى توغرا قوللىنىڭلار، جىنىڭ ـ تارازىدا كەم بەرمەڭلار][1] . اللە بۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك، ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ، ئۆلچەم بويىچە بولغاندا ھەرقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تاپىدۇ، ئىلگىرى بولۇشقا تېگىشلىكى ئىلگىرى بولىدۇ، كېيىن بولۇشقا تېگىشلىكى كېيىن بولىدۇ، چوڭى كىچىك، كىچىكى چوڭ بولۇپ قالمايدۇ. مۇھىم بولمىغىنىنى مۇھىمنىڭ ئالدىغا، مۇھىم ئەڭ مۇھىمنىڭ ئالدىغا، ئاجىزى كۈچلۈكنىڭ ئالدىغا، ئەۋزەل بولمىغىنى ئەۋزەلنىڭ ياكى ئەڭ ئەۋزىلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ.

شەرىئەت ئۆلچىمىدە قىممەت قاراشلار، ھۆكۈملەر ۋە ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولماستىن، بەلكى ئۆزئارا ناھايىتى پەرقلىق بولىدۇ، بەزىلىرى چوڭ ۋە بەزىلىرى كىچىك بولىدۇ، بەزىلىرى يىلتىز، بەزىلىرى شاخ بولىدۇ، بەزىلىرى ئاساس، بەزىلىرى تولۇقلىما بولىدۇ، بەزىلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا ۋە بەزىلىرى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىلىرى يۇقىرى، بەزىلىرى تۆۋەن، بەزىلىرى ئەۋزەل، بەزىلىرى نورمال بولىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىدە بۇ مەسىلە ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان: ﴿ أ جَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللهِ وَاللهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ [سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللەقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللەنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب

[1] سۈرە راھمان، 7 ـ، 8 – ۋە 9 – ئايەتلەر.

تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر] [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى "لا إله إلا الله" "لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ" دەپ شاھادەت ئېيتىش، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، يولدىكى يۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر» [2].

ساھابىلەر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك»لىكىنى بىلىشكە ناھايىتىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق اللهقا يېقىنلاشماقچى بولاتتى.

شۇڭا ئۇلار الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر ۋە ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەر توغرىسىدا كۆپ سوئال سورايتتى، شۇ ۋەجىدىن ھەدىسلەردە «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى... ئەمەللەرنىڭ اللهقا ئەڭ سۆيۈملىكى...» دېگەندەك ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «تېنىڭ ساغلام، مال ـ دۇنياغا ئامراق بولغان، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ھالىتىڭدە قىلغان سەدىقەڭ ئەڭ ئەۋزەل سەدىقىدۇر»؛ «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم باشلىق ئالدىدا ھەق سۆزلەشتۇر»؛ «ئەمەللەرنىڭ اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈكراقى گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۇزۇن داۋام قىلغان ئەمەلدۇر».

مەن بۇ جايدا بىر ھەدىسنى سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمەن: ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! ئىسلام دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئىسلام دېگەن ئىدىيەڭ ۋە ئەمەلىي جەھەتتە اللهقا چىن قەلبتىن بويسۇنۇشتۇر، ـ دېدى.
- ئىسلامنىڭ قايسى يېرى ئەڭ ئەۋزەل؟
- ئىمان
- ئىمان دېگەن نېمە؟
- اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىشتۇر.
- ئىماندىن قالىسچۇ؟
- ھىجرەت.
- ھىجرەت دېگەن نېمە؟
- يامان ئىش قىلماسلىق.
- ھىجرەتتىن قالىسچۇ؟
- جىھاد.

---

[1] سۈرە تەۋبە، 19 – ۋە 20 – ئايەتلەر.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

- جىھاد دېگەن نېمە؟
- جىھاد دېگەن، كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتۇر.
- قانداق جىھاد ئەڭ ئەۋزەل؟
- بارلىقىنى قۇربان قىلغان كىشىنىڭ جىھادى ئەڭ ئەۋزەلدۇر[1].

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەن كىشىلەرگە شۇنىسى ئايان بولىدۇكى، قۇرئان ۋە ھەدىس بىزگە اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەرنى، قىممەت قاراشلىرنى بايان قىلىپ بەرگەن؛ ئەمەللەرنىڭ دەرىجە پەرقىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر بۆلۈك ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ بەرگەن. بەزى ھەدىسلەر ئەمەللەرنىڭ دەرىجە پەرقىنى كونكرېت بايان قىلغان. مەسىلەن: «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازغا قارىغاندا يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ»[2]؛ «بىر تەڭگە سەرپ قىلغانىنىڭ ساۋابى يۈز مىڭ تەڭگە سەرپ قىلغانىنىڭ ساۋابىنى بېسىپ چۈشتى». ھەدىسنىڭ داۋامى مۇنداق: بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئىككى تەڭگىلا پۇلى بولسا، ئۇ بىر تەڭگىسىنى سەدىقە قىلسا؛ يەنە بىر ئادەمنىڭ ھېسابسىز مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇ يۈزمىڭ تەڭگە سەدىقە قىلسا، (بىر تەڭگە سەدىقە قىلغان ئادەم ئومۇمى مۈلكىنىڭ يېرىمىنى سەدىقە قىلغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ھېلىقى يۈز مىڭ تەڭگە سەدىقە قىلغان ئادەمنى ساۋاب جەھەتتە بېسىپ چۈشىدۇ)[3]؛ «بىر كېچە ـ كۈندۈز جىھادقا تەييارلىق قىلىش پۈتۈن بىر ئاينى كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەندىن ياخشى»[4]؛ «بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا جىھادتا تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆيىدە يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغىنىدىن ئارتۇقتۇر»[5].

يامان ئەمەللەرنىڭ دەرىجە پەرقى ۋە يامان ئەمەللەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىرىمۇ قۇرئان ۋە ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنغان. بەزى ھەدىسلەر يامان ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسىنى كونكرېت بايان قىلغان. مەسىلەن: «بىر تەڭگە جازانىنى بىلىپ تۇرۇپ يېيىش 36 قېتىم زىنا قىلغاندىنمۇ ئېغىرراق گۇناھتۇر»[6].

بەزى ھەدىسلەردە ئەڭ يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇلغان: «ئىنساندىكى ئەڭ ناچار (تەبىئەت) ئادەتتىن تاشقىرى بېخىللىق ۋە زىيادە قورقۇنچاقلىقتۇر»[7]؛ «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى شۇنداق ئادەمكى، اللهنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورالسا، ئۇ بەرمەيدۇ»[8]؛

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[4] ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[5] تىرمىزى، ھاكىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[6] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[7] بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[8] ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ھەببان ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

«ئۇممىتىمنىڭ يامانلىرى ۋالاقتەككۇر، پوچى، تەكەببۇر ئادەملەردۇر. ئۇممىتىمنىڭ ياخشىلىرى ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرىدۇر»[1] ؛ «ئەڭ يامان ئوغرى ناماز ئوغرىسى، يەنى رۇكۇ ـ سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدىغان ئادەمدۇر»[2] ؛ «ئەڭ بېخىل ئادەم سالامغا بېخىللىق قىلغان ئادەمدۇر».

قۇرئان كەرىمدىمۇ ئادەملەر ئەسلى ئىنسانلىقتا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن دەرىجىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، بەلكى ئىلىم ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ بىر ـ بىرىدىن زور پەرقلىنىدىغانلىقى بايان قىلىندى: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ﴾ [ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللە دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)][3] ؛ ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ [ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟» پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ][4] ؛ ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ [مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار، اللە يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. اللە ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللە جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى. اللە (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر][5] ؛ ﴿وَمَا يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ وَلَا الظُّلُمَاتُ وَلَا النُّورُ وَلَا الظِّلُّ وَلَا الْحَرُورُ وَمَا يَسْتَوِي الْأَحْيَاءُ وَلَا الْأَمْوَاتُ﴾ [كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۇئمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ھۇجۇرات، 13 – ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 9 – ئايەت.
[5] سۈرە نىسا، 95 – ۋە 96 – ئايەتلەر.

مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ][1] ؛ ﴿ثُمَّ أَوْرَثْنَا الْكِتَابَ الَّذِينَ اصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِنَفْسِهِ وَمِنْهُمْ مُقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيرُ﴾ [ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا هالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللهنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر][2] .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئەمەللەر پەرقلەنگەنگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭمۇ دەرىجىلىرى پەرقلىنىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ پەرقلىنىشى باشقا نەرسە بىلەن ئەمەس، پەقەت ئىلىم ۋە ئەمەل، تەقۋالىق ۋە جىهاد بىلەن بولىدۇ.



[1] سۈرە فاتىر، 19 – دىن 22 – ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فاتىر، 32 – ئايەت.

# بىرىنچى باب

# ئىسلام ئۈممىتى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە موھتاج

## ئۆلچەمنىڭ بۇزۇلغانلىقى

تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نەزەر ئاغدۇرغان كىشى تۇرمۇشىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋىي، ئىدىيىۋىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە باشقا تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەللەرنىڭ رەت ـ تەرتىپ ئۆلچىمىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەللەرنىڭ رەت ـ تەرتىپ ئۆلچىمى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. مەسىلەن: سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى دائىم مائارىپنىڭ ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان. خۇددى ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلىك پەقەت ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغىلا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلىك بولىدىغاندەكلا، ياشلار پائالىيىتىدە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەقلىي چېنىقتۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان. ئادەم جىسمانىيىتى بىلەنلا ياكى ئەقلى ۋە روھىيىتى بىلەنلا ئادەم بولالامدۇ؟! بىز ئەبۇل پەتھىل بۇستىنىنىڭ مەشھۇر قەسىدىسىدىكى مۇنۇ بېيىتلەرنى خېلى زامانلاردىن بېرى يادلاپ كېلىۋاتىمىز:

قاچانغىچە ياشايسەن جىسمىڭ ئۈچۈن جاھاندا،  
مىغ ـ مىغ زىيان ئىچىدىن تاپالامسەن بىر پايدا،  
كېرەك سېنىڭ تاپمىقىڭ خىسلەت بىلەن روھىڭنى،  
روھسىز جەسەت ئادەم دەپ ئاتالغىنى بار قايدا؟!

بۇستىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىر زۇھەير ئىبنى ئەبىي سەلمانىڭ مۇئەللەقەسىدىكى[①] مۇنۇ بېيىتنىمۇ يادلىغانىدۇق:

ئادەم ئۇ ھاۋالە تىل ۋە يۈرەككە،  
ئۇنىڭسىز قامەتلەر كەلمەس كېرەككە.

لېكىن ھازىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ جىسمانىيىتى بىلەنلا ئادەم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىل[②] يازدا «بازارغا سېلىنغان» بىر تەنھەرىكەتچىنىڭ داۋرىگى پۈتۈن مىسىرنى بىر ئالدى. مۇسابىقە

① مۇئەللەقە: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەڭ ئېسىل دەپ قارالغان قەسىدىلەر ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپ، كەئبىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلاتتى، شۇنداق ئېسىلغان قەسىدىلەر «مۇئەللەقە» دەپ ئاتىلاتتى (ت).

② 1993 ـ يىلنى دېمەكچى – ت.

كۆلۈبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باھا تالىشىشتا بۇ تەنھەرىكەتچىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ چارەك كەم بىر مىليون جۇنەيەكە چىقتىغۇ؟! ئۇلار تەنھەرىكەتنىڭ ھەممە تۈرىگە، بولۇپمۇ ئاۋام خەلق كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نەپ ئالىدىغان تۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلسىغۇ مەيلى ئىدى، بىراق ئۇلار پەقەت بىر قانچە ئادەم ئوينىسا، قالغانلار تاماشا كۆرىدىغان مۇسابىقە تەنھەرىكىتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، پۈتبول مۇسابىقىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئالىملار، ئەدىبلەر، مۇتەپەككۇرلار، دەۋەتچىلەر جەمئىيەتتە ئالقىشلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارغا چولپان دېگەندەك شەرەپلىك ناملارمۇ نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. ئەمما ئاتالمىش سەنئەتچى، پۈتبولچى دېگەندەكلەر چولپان ئاتىلىپ شۆھرەت قازانماقتا. گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردىمۇ پەقەت شۇلارنىڭلا داۋرىڭى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش قەھرىمانلىقلىرى ۋە تەۋەككۇلچىلىقلىرى كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە، پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىمۇ خەۋەر قىلىنماقتا. ئەمما باشقىلار بولۇق ـ پۇچقاقلاردا بويۇن قىسىپ قالماقتا، بەلكى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلماقتا. بىرەر سەنئەتچى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن پۈتۈن دۇنيا لەرزىگە كەلمەكتە، گېزىت بەتلىرى بۇ توغرىدىكى خەۋەرلەر بىلەن توشۇپ كەتمەكتە. ئەمما بىرەر ئالىم ياكى ئەدىب ۋە ياكى چوڭ ئۇستازلار ۋاپات بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىتىلماقتا!

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلارغا كەلسەك: تەنتەربىيەگە، سەنئەتكە، تەشۋىقاتقا، نامدا «دۆلەت بىخەتەرلىكى»گە، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمدارلار بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىلماقتا، ھېچكىم بۇنىڭغا قارشى تۇرالمىدى ياكى «نېمە ئۇچۇن شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئېتىراز بىلدۈرەلمىدى. مائارىپ، سەھىيە، دىن ۋە ئۆل ـ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى مەبلەغ قىسىنچىلىقىدىن قاقشىماقتا، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىشقا پۇل تاپالمايۋاتقانلىقىدىن زارلانماقتا. «كىيگەنلەر قوش پايپاق، كىيمىگەنلەر قوڭالتاق» دېگەندەك ئىش بولماقتا. ئىبنى مۇقەففەئ قەدىم زاماندا ئېيتقان مۇنۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي رېئال كۆرۈنۈشى كۆز ئوڭىمىزدا ئايان بولماقتا: «قەيەردە ئىسراپخورلۇق بولىدىكەن، شۇ يەردە كىشى ھەققىنىڭ زايا بولغانلىقىنى كۆردۈم».

## ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە زامانىمىزدىكى

## دىيانەتلىكلەرمۇ خاتالاشتى

زامانىمىزدا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە پەقەت ئادەتتىكى مۇسۇلمان ئاممىسى ياكى ئازغان مۇسۇلمانلارلا خاتالىشىپ قالماستىن، بەلكى دىيانەتلىكلەرمۇ خاتالاشماقتا. بۇنىڭغا توغرا چۈشەنچە ۋە ھەقىقىي ئىلىمنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولماقتا.

ھەقىقىي ئىلىم بولغاندىلا، ساۋابى چوڭ ئەمەلنى ساۋابى كىچىك ئەمەلدىن، پەزىلەتلىك ئەمەلنى پەزىلەتسىز ئەمەلدىن، توغرىنى خاتادىن، سۈننەتنى بىدئەتتىن، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى

قوبۇل بولمايدىغان ئەمەلدىن ئايرىغىلى، ھەرقانداق ئەمەلنىڭ شەرىئەت ئۆلچىمىدىكى قىممىتىنى ۋە دەرىجىسىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىلىمنىڭ نۇرىدىن ۋە توغرا چۈشەنچىدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئەمەللەرنىڭ چەك ـ چېگرىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئايرىيالمايدۇ ياكى ئەمەللەرگە شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلالمايدۇ ـ دە، ئۆڭچىلىق ياكى سولچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دىن دىندا چەكتىن ئاشۇرىۋەتكۈچىلەر ۋە ئۆلچەمگە يەتمىگۈچىلەر قولىدا نابۇت بولىدۇ. بۇنداقلار گەرچە دىنغا ئىخلاس قىلسىمۇ، ساۋابى كىچىك ئىشنى قىلىمەن دەپ ساۋابى چوڭ ئىشنى تاشلاپ قويىدۇ ـ دە، تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

مەلۇم بىر ۋاقىتتا ساۋابى چوڭ بولغان بىر ئەمەلنىڭ يەنە بىر ۋاقىتقا كەلگەندە ساۋابى كىچىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بىلىمى ئاز، چۈشەنچىسى تۆۋەن كىشىلەر ئىككى ۋاقىتنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، ئىككى ھالەتنى ئايرىيالمايدۇ.

قارىسام، ياخشى نىيەتلىك بەزى مۇسۇلمانلار مەسجىد شۇنچە تولا يەرلەرگە يەنە مەسجىد سالغىلى تۇرۇپتۇ، بەزى مەسجىدلەرگە مىليونلاپ پۇل خەجلەۋېتىپتۇ. مۇشۇ پۇللارنى ياكى ئۇنىڭ يېرىمىنى ۋە ياكى ئازغىنە بىر قىسمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىغا ياكى دىنسىزلىققا قارشى تۇرۇشقا ياكى دىنىي خىزمەتلەرنى كۆچەيتىشكە ياكى ئادەم كۈچى تاپالىسىمۇ، ئەمما ئىقتىساد تاپالمايدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ھېچكىم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ماددىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇنۇمگە ئىشەنچ قىلغان بىلەن مەنىۋىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇنۇمگە ئىشەنچ قىلمايدۇ.

قارىسام، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە كۆپلىگەن مۇسۇلمان بايلار نەپلە ھەجگە بېرىشقا ناھايىتى ئامراق ئىكەن، ئۇلار تېخى كۆپىنچە ھاللاردا نەپلە ھەج بىلەن قوشۇپ رامىزاندا ئۆمرىمۇ قىلىشىدىكەن، بۇنىڭغا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىكەن. گاھىدا تېخى الله ھەج ۋە ئۆمرىگە تەكلىپ قىلمىغان كەمبەغەللەرنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ چىقىمىنىمۇ قىلىپ بېرىدىكەن. ئەمدى سىز ئۇلاردىن مۇشۇ بىر يىللىق نەپلە ھەج چىقىملىرىنى پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارغا، بوسنىيەدىكى سىربلارغا قارشى تۇرۇشقا؛ ياكى ھىندىنوزىيىدىكى، بېنگالدىكى ۋە ياكى باشقا ئەللەردىكى ناسارالاشتۇرۇشنى توسۇشقا؛ ياكى دەۋەت مەركىزى قۇرۇشقا؛ ياكى مەخسۇس دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى جابدۇشقا؛ ياكى پايدىلىق ئىسلامىي كىتابلارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، تارقىتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ، چوڭچىلىق قىلىپ بۇ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە جىھاد تۈرىدىكى ئەمەللەرنىڭ ھەج تۈرىدىكى ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان: **[أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللهِ لاَ يَسْتَوُونَ عِندَ اللهِ وَاللهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ]** [سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله يولىدا

جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللهنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ] [1].

ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ھەج ۋە ئۆمرىلىرى نەپلە ئەمەللەر جۈملىسىدىن. ئەمما كاپىرلىقى، دىنسىزلىقى، ئەخلاقسىزلىقى، سكولارىزمغا ۋە بۇلارنى يۆلەۋاتقان ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي پەرزدۇر.

ئىككى يىل ئىلگىرى ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا مەشھۇر مۇسۇلمان يازغۇچى، قەدىرلىك ئۇستاز فەھمىي ھۇۋەيدى سەيشەنبە كۈنلىرى نەشىردىن چىقىدىغان ھەپتىلىك ماقالىسىدا مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «بوسنىيەنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەج پەرزىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ».

بۇ ماقالىنى ئوقۇغان نۇرغۇن كىشى مەندىن:

- بۇ سۆز شەرىئەت ۋە فىقھى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قانچىلىك توغرا؟ - دەپ سوراشتى. مەن ئۇلارغا شۇ چاغدا مۇنداق دېدىم:

- يازغۇچىنىڭ بۇ سۆزى فىقھى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يوللۇق، توغرا ئېيتىلغان سۆز. چۈنكى، شەرىئەتتە مۇنداق قائىدە بار: دەرھال ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزلەر كېچىكىپ ئىجرا قىلىسمۇ بولىدىغان پەرزلەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەج پەرزىنى بەزى ئىماملارنىڭ قارىشىچە كېچىكىپ ئىجرا قىلىسمۇ بولىدۇ. بوسنىيەلىكلەرنى ئاچارچىلىقتىن، سوغۇقتىن، كېسەللىكتىن، كوللېكتىپ قىرغىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىش دەرھال ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان پەرز، پۈتۈن ئىسلامىي ئۈممەتنىڭ نۆۋەتتىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

ھەج قىلىش، ھەج مەۋسۇمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ھەم پەرز، بۇنىڭدا تالاش - تارتىش يوق. لېكىن بۇ پەرز ئىككى ھەرەمدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپ چىقىم تارتماي ھەج قىلالايدىغانلار بىلەنمۇ ئورۇندىلىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇستاز فەھمى ھۇۋەيدىنىڭ تەشەببۇسنى ئورۇنداشتا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ھاجەت چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ھەج مەۋسۇمدە قىستاڭچىلىق پەيدا قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇن ھەج قىلىپ بولغانلار، ھەج پەرزى گەدىنىدىن ساقىت بولغانلار. بۇرۇن ھەج قىلمىغانلار ئومۇمى ھاجىلارنىڭ 15%نىمۇ تەشكىل قىلالمايدۇ، تەخمىنەن ئىككى مىليون ئادەم ھەجگە بارغان بولسا، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قېتىم ھەجگە كەلگەنلەر ئۈچيۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

ئاتالمىش مەدەنىيەتلىك دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ

---

[1] سۈرە تەۋبە، 19 – ۋە 20 – ئايەتلەر.

تۇرۇپمۇ مىت قىلىپ قويمايۋاتىدۇ. چۈنكى، ھازىر ھەقىقەتچىلەرنىڭ ھەققانىيلىقى ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەرنىڭ كۈچى غالىب ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھاجىلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگەللىگەن شۇ نەپلە ھەج قىلغۇچىلار، يىل بويى، بولۇپمۇ رامىزاندا ئۆمرە قىلغۇچىلار ھەج ۋە ئۆمرىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇنىڭ چىقىمىنى اللە يولىدا بەرسىچۇ؟! ماددىي ۋە مەنىۋىي ھالاكەتكە دۇچار بولۇۋاتقان، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا ئۇچراۋاتقان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇۋالسىچۇ؟!

مىسىر، قاتار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئارال دۆلەتلىرىدە بەزى ياخشى نىيەتلىك، دىيانەتلىك مۇسۇلمانلارنى تونۇيمەن، ئۇلار ھەر يىلى ھەج قىلىشقا بەكمۇ ھېرىسمەن. ئۇلارنىڭ گاھىلىرى قىرىق يىلدىن بېرى ئۇدا ھەج قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر، ھەم شېرىكلىرى بىلەن توپلىشىپ بارىدۇ، بەزىدە بىرەر يۈز ئادەم بولۇپ كېتىدۇ. مەن بىر يىلى بۇ ياخشى نىيەتلىك قېرىنداشلىرىمغا ئۆزەمنىڭ ھىندونوزىيەنىڭ لىتىۋا دېگەن يېرىگە بارغانلىقىمنى، ئۇ يەردە ناسارالاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ، مىدىتسىنا، ئىجتىمائىي ئىشلار... قاتارلىق جەھەتلەردە ناسارالاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرىغا ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدىم : "بۇ يىل ھەج قىلىش نىيىتىڭلاردىن يېنىپ، ھەجنىڭ چىقىمىنى ناسارالاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا سەرپ ئەتسەڭلار قانداق؟ يۈز ئادەمنىڭ ھەر بىرىڭلار 10مىڭ جۈنەيھتىن چىقىم قىلساڭلار، بىر مىليون جۈنەيھ پۇل بولىدىكەن، بۇ پۇل چوڭ بىر ئىشنىڭ يادروسى بولالايدۇ، بىز بۇ ئىشنى باشلىساق، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرسەك، باشقىلار بىزگە ئەگىشىشى مۇمكىن، بىزمۇ ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىپ قالساق ئەجەپ ئەمەس». ئەپسۇس، قېرىنداشلار مۇنداق دېدى: «ھەر يىلى ھەج ئېيى يېتىپ كەلسە، ھەجنى سېغىنىپ تۇرالماي قالىدىكەنمىز، روھىمىز ھەرەمگە قاراپ پەرۋاز قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، ھەجگە قاتناشساق، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىمىز». بۇنى ئاڭلاپ يىراق ئۆتمۈشتە بىر كىشىنىڭ بىشرى ھافىيغا دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم[①].

ناۋادا بۇ ھاجىلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسى توغرا بولغان بولسا، ئىماندا راستچىل بولغان بولسا، ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، ئۇلار ھەج چىقىملىرىنى ئىسلامنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتەلەيتتى؛ يېتىم—يېسىرلارنى باقىدىغان، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىدىغان، ئۆي ـ ماكانسىزلارنى ماكانلاشتۇرىدىغان، كېسەللەرنى داۋالايدىغان، بىلىمسىزلەرگە بىلىم بېرىدىغان، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلالايتتى؛ شۇنداق قىلغانسېرى ھەج قىلىشتا ھېس قىلغاندىن بەكرەك بەخت تۇيغۇسىغا چۆمەتتى، روھىيىتى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

قارىسام، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مېدىتسىنا، گېئومېترىيە، ئاگرونومىيە، تىل ـ ئەدەبىيات قاتارلىق

---

[①] بىر كىشى مەشھۇر زاھىد بىشر ھافىيغا: بەزى ئادەملەر رامىزاندا اللەقا راسا ئىبادەت قىلىدىكەن، روزا چىقىپ كەتسە، ئىبادەتنى تاشلاپ قويىدىكەن، ـ دېگەنىكەن، بىشرى ھافىي مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: اللەنى پەقەت رامىزاندىلا تونۇيدىغان ئادەملەرنى ياخشى ئادەم دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىبادەتنى مەلۇم بىر كۈنگىلا باغلىۋالغانمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ (ئائىشە): ياق، رەسۇلۇللاھ دائىم ئوخشاش ئىبادەت قىلاتتى، _ دەپ جاۋاب بەرگەن.

نەزەرىۋىي ۋە ئەمەلىي فاكۇلتېتلىرىدا لاياقەتلىك، ئەلا ئوقۇۋاتقان دىيانەتلىك ياشلار پۈتۈن كۈن دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى باھانە قىلىپ ئوقۇشىنى تاشلاپتۇ، ئۇلار مەكتەپتىن ئايرىلغىنىغا قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيدىكەن. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىسلىشىشى پەرز كۇپايىلەر جۈملىسىدىن ئىدى، بۇ پەرز كۇپايىلەرنى قىلىشقا ئادەم چىقمىسا، پۈتۈن ئۈممەت گۇناھكار بولاتتى. ئۇلار ئۆز ئىشىنى دۇرۇس نىيەت بىلەن پۇختا ئادا قىلغان بولسا، اللەنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن بولسا، شۇ ئىشلىرىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايتتى ئەمەسمۇ؟! ناۋادا ھەممە مۇسۇلمان كەسپىنى تاشلىۋەتسە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى كىم قوغدايدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ ساھابىلەر ھەرخىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، رەسۇلۇللاھ ھېچكىمدىن پۈتۈن كۈن دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن كەسپىنى تاشلاشنى تەلەپ قىلمىغان ئىدى، ھەممە ئادەم ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرگەن ئىدى، ھىجرەتتىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىدى. جىھادقا چاقىرىلغاندا، جىھادقا چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىنغاندا بولسا، ئۇلار ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى مال ـ جانلىرىنى اللە يولىغا پىدا قىلىپ جىھادقا چىقاتتى.

ئىمام غەزالىي ئۆز زامانىسىدا مۇسۇلمانلار يۇرتىدا يەھۇدىي ۋە ناسارا تېۋىپتىن باشقا تېۋىپ بولمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ داۋالىنىشى كاپىر تېۋىپنىڭ قولىغا قالغان، مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى ۋە جان يەرلىرى كاپىر تېۋىپلانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان، روزىدار ئىپتار قىلغۇدەك كېسەلمۇ، ياردارنىڭ يارىسى تەيەممۇم قىلغۇدەك ئېغىرمۇ دېگەندەك شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە كاپىر تېۋىپنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىقھى ئۆگىنىشكىلا يۈزلەنگەنلىكىنى توغرا تاپمىغان ئىدى.

قارىسام، يەنە بىر مۇنچە ياشلار كۈندە دېگۈدەك شاخچە مەسىلىلەر ياكى ئىختىلاپى مەسىلىلەردە جاڭجاللىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىدىكەن؛ ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، ئىسلامنى ئۆچ كۆرىدىغان، ئىسلامدىن ئەنسىرەپ، توزاق قۇرۇپ ئۇنى يوقىتىش تەمەسىدە بولۇۋاتقان دىن دۈشمەنلىرى بىلەن زادىلا كارى بولمايدىكەن. تېخى ئامېرىكا، كانادا، ياۋروپا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدە پاناھلىنىۋاتقان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ: “سائەتنى ئوڭ قولىغا سېلىش كېرەكمۇ ياكى سول قولغىمۇ؟ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەننىڭ ئورنىغا ئۇزۇن ئاق كۆينەك كىيىش سۈننەتمۇ ياكى ۋاجىبمۇ؟ ئاياللارنىڭ مەسچىتكە كىرىشى ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟ شىرەدە تاماق يېيىش، تاماق يېگەندە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش، قوشۇق، ۋىلكىلارنى ئىشلىتىش كاپىرلارغا ئۆزىنى ئوخشاتقانلىق بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟” دېگەندىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.

مانا بۇنىڭدەك مەسىلىلەر ۋاقىتنى نابۇت قىلىدۇ، بىرلىكنى بۇزىدۇ، سۈركىلىش پەيدا قىلىدۇ، تىرىشچانلىقنى ۋە جىھادنى زايا قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىلەرگە كۈچ سەرپ قىلغانلىق ھاۋاغا مۇشت ئاتقانلىق ۋە ئۆز قۇيرۇقى بىلەن ئۆزى تالاشقانلىقتۇر.

قارىسام، ئىبادەتگۈي، پەرھىزكار يىگىتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى ياكى دىنىدىن چەتنىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارغا يىرىك، قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۇلار اللە تائالانىڭ گەرچە ئاتا ـ ئانا مۇشرىكلىقىقا ئۈندىسىمۇ، بار كۈچى بىلەن ئىسلام

دىنىدىن ئازدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بالىنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ: [**وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا**] [ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۇرۇشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن][1]. الله مانا بۇ ئايەتتە ئاتا ـ ئانا بالا ـ ۋاقىنى دىنسىزلىققا زورلىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى، چۈنكى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى اللهنىڭ ھەققىدىن باشقا ھەرقانداق ھەقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، شۇڭا الله مۇنداق دەيدۇ: [**أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ**] [(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر][2].

ئاتا ـ ئانا دىنسىزلىققا بۇيرىسا، ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، اللهقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا ھېچقانداق مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلماسلىققا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنىڭغا ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتكەن بىلەن ئاقمايدۇ. الله تائالا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [**وَاتَّقُوا اللهَ الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا**] [سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر][3].

مۇسۇلمانلار چۈشكۈنلىشىش دەۋرلىرىدە بىر مۇنچە پىشكەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسارىتى ھېلىھەم مەۋجۇد. تۆۋەندە ئۇنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئىلىم ـ پەندە، سانائەتتە، ھەربىي ھازىرلىقتا يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇش پەرز كۇپايە ئىدى، بۇ پەرز كۇپايە ئۇممەتنى قەغەز يۈزىدە ئەمەس، ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا قىلالايتتى. فىقھى ھۆكۈملەرنى ئىجتىھاد بىلەن خۇلاسىلەپ چىقىش، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، تولۇق ئەركىنلىك بىلەن سايلام ئېلىپ بېرىپ، كېڭەش بىلەن ھاكىمىيەت قۇرۇش، دىنىدىن چەتنىگەن زالىم پادىشاھلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلار پەرز كۇپايە ئىدى. دىنىنى دۈشمەن تۇتقان پادىشاھقا قارشى چىقىش تېخىمۇ پەرز ئىدى. مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئۇممەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بۇ پەرز كۇپايىلەرگە ناھايىتى زور دەرىجىدە سەل قارىدى.

2 ـ مۇسۇلمانلار بەزى پەرز ئەينىلەرگىمۇ سەل قارىدى ياكى پەرز ئەيىننىڭ قىممىتىنى تۆۋەن چاغلىدى. مەسىلەن: ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش پەرز ئەين ئىدى، قۇرئاننىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ئايىتىدە بۇ پەرز ئەين نامازنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىدى: [**وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ...**] [مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا

---

[1] سۈرە لوقمان، 15 – ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان، 14 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 1 – ئايەت.

بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ...] [1].

ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش ئۈممىتى مۇھەممەدنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولۇشىدىكى بىرىنچى سەۋەپ ئىدى: [**كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللهِ**] [(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر] [2].

ياخشىغا بۇيرۇشقا، ياماندىن توسۇشقا سەل قاراش بەنى ئىسرائىلنى اللهنىڭ لەنىتىگە دۇچار قىلغان ئىدى: [**لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ**] [بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلار داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!] [3].

3 ـ مۇسۇلمانلار بەزى رۆكنلارغا دەرىجىدىن تاشقىرى ئەھمىيەت بېرىپ كەتتى. مەسىلەن: روزىغا نامازدىن بەكرەك ئەھمىيەت بەردى، رامىزاندا روزا تۇتمايدىغان مۇسۇلمان يوق دېيەرلىك، بولۇپمۇ، يېزا ـ قىشلاقلاردا شۇنداق. لېكىن نامازغا كەلگەندە، ھورۇنلۇق قىلىدىغان مۇسۇلمانلار (بولۇپمۇ ئاياللار) خېلى كۆپ، ئۆمرىدە اللهقا رۆكۇ ـ سەجدە قىلىپ باقمايدىغانلارمۇ بار تېخى. شۇنىڭدەك، ئۇلار يەنە نامازغا زاكاتتىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ۋەھالەنكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىنىڭ 28 يېرىدە ناماز بىلەن زاكاتنى تەڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىز ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇلدۇق، زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ نامىزى ناماز بولمايدۇ" دېگەن. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "الله بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن كىشىگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن" دېگەن. ساھابىلەر زاكات بەرگىلى ئۇنىمىغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا پىكىر بىرلىكىگە كەلگەن. ئۇلار بۇ ئۇرۇشنى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغانلارغا ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغان. ئىسلام دۆلىتى تارىختا كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالغان.

4 ـ مۇسۇلمانلار بەزى نەپلە ئەمەللەرگە پەرز، ۋاجىبقا ئەھمىيەت بەرگەندىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتتى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، كۆپلىگەن دىيانەتلىك كىشىلەر زىكىر ـ تەسبىھنى كۆپ ئېيتىدۇ، كۆندىلىك ۋەزىپە قىلىۋالغان دۇئا ـ دۇرۇدلارنى جىق ئوقۇيدۇ، ئەمما ئۇلار نۇرغۇن پەرزلەرگە، بولۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش، قوشنىلارغا ياخشىلىق

[1] سۈرە تەۋبە، 71 – ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 110 – ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 78 – ۋە 79 – ئايەتلەر.

قىلىش، ناتىۋانلارغا شەپقەت قىلىش، يېتىم ـ مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، يامانلىقنى توسۇش، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي زوراۋانلىقلارغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي پەرزلەرگە ئۇنچىلا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ.

5 ـ مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇش، زىكىر ئېيتىشقا ئوخشاش شەخسىي ئىبادەتلەرگە باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان جىھاد، فىقھى، كىشىلەرنى ياراشتۇرۇش، ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، سەۋرچان ۋە مېھرىبان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش، ئادىللىقنى ۋە كېڭەشنى تەشەببۇس قىلىش، ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ، ئاجىز ئادەملەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى.

6 ـ كۆپلىگەن كىشىلەر شاخچە ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، يىلتىز ئەمەللەرگە سەل قارىدى، ۋەھالەنكى، كونىلار: "يىلتىزنى بۇزغانلار شېخىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ" دېگەن ئىدى، ئۇلار ئۇلغا سەل قارىدى، يەنى ئېتىقاد، ئىمان، تەۋھىد، ئىخلاسنى چېتىك تۇتمىدى.

7 ـ كۆپلىگەن كىشىلەر ھاراملارغا قارشى تۇرغاندىن بەكرەك مەكرۇھقا ياكى شۇبھىلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىدى. كەسكىن ھارامغا قارشى تۇرغاندىن بەكرەك ھالال ـ ھاراملىقىدا ئىختىلاپ بولغان نەرسىلەرگە قارشى تۇردى. رەسىمگە چۈشۈش، ناخشا ـ مۇزىكا، يۈزنى يۆگەش دېگەندەك ئىختىلاپىي مەسىلىلەرگە ئاشنا بولغان ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار باشقا ئىشى يوقتەك شۇنداق مەسىلىلەر توغرىسىدا جەڭگە ـ جېدەل قوزغاپلا يۈرىدۇ، ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ قارىشىغا مەجبۇرى كۆندۈرمەكچى بولىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۈممەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. جۈملىدىن نۇرغۇن كىشىلەر گۇناھى سەغىرگە قارشى تۇرىدۇ ـ يۇ، گۇناھى كەبىر بىلەن كارى يوق. رەمباللىق، سېھىرگەرلىك، كاھىنلىق، قەبرىلەرگە باش ئۇرۇش، ئۆلگەنلەردىن ياردەم سوراش، ئۆلۈكلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ مال بوغۇزلاش، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىنى، قىيىنچىلىقنىڭ ھەل بولۇشىنى ئۆلۈكلەردىن تىلەش دېگەندەك سۈزۈك تەۋھىد ئېتىقادىنى دۇغلاشتۇرىدىغان گۇناھى كەبىرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كارى يوق. كېڭەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، ئەركىنلىكنى بوغۇش، خەلق ھوقۇقىنى ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلىش، ناباپ ئادەملەرگە ھوقۇق تۇتقۇزۇش، سايلامدا كۆز بويامچىلىق قىلىش، ئۈممەتنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىش، ئائىلىۋىي ۋە سىنىپىي ئىمتىيازلارنى پەش قىلىش، ئىسراپخورلۇق ۋە بۇزۇپ ـ چېچىش قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گۇناھى كەبىرلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۆلچەملىرى ئەنە شۇنداق قالتىس بۇزۇلغان، چوڭنى كىچىك بىلىدىغان، كىچىكنى چوڭ بىلىدىغان، ئاددىينى ئۇلۇغلاپ، ئۇلۇغنى خارلايدىغان، ئاۋۋالقىسنى كېيىن، كېيىنكىسنى ئاۋۋال قىلىدىغان، پەرز بىلەن كارى يوق نەپلەگە يامىشىدىغان، چوڭنى تاشلاپ كىچىككە ئېسىلىدىغان، ئىختىلاپىي مەسىلىگە جان ـ جەھلى بىلەن بېرىلىپ، ئىختىلاپ يوق مەسىلە بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغان... مانا بۇ ئەھۋال زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى، بەلكى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشنىڭ ئۇلارغا ئىنتايىن زۆرۈر

بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. زامانىمىز كىشىلىرى بۇ مەسىلىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، بار كۈچى بىلەن ئىزدىنىپ، قانائەتلىنەرلىك بىر خۇلاسىگە كېلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك.



# ئىككىنچى باب

# بۇ تېمىنىڭ باشقا تېمىدىكى فىقھىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## بۇ تېمىنىڭ سىلىشتۇرما فىقھىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ تېما فىقھىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە چېتىلىدۇ، بۇرۇنقى بەزى يېزىلمىلاردا بۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بۇ تېما «سېلىشتۇرما فىقھى»گە چېتىلىدۇ. «ئىسلامىزم ھەرىكىتى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن كىتابىمدا بۇ تېما ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ھەم شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېسىل پىكىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم.

سېلىشتۇرما فىقھىسىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - پايدىلىق ئىشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش.

2 - زىيانلىق ئىشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش.

3 - پايدا ـ زىيان توقۇنۇشۇپ قالغاندا، پايدا بىلەن زىياننى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش.

## پايدىلىق ئىشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش

شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن پايدىلىق ئىشلار ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى پايدىلىق ئىشلار ئۇسۇل فىقھى ئالىملىرى مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك زۆرۈرىيەت دەرىجىسى، ئېھتىياج دەرىجىسى، تولۇقلىما دەرىجىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دەرىجىدە بولىدۇ. «زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلار» دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭسىز ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىمىز. «ئېھتىياج دەرىجىسىدىكى ئىشلار» دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭسىزمۇ ھايات كەچۈرگىلى بولىدىغان، لېكىن قىيىنلىپ، تەس ھايات كەچۈرگىلى بولىدىغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىمىز. «تولۇقلىما دەرىجىسىدىكى ئىشلار» دېگىنىمىزدە، تۇرمۇشنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدىغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتىمىز.

سېلىشتۇرما فىقھىسى (بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش) بىزدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ:

زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلار ئېھتىياج دەرىجىسىدىكى ئىشلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن، تولۇقلىما دەرىجىسىدىكى ئىشلارنىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئېھتىياج دەرىجىسىدىكى ئىشلار تولۇقلىما دەرىجىسىدىكى ئىشلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلارمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۆلىمالار ئېيتقاندەك،

زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلار: "دىن، جان، نەسىل قالدۇرۇش، ئەقىل ۋە مال"دىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئابرويىنىمۇ زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلارغا قوشىدۇ. دىن زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى بولۇپ، ئۇ باشقا زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ھەتتا جاننىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدۇ. جان قالغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

## مەنپەئەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش

جەزمىي مەنپەئەت گۇمانىي ياكى مەۋھۇم مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چوڭ مەنپەئەت كىچىك مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. كۆپ سانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئاز سانلىقنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان مەنپەئەت ئۆتكۈنچى ياكى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. يادرولۇق، ئاساسى مەنپەئەت يۈزەكى، قوشۇمچە مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. كەلگۈسىدىكى چوڭ مەنپەئەت ھازىرقى پۇچەك مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە كۆردۇقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، كەلگۈسىدىكى يادرولۇق، ئاساسى مەنپەئەتنى يۈزەكى مەنپەئەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قارىماققا تەڭسىز كۆرۈنىدىغان ياكى بوزەك بولغاندەك كۆرۈنىدىغان شەرتلەرگە كۆنگەن؛ ئەھدىنامىدىن «بىسمىللاھ»نى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «بىسمىكە اللە ھۇممە» دەپ يېزىشقا قوشۇلغان، ھەم «اللەنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد» دەپ يېزىشقا كۆنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىشقا، پادىشاھلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. قۇرئاننىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى «روشەن غەلىبە» دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇنىڭدەك مىساللار ناھايىتى كۆپ.

## زىيانلىق ئىشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش

خۇددى پايدىلىق ئىشلار پەرقلىق بولغاندەك زىيانلىق ئىشلارمۇ ئۆزئارا پەرقلىقتۇر. زۆرۈرىيەت دەرىجىسىدىكى ياخشى ئىشلارغا دەخلى قىلىدىغان زىيانلىق ئىش ئېھتىياج دەرىجىسىدىكى ۋە تولۇقلىما دەرىجىسىدىكى ياخشى ئىشلارغا دەخلى قىلىدىغان زىيانلىق ئىشقا ئوخشىمايدۇ. ئىقتىسادنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىش جاننى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشقا ئوخشىمايدۇ. جاننى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىش دىنىنى، ئېتىقادنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشقا ئوخشىمايدۇ.

زىيانلىق ئىشلار ھەجمى، نەتىجىسى ۋە خەتىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. شۇڭا فىقھشۇناسلار زىيانغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىققان. تۆۋەندىكىلىرى شۇ قائىدىلەرنىڭ جۈملىسىدىن:

زىيان سېلىشمۇ ۋە زىيان سالدۇرۇشمۇ خاتا. مەلۇم بىر زىياننى تۈگىتىشتە ئۇنىڭغا ئوخشاش

ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق زىياننى تارتىشقا بولمايدۇ. ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىگە تۆزىمىز. چوڭ زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىچىك زىياننى تارتىمىز. ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خۇسۇسى زىياننى ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

## پايدا ـ زىيان توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئىككىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش

مەلۇم بىر ئىشتا ھەم پايدا ھەم زىيان بولسا، بۇ چاغدا پايدا ـ زىياننى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، قايسىسى بېسىپ كەتسە، شۇنى ئاساس قىلىش كېرەك. بىر ئىشتا زىيان پايدىدىن چوڭ بولسا، ئۇنى زىيىنى بېسىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن چەكلەش كېرەك، بۇ ئىشتىكى ئازغىنە مەنپەئەتكە قارىماسلىق كېرەك. قۇرئاندا ھاراق بىلەن قىمار توغرىسىدا سوئال سورىغانلارغا جاۋاب بەرگەندە، ئەنە شۇ قائىدە بايان قىلىنغان: (يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِنْ نَفْعِهِمَا) [(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن][1].

بىر ئىشنىڭ پايدىسى زىيىنىدىن چوڭ بولسا، ئۇ ئىشقا شەرىئەتتە يول قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئازغىنە زىيىنى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك مۇھىم قائىدىلەر بار:

«زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش پايدا ئېلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ». بۇ قائىدىنى تۆۋەندىكى مۇھىم قائىدە تولۇقلايدۇ:

چوڭ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىچىك زىيانغا يول قويۇلىدۇ.

دائىملىق مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈنچى زىيانغا يول قويۇلىدۇ.

گۇمانىي زىياندىن قورقۇپ جەزمىي مەنپەئەت تەرك ئېتىلمەيدۇ.

سېلىشتۇرما فىقھىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ شەرىئەتنىڭ سىياسەت بابىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، شەرىئەتتە سىياسەت سېلىشتۇرما فىقھىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

سېلىشتۇرما فىقھىسى يەنە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدا ـ زىياننى قانداق تونۇيمىز

بىز كۆزلىگەن پايدا يا دۇنيالىق پايدا، يا ئاخىرەتلىك پايدا ياكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا بولۇشى مۇمكىن، زىيانمۇ ھەم چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل پايدا ـ زىياننى تونۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقلىي ياكى شەرئىي ۋە ياكى ئەقلىي ۋە شەرئىي ئۇسۇللىرى بار.

[1] سۈرە بەقەرە، 219 – ئايەت.

## ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى

ئىمام ئىززۇددىين ئىبنى ئابدۇسالام پايدا ـ زىياننى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە تەپسىلى توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ: «ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرى» ناملىق مىسلىسىز كىتابىدا بۇ ھەقتە ناھايىتى پاساھەتلىك بايانلار بار:

«دۇنيالىق پايدا ـ زىيانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەقىل ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، شەرىئەتلەرنىڭ كۆپىنچە مەسىلىلىرىنىمۇ ھەم ئەقىل ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىگە شەرىئەت كېلىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنىسى مەخپىي قالمىغانكى، ساپ پايدىلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ساپ زىيانلاردىن ساقلىنىش بىر ياخشى ئىش؛ ئەڭ چوڭ پايدىنى ئادەتتىكىچە پايدىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش بىر ياخشى ئىش؛ ئەڭ چوڭ زىياندىن ئاۋۋال ساقلىنىش بىر ياخشى ئىش؛ چوڭ مەنپەئەتنى كىچىك مەنپەئەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش بىر ياخشى ئىش؛ چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كىچىك زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش بىر ياخشى ئىش. بۇنىڭدا ھۆكۈمالارنىڭ پىكرى بىردەك.

شۇنىڭدەك شەرىئەتلەردىمۇ قان تۆكۈشنى، باسقۇنچىلىقنى، كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئابرويىغا چېقىلىشنى ئەڭ ئاۋۋال ھارام قىلىدۇ. ساۋابى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئاۋۋال قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

مەلۇم بىر پايدا ـ زىياننى پەرقلەندۈرۈشتە ئىختىلاپ كۆرۈلسە، بۇ ئىختىلاپ پايدا ـ زىياننى دەڭسەشتە ئىختىلاپ كۆرۈلگەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر پايدا ـ زىيان ئوخشاش دەپ قارىسا، بۇ ئەھۋالدا پايدىغا ياكى زىيانغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

تېۋىپلارمۇ ئىككى كېسەلگە تەڭ دۇچ كەلسە، چوڭ كېسەلنى ئاۋۋال داۋالاپ كىچىك كېسەل بىلەن كارى بولمايدۇ؛ چوڭ ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كىچىك ساغلاملىقنىڭ قولدىن كېتىشىگە پەرۋا قىلمايدۇ؛ ئىككى كېسەلنىڭ دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرەلمىگەندە گاڭگىراپ قېلىپ داۋالىيالمايدۇ. دوختۇرلۇقتىمۇ شەرىئەتتىكىگە ئوخشاش ساغلاملىقنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش، كېسەلنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش؛ ساقلىنىش مۇمكىن بولغانلىكى زىياننىڭ ھەممىدىن ساقلىنىش، قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولغانلىكى مەنپەئەتنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. ناۋادا پايدا ـ زىيان ئوخشاش بولۇپ قالسا، قانداق قىلسا بولۇۋېرىدۇ. پايدا ـ زىياننىڭ قايسىسى كۈچلۈك بولسا، شۇ ئاساس بولىدۇ. پايدا ـ زىياننىڭ قايسىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى بىلىنمىگەندە، ھېچقايسىسىغا قەدەم قويۇلمايدۇ. شەرىئەت قائىدىسى بىلەن تېبابەت قائىدىسىنى بېكىتكەن زات بىر. ھەر ئىككىلىسى بەندىلەرنىڭ پايدا ــ مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، زىيانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

دىنىي مەنپەئەتلەردە پايدا ـ زىياننى ئايرىيالمىغاندا بىر ئىش قىلىش توغرا ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك تېۋىپمۇ ئىككى كېسەلنىڭ دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرەلمىگەندە، ئۇنىڭ داۋالاشقا قەدەم ئېلىشى توغرا ئەمەس. بۇ قائىدىگە پايدا ـ زىياننى ئايرىيالمايدىغان نادانلاردىن باشقا ھەممە كىشى رىئايە قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇم پېشانىلىكى بېسىپ كەتمىگەن ياكى دۆتلىكى ئېشىپ كەتمىگەن ئادەم ئۆز تەبىئىتىنىڭ بۇ تەقەززاسىدىن تاشقىرى ئىش قىلمايدۇ.

بەزى كاپىرلار ھايۋاننىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، ھايۋان ئۆلتۈرۈشنى چەكلىدى، ئۇ خاتا قىلدى. چۈنكى ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋاننىڭ مەنپەئەتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاننىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويدى. ناۋادا ئۇ نادانلىقىدىن ۋە نەپسى ـ خاھىشىغا بېرىلىشتىن خالىي بولالىسا ئىدى، چىرايلىقنى سەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزگەن بولاتتى، ئامال قىلىپ بولسىمۇ، ئەڭ سەتتىن ساقلانغان بولاتتى: [بَلِ اتَّبَعَ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَهْوَاءهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ فَمَن يَهْدِي مَنْ أَضَلَّ اللهُ وَمَا لَهُم مِّن نَّاصِرِينَ] [ئۇنداق ئەمەس (يەنى اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق)، (ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلار بىلىمسىزلىكتىن نەفسى خاھىشىغا ئەگەشتى. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ، ئۇلارغا ھەرگىز ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ] ①.

الله تەۋپىق ـ ھىدايەت ئاتا قىلغان، گۇمراھلىقتىن ساقلىغان كىشىلەرلا بۇ زاكۇننى تەگلەپ چۈشىنەلەيدۇ، ئۆز چۈشەنچىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلالايدۇ، بۇنداقلار مەقسەتكە يېتىدۇ. ئۇلار شائىر ئېيتقاندەك ناھايىتىمۇ ئازدۇر:

ئاز دەيتتۇق سانىغاندا بىز ئۇلارنى،
ئازدىنمۇ ئاز ئىكەن ئەسلىدە سانى.

فىقھى ھۆكۈملەردە ئىجتىھاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش. اللهنىڭ تەۋپىقى، ھىدايىتىگە ئېرىشىپ، خاتالىشىشتىن ساقلىنالىغان مۇجتەھىد كۈچلۈك دەلىلنى بىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ ـ دە، قوش ساۋابقا ئېرىشىدۇ. خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان مۇجتەھىد پەقەت توغرا نىيەت بىلەن ئىجتىھاد قىلغىنىغا بىر ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ خاتالىقى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەڭ يامىنى تۆپكى قائىدىلەردە خاتالىششتۇر.

بىلگىنكى، ئەڭ پايدىلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئەڭ ئېغىر زىياننىڭ ئالدىنى ئاۋۋال ئېلىش بەندىلەرنىڭ خېمىر تۇرۇچىدا بار ئىش. بۇ، پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتى، ئانداقكى بۇ كىتابتا سۆزلەندى. بىر كىچىك بالا تاتلىق بىلەن ئەڭ تاتلىقنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە ئەلۋەتتە ئەڭ تاتلىقنى تاللايدۇ، چىرايلىق بىلەن ئەڭ چىرايلىقنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئەلۋەتتە، ئەڭ چىرايلىقنى تاللايدۇ؛ داچەن بىلەن دەرھەمنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئەلۋەتتە دەرھەمنى تاللايدۇ؛ دەرھەم بىلەن دىنارنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئەلۋەتتە دىنارنى تاللايدۇ. پايدىلىقنىڭ پايدىسىنى بىلمەيدىغان ناداندىن باشقىسى ياكى پايدا ـ زىياننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى بىلمەس بولۇۋالغان بەدبەختتىن باشقىسى پايدا ـ زىياننى ھەرگىز ئىلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ» ②.

ئەمما ئاخىرەتنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىس ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيانىڭ پايدا ـ زىيانلىرى دەرىجە جەھەتتە پەرقلىقتۇر، بەزى پايدا ـ زىيانلار بىرىنچى دەرىجىدە، بەزىلىرى تۆۋەن دەرىجىدە، يەنە بەزىلىرى ئوتتۇراھال دەرىجىدە بولىدۇ؛ بەزى

① سۈرە رۇم، 29 – ئايەت.

② «ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرى»، 1 – جىلد، 5 – دىن 7 – بەتكىچە.

پايدا ـ زىيانلاردا پىكىر ئىختىلاپى بار، بەزىلىرىدە يوق. شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىشتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدىسى ياكى بۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ پايدىسى بار. شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئىككى دۇنيانىڭ ياكى ئىككىسىدىن بىرىنىڭ زىيىنى بار. ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى ھاسىل قىلالىغان ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل، ئەڭ قەبىھ زىياننى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش ئەڭ رەزىل قىلمىشتۇر. اللهنى تونۇش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ۋە ئىمان ئېيتىشتىن پايدىلىقراق ئىش يوق؛ اللهنى تونۇماسلىق، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق ۋە كاپىرلىقتىنمۇ زىيانلىق ئىش ھەم يوق.

ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئەمەللەرنىڭ پايدىسىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ جازاسى ھەم ئەمەللەرنىڭ زىيىنىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. قۇرئاننىڭ ئاساسى مەقسىتى پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ۋە پايدا تېپىشقا سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇش؛ زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە زىيان كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەردىن توسۇش. دۇنيانىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى ئاخىرەتنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ پايدىسى جەننەتكە كىرىش، مېھرىبان اللهنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش، اللهنىڭ ئۇلۇغ جامالىنى كۆرۈش. پاھ، پاھ، پاھ!... بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ نېئمەت؟! ئاخىرەتنىڭ زىيىنى بولسا، قايناق ئوتقا كىرىش، نازارەت قىلىپ تۇرغۇچى اللهنى نارازى قىلىش، اللهنىڭ ئۇلۇغ جامالىنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىقلار. ۋاھ، ۋاھ، ۋاھ!... بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب؟!

پايدىلىق ئىشلار مۇباھ، مۇستەھەب، پەرزدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنسە، زىيانلىق ئىشلار مەكرۇھ ۋە ھارامدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## ئىككى دۇنيانىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى نېمە بىلەن بىلگىلى بولىدۇ

ئىككى دۇنيانىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى پەقەت شەرىئەت ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر پايدا ـ زىيان ئېنىق بولماي قالسا، بۇنىڭغا شەرىئەتنىڭ دەلىللىرىدىن جاۋاب ئىزدىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ دەلىللىرى دېگىنىمىز قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ ۋە توغرا قىياستىن ئىبارەتتۇر. ئەمما دۇنيانىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرى ۋە زىيانلىرى تەجرىبىلەردىن، ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن، گۇمان ـ تەخمىنلەردىن مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر پايدا ـ زىيان ئېنىق بولماي قالسا، ھەرنەرسىگە ئۆزىگە يارىشا دەلىل ئىزدىلىدۇ. دۇنيالىق پايدا ـ زىياننى بىلمەكچى بولغان كىشى شەرىئەت بىر نەرسە دېمىگەن مەسىلىلەردە ئەقلى بويىچە ئىش كۆرسە بولىدۇ. ئىبادەتتىن باشقا ھەرقانداق ئىش بۇ قائىدىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئىبادەتتە پايدا ـ زىيان اللهنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. گەرچە اللهنىڭ يارىتىش، رىزىق بېرىش، تەكلىپ بېرىش، ساۋاب ۋە جازا بېرىش مەجبۇرىيىتى بولمىغاندەك، بەندىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۇلارنى زىياندىن ساقلاش مەجبۇرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن الله ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بەندىلىرىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى زىياندىن ساقلايدۇ.

## «ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ مەقستى

ئىمام ئىبنى ئابدۇسسالام مەزكۇر كىتابنىڭ مەقستىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى مەقسەت بەندىلەر پايدىلىق ئىشلارنى قىلىۋالسۇن دەپ تائەت ـ ئىبادەتلەردىكى، مۇئامىلىلەردىكى ۋە باشقا ئىشلاردىكى پايدىلارنى بايان قىلىش؛ بەندىلەر ئۇنىڭدىن ساقلانسۇن دەپ زىيانلىق ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويۇش؛ بەندىلەر ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قالسۇن دەپ ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش؛ ياخشى ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئاۋۋال ئىجرا قىلىنىدۇ، يامان ئەمەللەرنىڭ قايسىسىدىن ئاۋۋال يېنىلىدۇ، بەندىلەرنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، نېمە كەلمەيدۇ، بۇنى بايان قىلىشتۇر. شەرىئەتنىڭ ھەممىسى پايدىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا يا زىياندىن ساقلىنىلىدۇ ياكى پايدا ئېلىنىدۇ. اللهنىڭ: [ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار] دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىساڭ، دىققەت قىلغىنكى، مۇشۇ چاقىرىقتىن كېيىن الله سېنى يا بىر ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ ياكى بىر يامانلىقتىن توسىدۇ ۋە ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ. الله ئۆزىنىڭ كىتابىدا بەندىلەرنى زىياندىن ساقلىنىشقا ئۈندەپ بەزى ھۆكۈملەرنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلدى، پايدا تېپىۋالسۇن دەپ بەزى ھۆكۈملەرنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلدى[①].

## ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشنىڭ شەرىئەت مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش شەرىئەتنىڭ مەقستىنى چۈشىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئومۇمەن سەۋەبكە تايىنىدۇ. ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدە ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان نىشانلار بار بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق پىكىر ئىختىلاپى يوق. چۈنكى، اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئىچىدە: "ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى" دېگەن بىر سۈپەت بار بولۇپ، بۇ سۈپەت قۇرئاندا توقسان نەچچە قېتىم تەكرارلانغان. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات ھېچقانداق نەرسىنى بىھۇدە ياراتمىغاندەك، ھېچقانداق ھۆكۈمنى مەقسەتسىز يولغا قويمايدۇ. الله بىھۇدە ئىش قىلىشتىن پاكتۇر. ھەتتاكى نوقۇل ئىبادەت پائالىيەتلىرىدىمۇ شەرىئەتنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقستى بار. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئىبادەت پائالىيەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىدۇ: [ناماز يامان ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن توسىدۇ][②]؛ [زاكات (زاكات بەرگۈچىلەرنى) پاكلايدۇ][③]؛ [روزا تەقۋادارلىققا ئۈندەيدۇ][④]؛ [ھەج كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋىي) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ـ ماللارنى

---

① «ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرى»، 1 – جىلد، 5 – دىن 11 – بەتكىچە.

② سۈرە ئەنكەبۇت، 45 – ئايەت.

③ سۈرە تەۋبە، 103 ـ ئايەت.

④ سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

اللەنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلىشى ئۈچۈندۇر][1] .

شەرىئەتنىڭ تەكلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرساق، شەرىئەتنىڭ مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىشلاردا ئۆزىمىزنىمۇ ۋە ئۆزگىلەرنىمۇ قىينىمىساق، اللەنىڭ دىنىنى توغرا چۈشەنگەن بولىمىز.

شۇ ۋەجىدىن مەن شۇنداق قارايمەنكى، سەدىقە ـ پىترىنى بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ھەرقانداق مۇھتاجغا ھەتتا شەھەرلەردىمۇ يېمەك ـ ئىچمەكتىن بېرىش كېرەك دەپ، بۇ مەسىلىنى چىڭىتىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى سەدىقە پىترىنى بېرىش بىۋاستە مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇشۇ مۇبارەك كۈندە يوقسۇللارنى يوقلاش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان ۋاستىدۇر.

مەن يەنە شۇنداق قارايمەنكى، ھەجدە شەيتانغا تاش ئېتىش مەسىلىسىدە ئۆتكەن يىلدىكىدەك قاتتىق قىستاڭچىلىق بولسىمۇ، نەچچە يۈز ئادەم دەسسىلىپ ئۆلسىمۇ مەيلىكى، ئەمما كۈن قايرىلىشتىن بۇرۇن شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇش لازىم دەپ، بۇ مەسىلىنى چىڭىتىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، شەرىئەتتە شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ بىۋاستە مەقسەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق. بەلكى شەيتانغا تاش ئېتىشتىكى مەقسەت اللەنى ياد ئېتىشتۇر. بۇ تەلەپ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش، ھەرەج تارتماسلىق بىلەنمۇ ھاسىل بولىدۇ.

بۇنداق مەسىلىلەردە ئۆزگەرمەس مەقسەت بىلەن ئۆزگىرىشچان ۋاستىلارنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. ئۆزگەرمەس مەقسەتلەردە پولاتتەك چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۆزگىرىشچان ۋاستىلاردا يىپەكتەك ئەۋرىشىم بولۇش كېرەك. بىز بۇ مەسىلىنى: «ھەدىسكە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن كىتابىمىزدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدۇق[2] .

## «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك»لىكنى چۈشىنىشنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنى چۈشىنىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش شەكسىزكى، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ نىسپىي تېكىستلىرىنى چۈشىنىش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. نىسپىي تېكىستلەرنى بىر پۈتۈن مەقسەتلەرگە ۋە ئومۇمىي قائىدىلەرگە باغلاپ چۈشىنىش كېرەك. ھەرقانداق نىسپىي مەسىلە ئۆزى تەۋە بولغان بىر پۈتۈنلۈك ئاساسىدا چۈشىنىلىشى، شاخچە مەسىلىلەر يىلتىز مەسىلىلەر ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك.

بۇ نۇقتىدا ھۆكمىي تېكىست بىلەن قىياسىي تېكىستنى، مۇھكەم بىلەن مۇتەشابىھنى ئايرىش؛ قىياسىي تېكىستنى ھۆكمىي تېكىستكە، مۇتەشابىھنى مۇھكەمگە بويسۇندۇرۇپ چۈشىنىش زۆرۈر.

مۇشۇنداق چۈشىنىش ھەدىسكە كەلگەندە تېخىمۇ لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ھەدىس كۆپلىگەن

[1] سۈرە ھەج، 82 ـ ئايەت.

[2] مەزكۇر كىتابنىڭ: «ئۆزگىرىشچان ۋاستىلار بىلەن ئۆزگەرمەس نىشاننى پەرقلەندۈرۈش» دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ.

ئۇششاق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلغانلىقتىن، ھەدىسنى چۈشىنىشتە قۇرئاندىن بەكرەك ئېلىشتۇرۇپ قويۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ھەدىسلەر شەرئىي ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ، خورمىنى ئۆلاش توغرىسىدىكى ھەدىستەك بەزى ھەدىسلەر شەرئىي ھۆكۈملەرنى بايان قىلمايدۇ، بەزى ھەدىسلەر دائىملىق شەرئىي ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ، بەزىلىرى ئۆتكۈنچى ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ، بەزىلىرى ئومۇمىي ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ، بەزىلىرى خاس ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ. بۇنى مۇھەققىق ئۆلىمالار تەپسىلىي بايان قىلغان. بىز بۇ مەسىلىنى سۈننەت ۋە سىيرەت تەتقىقاتى مەركىزى ژۇرنىلىدا «ھەدىستىكى قانۇنشۇناسلىق» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ۋە «ھەدىس مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى» دېگەن كىتابىمىزدا ئېنىق چۈشەندۈردۇق. بۇ ھەقتە كەڭرەك مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولغانلار ئۇ ئىككى كىتابقا مۇراجىئەت قىلغاي. پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

## ساندىن سۈپەت مۇھىم

شەرىئەتتە ساندىن سۈپەت مۇھىم، ھەجىمدىن مەزمۇنى مۇھىم. ساننىڭ كۆپلۈكى، ھەجىمنىڭ چوڭلۇقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. بەلكى سۈپەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە سانى كۆپ بولسىمۇ سۈپىتى ناچار بولغانلار يەنى «چۈشەنمەيدىغانلار»، «بىلمەيدىغانلار»، «ئىمان ئېيتمايدىغانلار»، «شۈكرى قىلمايدىغانلار» قامچىلانغان: [**بَلْ أَكْثَرُهُمْ لاَ يَعْقِلُونَ**] [بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى چۈشەنمەيدۇ]①؛ [**وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ**] [لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ]②؛ [**وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يُؤْمِنُونَ**] [لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىشەنمەيدۇ]③؛ [**وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ**] [ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (اللەنىڭ نېئمىتىگە) شۈكرى قىلمايدۇ]④؛ [**وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي الأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ اللّهِ**] [ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرگە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ]⑤. قۇرئاندا سانى ئاز بولسىمۇ، سۈپىتى ساز كىشىلەر ــ يەنى شۈكرى قىلغۇچىلار ماختالغان:

[**إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ**] [پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر ـ بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر]⑥؛ [**وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ**] [مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللەنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلغۇچى بەك ئاز]⑦؛ [**وَاذْكُرُواْ إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الأَرْضِ**] [ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغانلار ئىدىڭلار]⑧؛ [**فَلَوْلاَ كَانَ مِنَ الْقُرُونِ مِن قَبْلِكُمْ أُوْلُواْ بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ الْفَسَادِ فِي الأَرْضِ إِلاَّ قَلِيلاً مِّمَّنْ أَنجَيْنَا مِنْهُمْ**] [سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنە كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا]⑨. ئادەم ساننىڭ كۆپ بولۇشى

---

① سۈرە ئەنكەبۇت، 63 – ئايەت.

② سۈرە ئەئراف، 187 – ئايەت.

③ سۈرە ھۇد، 17 – ئايەت.

④ سۈرە بەقەرە، 243 – ئايەت.

⑤ سۈرە ئەنئام، 116 – ئايەت.

⑥ سۈرە ساد، 29 – ئايەت.

⑦ سۈرە سەبەئ، 13 – ئايەت.

⑧ سۈرە ئەنفال، 26 – ئايەت.

⑨ سۈرە ھۇد، 116 – ئايەت.

مۇھىم ئەمەس، ئەمما ياخشى ئىش قىلىدىغان مۇئمىنلەر سانىنىڭ كۆپ بولۇشى مۇھىم. نۇرغۇن ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ: «**تناكحوا تناسلوا تكثروا فإني مكاثر بكم الأمم**» «نىكاھلىنىڭلار، نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىڭلار، چوقۇمكى مەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن باشقا ئۇممەتلەر ئالدىدا ئىپتىخارلىنىمەن» [1].

ناھايىتى ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئۇممەتلەر ئالدىدا نادان، پاسىق، زومىگەر ئادەملەر بىلەن ئىپتىخارلانمايدۇ، بەلكى ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئۇممەتلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**الناس كإبل مئة لاتجد فيها راحلة**» «ئادەملەر كۆپ بولغان بىلەن، يارامىلىقلىرى ئاز، بۇ خۇددى بىرەر يۈز تۆگىنىڭ ئىچىدىن يارامىلىق تۆگىدىن بىرەرسى چىققاندەكلا ئىش» [2].

باشقا مەخلۇقلارغا قارىغاندا ئادىمىزاتنىڭ ئۆزئارا سۈپەت پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار: «**ليس شيء خيرا من الف مثله الا الإنسان**» «بىرى مىڭىدىن ياخشى بولىدىغان ئىش پەقەت ئىنسانلاردىلا مەۋجۇد» [3].

بىز ھەرقانداق ئىشتا سانىنىڭ كۆپ بولۇشىغا بېرىلىپ كېتىۋاتىمىز، كۆپ خانىلىق سانلارنى قوغلىشىۋاتىمىز، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرەلمەيۋاتىمىز. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىر ئەرەب شائىرى سۈپەتنىڭ ساندىن مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئى دىلبەر! سەن بىزنى ئاز كۆرۈپ مەنسىتمەيۋاتىسەن، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئېسىلى ناھايىتى كەم تېپىلىدىكەن، سانىمۇ ئاز بولىدىكەن، ھەقىقى ئازلىق دېگەن ساندا ئەمەس، بەلكى سۈپەتتە بولىدىغان نەرسە. بەزى (قەبىلە)لەر باركى، سانى ئىنتايىن كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇلاردا سۈپەت يوق، خارلىق تۇپىلىرىغا مېلىنىپ يۈرگەن، ئەگەر ئازلىقتىن كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش بولسا، ئەنە شۇنداقلارنى كۆزگە ئىلماسلىق كېرەك.

قۇرئاندا ئاز سانلىق تالۇت قوشۇنىنىڭ كۆپ سانلىق جالۇت قوشۇنىنى يەڭگەنلىكى بايان قىلىندى: [**فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِالْجُنُودِ قَالَ إِنَّ اللهَ مُبْتَلِيكُم بِنَهَرٍ فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَن لَّمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلاَّ مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنْهُمْ فَلَمَّا جَاوَزَهُ هُوَ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ قَالُواْ لاَ طَاقَةَ لَنَا الْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنودِهِ قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُو اللهِ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللهِ وَاللهُ مَعَ الصَّابِرِينَ وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالُواْ رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ فَهَزَمُوهُم بِإِذْنِ اللهِ وَقَتَلَ دَاوُدُ جَالُوتَ وَآتَاهُ اللهُ الْمُلْكَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَهُ مِمَّا يَشَاء وَلَوْلاَ دَفْعُ اللهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ**] [تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «ئاللاھ

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىدىن تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەنلىنىڭ كۆپلىگىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر. ئۇلار جالۇت ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى. مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇت جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇتقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خاراپلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر] [1].

قۇرئاندا يەنە بىزگە بەدرى غازىتىدا ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىق بولغان مۇشرىكلارنى يېڭىۋالغانلىقى بايان قىلىندى: [**وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**] [ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىرىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار] [2].

[**وَاذْكُرُواْ إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الأَرْضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ النَّاسُ فَآوَاكُمْ وَأَيَّدَكُم بِنَصْرِهِ وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**] [ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغانلار ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىيمەتلەر)نى رىزىق قىلىپ بەردى] [3].

مۇسۇلمانلار ھۈنەين غازىتىدا سانىغا بېرىلىپ، سەل قارىغانلىقتىن، ساننىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 249 – دىن 251 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 123 – ئايەت.

[3] سۈرە ئەنفال، 26 – ئايەت.

كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ، مەنىۋىي كۈچكە ۋە ئەسكىرىي ئىنتىزامغا سەل قارىغانلىقتىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇلار غازاتنىڭ باشلىنىشىدا خاپىلىق تارتقاندىن كېيىن سەگەكلەشتى، تۆۋبە قىلدى، سۈپەتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، الله يەنە ئۇلارنى ئۇلار كۆرمەيدىغان قوشۇنلار بىلەن كۈچلەندۈرۈپ غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ ثُمَّ أَنَزلَ اللهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَعذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُواْ وَذَلِكَ جَزَاء الْكَافِرِينَ**] [الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار) بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ][1] .

قۇرئاندا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنىدىكى، مۇئمىن ئادەمدە ئىمان ۋە كۈچلۈك ئىرادە بولسا، ئۇنىڭ كۈچى ئىمانسىز ۋە ئىرادىسىز دۈشمەنىنىڭ كۈچىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِن يَكُن مِّنكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُواْ مِئَتَيْنِ وَإِن يَكُن مِّنكُم مِّئَةٌ يَغْلِبُواْ أَلْفًا مِّنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لاَّ يَفْقَهُونَ**] [ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار جاھىل قەۋم بولۇپ، (الله‌نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ][2] .

مۇئمىن كۈچەيگەن ھالىتىدە مەزكۇر ئايەتتە دېيىلگەندەك بولىدۇ، ئەمما ئاجىزلاشقان ھالەتتىمۇ مۇئمىنىنىڭ كۈچى دۈشمىنىنىڭ كۈچىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ، يۇقىرىقى ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ئايەت شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ: [**الآنَ خَفَّفَ اللهُ عَنكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّئَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُواْ مِئَتَيْنِ وَإِن يَكُن مِّنكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُواْ أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللهِ وَاللهُ مَعَ الصَّابِرِينَ**] [الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، ئىككى يۈز (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق مىڭ ئادەم

[1] سۈرە تەۋبە، 25 – ۋە 26 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەنفال، 65 – ئايەت.

بولىدىغان بولسا، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئىككى مىڭ (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. الله چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر][1].

دېمەك، سان ۋە كۆپلۈك ئاساس ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە ئىرادىدىن ئىبارەت سۈپەت ئاساستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇغان كىشىگە ئايانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساندىن سۈپەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە خەلىپىلىرىنىڭ تارىخ ـ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاسنى تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مىسىرنى فەتھى قىلىشقا ئەۋەتكەن. كېيىن ئەمر ئىبنى ئاس ئۆمەردىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۆمەر ئەمرىبنى ئاسقا يەنە تۆتمىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق تۆت كىشىنى ئەۋەتكەن ۋە مۇنداق دېگەن:

بۇ تۆت ئادەم تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا تەڭ. شۇنىڭ بىلەن، ساڭا سەپلەپ بېرىلگەن ئەسكەر سانى 12 مىڭغا يەتتى، 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەرگىزمۇ سانىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن يېڭىلىپ قالمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادەملەرنىڭ سۈپىتىگە، ئىقتىدارىغا ۋە ساپاسىغا ئىشىنەتتىكى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ سانىغا ۋە تەن قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭلۇقىغا ئىشەنمەيتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر بايان بار: بىر كۈنى، ھەزرىتى ئۆمەر قىسمەن يارەنلىرى بىلەن بىر چوڭ ھويلىدا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا:

- ئارزۇيۇڭلارنى دەپ بېقىڭلار، - دەپتۇ.

- مۇشۇ ھويلا توشقۇدەك كۈمۈش تەڭگىلىرىم بولسا، ئۇنى الله يولىدا ئىشلىتىۋالسام دەيمەن، ـ دەپتۇ بىرسى.

- مۇشۇ ھويلا توشقۇدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنى الله يولىدا ئىشلىتىۋالسام دەيمەن، ـ دەپتۇ يەنە بىرسىمۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر:

- لېكىن مەن ئەبۇ ئۇبەيد ئىبنى جەرراھقا، مۇئاز ئىبنى جەبەلگە، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىمغا ئوخشاش ساپالىق ئادەملىرىم مۇشۇ ھويلا توشقۇدەك كۆپ بولسا، ئۇلارنى الله يولىدا خىزمەتكە قويسام دەيمەن، ـ دەپتۇ.

ھازىر دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىليارد 250 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

بىراق تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلار تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان كىشىلەردە ساپاسىز ھالەتتە تۇرماقتا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

- ئۇزۇنغا قالماي يات ئۇممەتلەر سىلەرگە ھەر تەرەپتىن قۇرتلار يېمەكلىككە يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر دەرھال:

---

[1] سۈرە ئەنفال، 66 – ئايەت.

- ئى رەسۇلۇللاھ! سانىمىز ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولامدۇ؟ - دەپ سوراشتى.

- ياق، سانىڭلار ئاز بولمايدۇ، لېكىن سىلەر سۇ يۈزىدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر. الله دۈشمىنىڭلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن سىلەرنىڭ ھەيۋىتىڭلارنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، قەلبىڭلەرگە بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ.

– ئۇ قانداق بوشاڭلىق؟ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى!

– دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى ياقتۇرماسلىق، ـ دېدى رەسۇلۇللاھ.

بۇ ھەدىستە بايان قىلىنىدۇكى، تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال كۆپلۈك ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. مانا ئىسلام ئۈممىتى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك ۋەزنىسىز، چېچىلاڭغۇ، نىشانسىز يۈرگەن مەزگىللەردە ئەھۋال شۇنداق بولدى.

دېمەك، سانغىلا ئەمەس، سۈپەتكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سان دېگىنىمىزدە بىر نەرسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، ئورنىنىڭ كەڭلىكى، ھەجمىنىڭ يوغانلىقى، ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقى، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقى قاتارلىق ماددى مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ئۆلچەملەرنى نەزەردە تۇتىمىز.

مەسىلەن، ئادەمنىڭ قىممىتى بوي ـ بەستىنىڭ ئېگىزلىكى ياكى مۇسكۇللىرىنىڭ چىڭلىقى ياكى تەن قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ياكى چىراي ـ شەكلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەر. بەدەن ناھايىتى بەك بولسا، ئىنسان روھىنىڭ پوستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمما ئىنساننىڭ ماھىيىتى پەقەت ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. تەن قۇرۇلۇش دېگەن مۇناپىقتىمۇ، كاپىردىمۇ بار نەرسە: [**وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ**] [مۇناپىقلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ][①]؛ [**وَزَادَكُمْ فِي الْخَلْقِ بَسْطَةً**] [... ۋۇجۇدىڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار][②].

بۇ ئايەتتە دېيىلۋاتقىنى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاد قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىدۇر. ئاد قەۋمى ئۆزىنىڭ بەستلىك قامىتىدىن مەغرۇرلىنىپ، چوڭچىلىق قىلغان: [**فَأَمَّا عَادٌ فَاسْتَكْبَرُوا فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَقَالُوا مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً**] [ئاد بولسا زېمىندا (اللهنىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى][③].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى يوغان، سېمىز ئادەملەر اللهنىڭ دەرگاھىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ئېتىبارغا ئىگە بولالمايدۇ. [قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز] دېگەن ئايەت بۇنىڭ قۇرئاندىكى دەلىلى ھېسابلىنىدۇ»[④].

بىر كۈنى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرەخكە چىققان ئىدى، پاچىقى كۆرۈنۈپ قالدى.

---

① سۈرە مۇنافىقۇن، 4 – ئايەت.

② سۈرە ئەئراف، 69 – ئايەت.

③ سۈرە فۇسسىلەت، 15 – ئايەت.

④ سۈرە كەھف، 105 – ئايەت.

ئۇنىڭ پاچىقى ناھايىتى ئىنچىكە، ئورۇق ئىدى، شۇڭا بەزى ساھابىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن كۈلۈۋاتامسىلەر؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ شۇ ئورۇق پاچىقى تارازا ـ مىزاندا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدۇ» دېدى[①] .

دېمەك، ئەقىل ـ پاراسەتتىن، پاك قەلبتىن ئايرىلغان يوغان بەدەن ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

كونىلاردا مۇنداق بىر گەپ بار:

يىگىتتە بولسىمۇ چىناردەك قامەت،
بىكاردۇر بولمىسا ئۇندا پەزىلەت.

ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قەۋمنى ھەجۋىي قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئۇلار قارىماققا قامىتى قېچىردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تېرىقنىڭ دانىسىچىلىك ئەقىل ـ پاراسەت يوق".

بىز: "ئىسلام دىنى جىسمانىي ساغلاملىقنى ۋە جىسمانىي كۈچنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ" دېمەكچى ئەمەسمىز، ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمىز. ئىسلام دىنى جىسمانىيەتكىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. اللە تائالا تالۇتنى ماختاپ: [وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ] [اللە ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى][②] دەيدۇ. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «سەندە بەدىنىڭنىڭمۇ ھەققى بار»[③]؛ «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق، اللەقا تېخىمۇ سۆيۈملۈكرەكتۇر»[④] . لېكىن ئىسلام دىنى پەزىلەتنى جىسمانىيەتكە قاراپ ئۆلچىمەيدۇ. تەن قۇرۇلۇشىنىڭ يوغانلىقى، كۈچتۈڭگۈرلۈك ئەركەكلىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئەمەس، پەزىلەتنىڭ بىردىنبىر مىزانىمۇ ئەمەس. چىراي گۈزەللىكىمۇ ھەم شۇنداق. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «شۈبھىسىزكى، اللە سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشۇڭلارغا ۋە تاشقى قىياپىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىلىرىڭلارغا قارايدۇ»[⑤] .

بىر شائىر ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننى مۇنداق ماختاپتۇ:

ياltراitدۇ تاجى بېشى ئۈستىدە،
ئالتۇندەك جىلۋىلىنىپ پېشانىسىدە.

---

① ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

② سۈرە بەقەرە، 147 – ئايەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

④ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

⑤ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان شائىرنىڭ ئۇنى نازىنىن خوتۇنلارنى ماختىغاندەك ماختىغىنىغا خاپا بولۇپ، شائىرغا:

- ماڭىمۇ قايسىبىر شائىر مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ھەققىدە:

مۇسئەب دۇر اللەنىڭ بالقىغان نۇرى،
ئۇنىڭدىن نۇر ئېلىپ زۇلمەت يورۇدى.
ھۆكۈمدار ئۇ قۇۋۋەتلىك ھەم زەبەردەست،
زوراۋان ئەمەس ئۇ ھەم ئەمەس چوڭچى.

دېگەندەك سۆزلەرنى قىلساڭ بولمامدۇ؟! — دەپ كايىپتۇ.

شۇنداق، ئادەملەر قورسىقىدىكى بىلىمى، قەلبىدىكى ئىمانى، ئىمان تۇرتكىسىدە قىلغان ئەمىلى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەمەل ھەجمىگە ۋە سانىغا قاراپ ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى، شۇ ئەمەلدىكى پۇختىلىققا ۋە ئۇ ئەمەلنىڭ ئەڭ ياخشى بولۇشىغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ. ئىسلامدا ئەمەلنى «ئەڭ ياخشى قىلىش» نەپلە ئىش ئەمەس، بەلكى پەرزدۇر. الله مۇئمىنلەرگە روزا ۋە باشقا ئەمەللەرنى پەرز قىلغاندەك «ئەڭ ياخشى قىلىش»نىمۇ پەرز قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ ياخشى قىلىشنى پەرز قىلدى، ئۆلتۈرسەڭلارمۇ ئەڭ ياخشى ئۆلتۈرۈڭلار، مال بوغۇزلىساڭلارمۇ، ئەڭ ئەڭ ياخشى بوغۇزلاڭلار، يەنى پىچىقىڭلار ئىتتىك بولسۇن، بوغۇزلانغان مال قىينالمىسۇن»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەر ئىشنى پۇختا قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[2].

قۇرئاندىمۇ ياخشى ئىشنى قىلىشقا تەكلىپ بېرىپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئەڭ ياخشىنى قىلىشقا بۇيرۇلغان: [**وَاتَّبِعُوا أَحْسَنَ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم**] [سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ ياخشى قۇرئانغا ئەگىشىڭلار][3]؛ [**فَبَشِّرْ عِبَادِ الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُ...**] [سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن][4]. قۇرئاندا قارشى مەيداندىكىلەر بىلەنمۇ ئەڭ ياخشى رەۋىشتە مۇنازىرە قىلىشقا بۇيرۇلغان: [**وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**] [ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن ئەڭ ياخشى رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن][5]. قۇرئاندا يەنە ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن يامان خىسلەتكە تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇلغان: [**وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**]

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە زۇمەر، 55 – ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 16 – ۋە 17 – ئايەتلەر.
[5] سۈرە نەھل، 125 – ئايەت.

[ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ئەڭ ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن][1].

قۇرئاندا يەنە يېتىمنىڭ مېلىغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇل بىلەنلا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇلغان: [**وَلاَ تَقْرَبُواْ مَالَ الْيَتِيمِ إِلاَّ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ**] [يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار][2]؛ [**الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ**] [سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، اللهقالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر][3].

الله بۇ ئايەتتە ۋە سۈرە ھۇدنىڭ 7 ـ ئايەتلىرىدە زېمىننىڭ ۋە زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىشى، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنىڭ ئاپىرىدە قىلىنىشى، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتنى بايان قىلىپ: «قايسىڭلارنىڭ ئەلمىلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن» دەيدۇ.

دېمەك، بەندىلەر ئارىسىدىكى بەسلىشىش ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ياخشى بىلەن ئەڭ ياخشى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. شۇڭا مۆئمىن ئادەم داۋاملىق ئەڭ ياخشىغا ۋە ئەڭ ئالىيغا كۆز تىكىشى كېرەك. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «اللهتىن جەننەت سورىغىنىڭلاردا فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار، فىردەۋس جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئالىيسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مېھرىبان اللهنىڭ ئەرشى بار»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان (ئەڭ ياخشى) ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئېھسان دېگەن، اللهنى كۆرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇدا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، سەن اللهنى كۆرەلمىسەڭمۇ، الله سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ».

مانا بۇ ھەدىستە ئىبادەتتىكى ئېھسان (ئەڭ ياخشى)نىڭ مەنىسى «اللهنى كۆرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇدا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش» دەپ ئىزاھلاندى.

الله ئەمەللەرنى قوبۇل قىلىشتا ئەمەلنىڭ شەكلى ۋە مىقدارىغا قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ساپاسىغا ۋە سۈپىتىگە قارايدۇ. شەكلى مۇكەممەل بولسىمۇ، روھى يوق ئەمەللەر دىندا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ**] [شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 34 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 152 – ئايەت.

[3] سۈرە مۇلك، 2 – ئايەت.

[4] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئوقۇيدۇ[1]؛ [وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ] [ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى][2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «روزىدار يالغانچىلىقنى ۋە ساختىلىقنى تەرك ئەتمىسە، ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكنى تەرك ئېتىشىگە اللهنىڭ ھاجىتى يوق»[3]؛ «بەزى روزىدارلارنىڭ روزا تۇتۇپ ئېرىشىدىغىنى ئاچ قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بەزى تەھەججۇد ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ ئېرىشىدىغىنى ئۇيقۇسىز قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»[4]؛ «ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئىنسان ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ھىجرەت قىلغان كىشى اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، مال ـ دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ياكى خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشى پەقەت شۇ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[5].

ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىدا نىيەت ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقتىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ھەدىسكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن؛ ئۇلار: «كىمكى بىز بۇيرۇمىغان ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئەمەلنىڭ زاھىرى ئۆلچىمى دەپ قارىغاندەك، مەزكۇر ھەدىسنى ئەمەلنىڭ باتىنى ئۆلچىمى دەپ قارىغان. بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ھەدىسنى ئىسلامنىڭ تۆتتىن بىرى بايان قىلىنغان دېسە، يەنە بەزىلىرى ئۈچتىن بىرى بايان قىلىنغان دەپ ھېسابلىغان. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ ھەدىس توپلىمىنى مەزكۇر ھەدىس بىلەن باشلىغان.

فۇزەيل ئىبنى ئىيازدىن:

- [قايسىڭلارنىڭ ئەملى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن] دېگەن ئايەتتىكى: ئەڭ ياخشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ - دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

- ئەڭ ياخشى ئەمەل دېگەن ئەڭ خالىس، ئەڭ توغرا بولغان ئەمەلدۇر، - دەپ جاۋاب بەردى.

- ئەمەل قانداق بولغاندا ئەڭ خالىس، ئەڭ توغرا بولىدۇ؟ - دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

- الله ھەم خالىس ھەم توغرا بولغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ، توغرا بولسىمۇ خالىس بولمىسا، قوبۇل قىلمايدۇ، خالىس بولسىمۇ توغرا بولمىسا، يەنە قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمەل پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، خالىس بولغان بولىدۇ، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا، توغرا بولغان بولىدۇ.

دىنىي ئىشلار ۋە ئىبادەت ئەمەللىرى ئەنە شۇنداق بولسا، «ئەڭ ياخشى» بولغان بولىدۇ. ئەمما دۇنيالىق ئىشلار باشقىلارنى بېسىپ چۈشكىدەك، باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك پۇختا،

---

[1] سۈرە مائۇن، 4 – دىن 7 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە بەييىنە، 5 – ئايەت.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇكەممەل ئىشلەنگەندىلا ئاندىن «ئەڭ ياخشى» بولغان بولىدۇ. بۇ پىكرىمىزگە مۇسۇلىم قاتارلىق مۇھەددىسلەر بايان قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىلدۇر: «سالمىنى بىر ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن كىشىگە يۈز ساۋاب يېزىلىدۇ، ئىككى قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭدىن ئازراق ساۋاب يېزىلىدۇ، ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن كىشىگە ساۋاب تېخىمۇ ئاز يېزىلىدۇ». مانا بۇ ھەدىس ھەرقانداق ئىشنى كېلىشتۈرۈپ، ناھايىتى پۇختا قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. سالما ئۆلتۈرۈش گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش «ئۆلتۈرسەڭلارمۇ ئەڭ ياخشى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەمەلنى ئەڭ ياخشى قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېز ئۆلتۈرگەندە، ئۆلتۈرۈلگەن نەرسە بەك قىينىلىپ كەتمەيدۇ.

ئەمەللەر مىقدارى ۋە ھەجمى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك، ئادەم ئۆمرىنىڭ بەرىكىتىمۇ ئۇزۇنلۇق بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە بەرىكەت بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىسىمۇ، لېكىن ياخشى ئەمەللەرنى، ئەڭ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىۋالايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاتائۇللانىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار: بەزى ئۆمۈر بەكمۇ ئۇزۇن، بەرىكىتى تولىمۇ ئاز. بەزى ئۆمۈر بەكمۇ قىسقا، بەرىكىتى چەكسىز كۆپ. ئۆمرىگە بەرىكەت بېرىلگەن كىشىلەر ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە اللە تائالانىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېھسانلىرىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگەچكە، بار ـ يوقى يىگىرمە ئۈچ يىل ئىچىدە، ئەڭ چوڭ دىنغا ئۇل سالدى؛ ئەڭ پەزىلەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈردى؛ ئەڭ ياخشى ئۇممەتنى قۇرۇپ چىقتى؛ ئەڭ ئادىل دۆلەت بەرپا قىلدى؛ بۇتپەرەس كاپىرلارنى، ھىيلىگەر يەھۇدىيلارنى يەڭدى؛ ئۇممىتىگە توغرا يول كۆرسەتكۈچى سۈننەتنى، مول مەزمۇنلۇق سىيرەتنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى يېرىم يىل ئىچىدىلا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كاززابلارنى باستۇرالىدى، مۇرتەدلەرنى ئىسلام سېپىگە قايتۇرۇپ كېلەلىدى، پارس ۋە رىمنى فەتھى قىلىشقا قوشۇن تەشكىللىيەلىدى، زاكات بەرگىلى ئۇنىمىغانلارنى ئەدەپلىيەلىدى، كەمبەغەللەرگە (اللە ئۇلارغا بايلارنىڭ ماللىرىدا بېكىتىپ بەرگەن) ھەقلىرىنى تولۇق ئېلىپ بېرەلىدى، تارىخ بېتىگە: «ئىسلام دۆلىتى كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۇنجى دۆلەت» دېگەن خاتىرىنى يازدۇرالىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئون يىل ئىچىدە تاشقى جەھەتتە نۇرغۇن ئەللەرنى فەتھى قىلدى، ئىچكى جەھەتتە دۆلەتنىڭ ۋە كېيىنكى ئىشلارنى تۇزۇمىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملىدى، كېيىنكىلەرگە: «تۇنجى بولۇپ ئۆمەر قىلغان ئىشلار» بىلەن ياخشى يول ئېچىپ بەردى، ئىجتىمائى ئىشلار فىقھىسىنىڭ ئۇللىرىنى مۇستەھكەملىدى. بولۇپمۇ، مەقسەتنى ئاساس قىلىش، مەنپەئەتلەرنى ئۇزئارا سېلىشتۇرۇش، بوغۇنلار ئۇزئارا كېپىل بولۇشۇشنى ئاساس قىلغان دۆلەت قۇرۇش فىقھىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، كىشىلەرنى ھۆكۈمدارغا نەسىھەت قىلىشقا ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى: «نەسىھەت قىلمىساڭلار ئەيىب سىلەردە، نەسىھەت ئاڭلىمىساق ئەيىب بىزدە» دېدى. دۇنياغا بېرىلمىدى. ھەقتە چىڭ تۇردى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەدلى ـ ئادالەتنى ۋە

باراۋەرلىكنى شۇ دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇردىكى، ۋالىيلاردىن، ۋالىي جەمەتىدىن ئادەتتىكى پۇقرانىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆزى خەلىپە بولغان ئوتتۇز ئاي ئىچىدە اللهنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئادالەت ۋە ھىدايەت يوللىرىنى جانلاندۇردى، زوراۋانلىقلارنى، بىدئەت ۋە زالالەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتتى، كىشىلەرنىڭ زايا بولغان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان ئىشەنچىسى قايتا ئەسلىگە كەلدى، تىنچ ـ ئامانلىق ھۆكۈم سۈردى، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولدى، ھەتتا پۇلدارلار: "زاكاتنى نەگە بېرەرمەن" دەپ غەم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. اللهنىڭ پەزلى بىلەن كىشىلەر ئەنە شۇنداق باي بولدى.

ئىمام شافئى ئاران 54 يىل (ھىجرى 150 ـ 204) ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، شۇنچىۋالا بۈيۈك، ئىلمىي، ئىجادىي بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئىمام غەزالىيمۇ 54 يىل (ھىجرى 450 ـ 505) ياشىدى، ئەمما ئۇ ئۆممەتكە شۇنچىۋالا كۆپ خىل، سەرخىل ئىلمىي بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئىمام نەۋەۋى قىرىق بەش يىل (ھىجرى 631 ـ 676) ياشىدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن پايدىلىق بولغان مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ فىقھى، ھەدىس، ھەدىس شەرھىسى قاتارلىق تېمىلاردا يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ «قىرىق ھەدىس»، «سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى»، «فىقھى مىتودلىرى»، «ياخشىلار باغچىسى»، «توپلام»... قاتارلىق كىتابلىرى ھەممىمىزگە تونۇش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىبنى ئەرەبى، سەرخەسى، ئىبنۇل جەۋزى، ئىبنۇ قۇددامە، قەرافى، ئىبنى تەيمىيە، ئبنى قەييىم، شاتىبى، ئىبنى خەلدۇن، ئىبنى ھەجەر، ئىبنۇل ۋەزىر، ئىبنۇل ھۇمام، سۇيۇتىي، دىھلەۋى، شەۋكانىي قاتارلىقلار جاھانغا ئىلمۇ ـ ھېكمەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت تارتىپ ئۆتكەن پېشىۋالار ساناقسىز.

دەرھەقىقەت، ئۆلمەي تۇرۇپ تىرىك مۇردا بولۇپ كەتكەنلەر بەك تولا. ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۆلمىگەندەك ياشاۋاتقانلارمۇ ھەم تولا. ياخشىلىقتا يول ئاچقانلار، بىلىم ئۇرۇقى چاچقانلار، يارامىلىق پەرزەنت يېتىشتۈرگەنلەر ـ مانا بۇلار ئۆمۈرلىرىگە ئۆمۈر قوشقانلار بولۇپ، نام – شەرىپى ئۇزۇن زامانغىچە ئۆچمەي ياشايدىغانلاردۇر.

# تۆتىنچى باب

# ئىلىم ۋە تەپەككۇر ساھەسىدە ئاۋۋال نىمە قىلىش كېرەك

## ئەمەلدىن ئىلىم ئەلا

شەرئەت ھۆكمىدە ئىلىم ئەمەلنىڭ يېتەكچىسى ۋە يول باشلىغۇچىسى بولغانلىقتىن، ئىلىمنى ئەمەلنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش مۇھىم دەپ قارىلىدۇ. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «**العلم إمام، والعمل تابعه**» «ئاۋۋال ئىلىم، ئاندىن ئەمەل».

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام بۇخارىي ئۆزىنىڭ سەھىھ ھەدىس توپلىمىدا: «ئىلىم ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» سەرلەۋھەلىك بىر باب يازغان. بۇ بابقا شەرھى يازغانلار مۇنداق دەيدۇ: ئىمام بۇخارىينىڭ بۇ بابنى قويۇشتىكى مەقسىتى شۇكى، ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئىلىم شەرت بولۇپ، ئىلىمسىز ئەمەل ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئىلىم ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىلىم نىيەتنى توغرىلايدۇ، ئەمەلنىمۇ توغرىلايدۇ. «ئەمەلسىز ئىلىم پايدىسىز» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، ئىلىمنى كىچىك كۆرمەسلىك، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئىمام بۇخارىي ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىگە تۆۋەندىكىدەك بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرگەن: [**فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ**] [بىلگىنكى، اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن][1].

الله بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ رەسۇلىنى ئاۋۋال تەۋھىدنى بىلىشكە، ئاندىن ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرىدى. بۇ ئايەتتىكى خىتاب گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

[**إِنَّمَا يَخْشَى اللهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ**] [اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللهتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ][2].

مانا بۇ ئايەتتە ئىلىمنىڭ اللهتىن قورقۇشنى پەيدا قىلىدىغانلىقى، ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

[**من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين**] [الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىننى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ][3]. چۈنكى، ئالىم بولسا، ئەمەل قىلىدۇ، ئەمەلنى ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ.

قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتلىرىدىنمۇ ئىلىمنىڭ ئەمەلنىڭ ئالدىدا

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 19 – ئايەت.

[2] سۈرە فاتىر، 28 – ئايەت.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى بولغان «ئوقۇغىن» دېگەن ئايىتى، ئاندىن ئەمەل ھەققىدىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: [يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ قُمْ فَأَنذِرْ وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ] [ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! ئىنسانلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت][1].

ئىلىمنىڭ ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىلىم ئېتىقادنىڭ ۋە ئەمەللەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىيدۇ، ئىبادەتتە سۈننەتنى بىدئەتتىن، مۇئامىلىدە ئىناۋەتلىكنى ئىناۋەتسىزدىن، ئىش ــ ھەرىكەتتە ھالالنى ھارامدىن، ئەخلاقتا پەزىلەتتىن رەزىللىكنى، ئۆلچەمدە يوللۇقنى يولسىزدىن، ساۋابى چوڭ ئەمەلنى ساۋابى كىچىك ئەمەلدىن ئايرىيدۇ.

شۇ ۋەجىدىن بىزنىڭ بۇرۇنقى پېشىۋالىرىمىز كىتاب يازسا، كىتابنى «ئىلىم ھەققىدىكى باب»دىن باشلىغان. مەسىلەن، ئىمام غەزالىي: «إحياء علوم الدين» (دىنىي ئىلىملەرنى ئەھيا قىلىش)، «منهاج العابدين» (ئىبادەتگۈيلارنىڭ يولى) ناملىق ئىككى كىتابىدا شۇنداق قىلغان. ھاپىز مۇنزىرىمۇ: «الترغيب والترهيب» (رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش) ناملىق كىتابىدا نىيەت، ئىخلاس ۋە قۇرئان ـ ھەدىسكە ئەگىشىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىنلا، بۇ كىتابنى: «ئىلىم بابى» بىلەن باشلىغان.

بىز يورۇتماقچى بولغان بۇ تېمىمىزمۇ ئىلىمنى ئاساس قىلىدۇ، ئىلىم بولغاندىلا نېمىنى ئاۋۋال قىلىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى كېيىن قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز. ئىلىم بولمىسا، قارىغۇ چاشقاندەك تېنەپ قالىمىز.

توغرا يولدا بولغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: ئىلىمسىز ھالەتتە ئەمەل قىلغان كىشى تۈزەگەندىن بەكرەك بۇزۇپ قويىدۇ، ـ دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن. ئۆزى تەقۋادار، ئىخلاسمەن بولسىمۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ۋە دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى دىگۇدەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردا بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققان خاۋارىجلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. ئۇلاردا ئىلىم كەم بولغاچقا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك پەزىلەتلىك، ئىسلامغا ياردەم بېرىشتە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىسى ۋە كۈيئوغلى بولغان بۇ زاتقا قارشى چىقتى، ئەلىنىڭ ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال ساندى. ئۇلار تېخى بۇ ئارقىلىق اللهقا يېقىنلاشماقچى بولۇشتى.

خاۋارىجلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەت تەقسىم قىلىشىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، قوپاللىق ۋە جاھىللىق بىلەن: ئادىل بولمىدىڭ، ـ دېگەن كىشىنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئىدى. بۇنداق ئادەملەر دىنغا يېڭى كىرگەنلەرنىڭ دىلىنى مايىل قىلىش سىياستىنى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ ئۇممەتكە ئېلىپ كېلىدىغان چوڭ پايدىلىرىنى چۈشەنمەيتتى. ۋەھالەنكى، بۇ سىياسەتنى الله قۇرئاندا يولغا

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 1 – دىن 4 – ئايەتكىچە.

قويۇپ، ئۇنىڭغا زاكات ماللىرىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت بەرگەن ئىدى، زاكات ئىشلىتىش توغرا بولغان يەردە ئۇلجا ـ غەنىمەتنى ئىشلىتىش قانداقمۇ توغرا بولمىسۇن؟!

بەزى ساھابىلەر بۇ ھاكاۋۇر ئادەمنى جايلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىمغان ۋە بۇنداق ئادەملەرنىڭ يەنە مەيدانغا چىقىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇنداقلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا قاراپ، نامىزىڭلارنى ئازكەن دەپ قالىسىلەر. تۇتقان روزىسىغا قاراپ، روزاڭلارنى ئازكەن دەپ قالىسىلەر، ئۇلارنىڭ ئەمەلىگە قاراپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەلىنى ئاز كۆرۈپ قالىسىلەر، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ ـ يۇ، ئوقۇغان قۇرئانى كېكىردىكىنىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدۇ، ئۇلار دىندىن خۇددى ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ».

«ئوقۇغان قۇرئانى كېكىردىكىنىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى: قۇرئاننى چۈشەنمەيدۇ، قۇرئان بىلەن كۆڭلى ئاقارمايدۇ، نامازنى كۆپ ئوقۇغان، روزىنى كۆپ تۇتقان بىلەن ھېچبىر ئىبادەتنى پايدا قىلمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى يەنە: «ئەھلى ئىسلامنى ئۆلتۈرۈپ، بۇتپەرەسلەر بىلەن كارى بولمايدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن.

مانا بۇنداقلارنىڭ نىيتىدە مەسىلە يوق، مەسىلە پەقەت ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىدە. شۇڭا ئۇلار يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ سۈپەتلەنگەن: «ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك، ئەقلى قىسقىدۇر».

مانا بۇنداقلار ئىلمى ئاز، چۈشەنچىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، اللهنىڭ كىتابىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنى چۈشىنەلمىدى، ئاز ـ تولا چۈشەنگەندىمۇ قۇرئاننى نازىل قىلغان اللهنىڭ مۇرادىغا زىت كېلىدىغان خاتا چۈشەنچىدە بولدى.

شۇ ۋەجىدىن ئۇلۇغ پېشىۋايىمىز ھەسەن بەسرى ئىلىم بىلەن قۇراللانماي تۇرۇپ، ئىبادەتكە زىيادە بېرىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر پاساھەتلىك سۆزنى قىلغان: “ئىلىمسىز تۇرۇپ ئەمەل قىلغان كىشى يولنىڭ سىرتىدا ماڭغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئىلىمسىز تۇرۇپ ئەمەل قىلغان كىشى تۈزىگەندىن بەكرەك بۇزۇپ قويىدۇ، شۇڭا ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار ـ يۇ، ئىبادەتنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتماڭلار، ئىبادەت قىلىڭلار ـ يۇ، ئىلىمنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتماڭلار. بىر مۇنچە ئادەملەر ئىبادەت قىلىمىز دەپ يۈرۈپ ئىلىمنى تاشلاپ قويدى، ئۇلار ئاخىرى بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلىچ تەڭلىدى، ناۋادا ئۇلار ئىلىم ئۆگەنگەن بولسا ئىدى، ئۇنداق ناتوغرا ئىشنى قىلماس ئىدى».

## قوماندانىنىڭ ئالىم بولۇشى شەرت

ھەرقانداق قوماندانىدا ئىلىم بولۇشى شەرت، مەيلى ئۇ سىياسى قوماندان ياكى ھەربى قوماندان ۋە ياكى ئەدلىيە ئەمەلدارى بولسۇن، ھەممىسى ئالىم بولۇشى كېرەك.

مەسىلەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىقتىسادى، يېزا ئىگىلىك، تەمىنات ۋە پىلان قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىملىك بولغاچقا، مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭ قوماندانلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ:

[إِنَّكَ الْيَوْمَ لَدَيْنَا مِكِينٌ أَمِينٌ] [سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن][1] دېگەنىدى.

الله تائالانىڭ بەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ تاللىنىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: [إِنَّ اللهَ اصْطَفَاهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ] [الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى][2].

خەلىپىگە ئوخشاشلا قازىنىڭمۇ مۇجتەھىد ئالىم بولۇشى شەرت، قازى باشقىلارنى تەقلىد قىلىدىغان ئالىم بولۇپ قالسا، قازى بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ. چۈنكى، ھەقنى دەلىل بىلەن قوشۇپ بىلىش، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ پىكرىگە باغلىنىپ قالماسلىق ئالىم بولغانلىقتۇر. ئەمما باشقا ئادەملەرگە دەلىلسىز ياكى ئاجىز دەلىل بىلەن ئەگىشىش ئالىمغا ياراشمايدۇ. قازى بولۇشقا مۇجتەھىد ئالىم تېپىلمىغان زۆرۈرىيەت ئەھۋال ئاستىدا تەقلىد قىلغۇچى ۋاقىتلىق قازى بولسا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا ئىلىم بولۇشى كېرەك، قازى ئىلىمسىز بولۇپ قالسا، بىلمەي ھۆكۈم قىلىپ قويىدۇ ـ دە، دوزىخىلار قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قازى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئىككى تۈرلۈك قازى دوزاخقا ، بىر تۈرلۈكى جەننەتكە كىرىدۇ. ھەقنى بىلىپ، ھەق ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتكە كىرىدۇ؛ بىلمەسلىك تۈپەيلى قازىلىق قىلغان كىشى بىلەن ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ، خاتا ھۆكۈم قىلغان قازى دوزاخقا كىرىدۇ»[3].

## مۆپتىنىڭ ئالىم بولۇشى زۆرۈر

مۆپتىلىقمۇ قازىلىققا ئوخشايدۇ، پەقەت ئىلىمدە توشقان، دىندا ئالىم بولغان كىشىلا مۆپتى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئالىم بولماي تۇرۇپ مۆپتىلىق قىلسا، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ قويىدۇ. الله پەرز قىلغاننى يوق قىلىۋېتىپ، پەرز قىلمىغان ئىشلارغا كىشىلەرنى مەجبۇرلاپ قويىدۇ. سۈننەتنى بىدئەت، بىدئەتنى سۈننەت قىلىپ قويىدۇ، مۆئمىننى كاپىر، كاپىرنى مۆئمىن قىلىپ قويىدۇ. ئىلىمسىزلىك نەتىجىسىدە ئەنە شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، ئەمدىلا ئېغىزى ئىبارەتكە كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قاپ يۈرەكلىك بىلەن مۆپتى بولۇۋالسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بۇ ئەھۋال دەۋرىمىزدە كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ. خالىغان ئادەملەر دىن بارىسىدا ئېغىزىغا كەلگەنچە سۆزلەۋاتىدۇ، ئۇدۇل كەلگەنچە يېزىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان، ھەدىس ۋە بۇرۇنقى پېشىۋالىرىمىز بۇ خەتەرلىك ساھەگە سالاھىيەت ۋە شەرتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ كىرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان

[1] سۈرە يۇسۇف، 54 – ۋە 55 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە، 247 – ئايەت.

[3] ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

ئىدى. مۆپتىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلاش، مۆپتىلىق شەرتىگە توشۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەس!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى دەۋردە پەتىۋاغا ئالدىراپ، ياردار بىر كىشى جۇنۇپ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ يارىسىنى نەزەردە تۇتماي، غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولۇپ قالغانلارغا قاتتىق كايىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «بۇ پەتىۋاچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، الله ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرسۇن! ئۇلار بىلمىگەندىكىن سوراپ بولمامدۇ، بىلمەسلىكنىڭ چارىسى سوراشقۇ، ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلسا كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟!...»[①] .

كۆردىڭىزمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەتىۋاچىلارنى «ئۆلتۈرۈپتۇ» دەۋاتىدۇ. ئۇلارغا: «الله ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرسۇن!» دەپ بەددۇئا قىلىۋاتىدۇ. بىلمەي قىلغان پەتىۋا ئەنە شۇنداق ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىبنۇل قەييىم قاتارلىق ئۆلىمالار اللهنىڭ دىنىدا ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئورتاق قاراشقا كەلگەن، بۇنداق قىلىش: [**وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ**] [اللهنىڭ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى][②] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە خىلاپ دەيدۇ. ئىبنى قەييىم ئىلىم دەۋاگەرلىرىنىڭ، ناباپلارنىڭ، چالا موللىلارنىڭ مۇپتى بولۇش يولىنى توسىدىغان نۇرغۇن ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنى نەقىل قىلغان.

ئىبنى سىرىن مۇنداق دېگەن: بىلمەي تۇرۇپ قالايمىقان پەتىۋا بەرگەندىن بىلمىسىز ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى.

ئەبۇ ھۇسەين ئەل ئەشئەرى مۇنداق دېگەن: بەزىلەر ئۆمەر جېنىدا بەدرگە قاتناشقان ساھابىلەرنى يىغماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا پەتىۋا بەرمەيدىغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا پىچىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ زاماندىكىلەر بىزنىڭ قاپ يۈرەكلىكىنى كۆرگەن بولسا، نېمە دەر ئىدى ـ ھە؟!

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار مۇنداق دېگەن: خەق سورىغانلىكى مەسىلىنىڭ ھەممىسىگە پەتىۋا بەرگەن ئادەم ساراڭ ئادەمدۇر!

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بەرسەم، مېنى ئاسمان بېسىۋالماسمۇ، يەر يۇتماسمۇ؟!

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمدىن بىلىدىغان مەسىلە سورالسا، ئۇ: الله تېخىمۇ ئوبدان بىلگۈچىدۇر، - دېسە، بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان جاۋاب بولامدۇ؟! (كېيىنكى جۈملىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان).

تابىئىنلارنىڭ پېشۋاسى ئىبنى مۇسەييەب پەتىۋا بەرسىلا مۇنداق دەيتتى: ئى الله! مېنى خاتا پەتىۋا بېرىشتىن ساقلىغىن، مېنىڭ پەتىۋايىم سەۋەبلىك باشقىلار زىيان تارتىپ قالمىسۇن.

مانا بۇ سۆزلەر مۇپتىلىقنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى؛ مۇپتى بولۇش ئۈچۈن مول بىلىم ئىگەللەپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ ياكى ئۆزگىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن

[①] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[②] سۈرە ئەئراف، 33 – ئايەت.

ساقلىنىپ، تەقۋادار سالاھىيەت ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
شۇ ۋەجىدىن دىنىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ، دىنىي قوشۇمچە ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىشىغا كىشىنىڭ ناھايىتى تەئەججۈپ قىلغۇسى كېلىدۇ. ئۇلار ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرگە ئالدىراپ پەتىۋا پىچىشىدۇ، كاتتا ئالىملار بىلەن بەسلىشىدۇ، بۈيۈك پېشىۋالار بىلەن، بايراقدار ساھابىلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق بىلەن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ: «ئۇلارمۇ بىزدەك ئادەمغۇ» دېيىشىدۇ!
مانا بۇنداقلار ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كەملىكىنى بىلىۋېلىشى، ئاندىن كېيىن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىشى ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەغرۇرلۇق ئۇلارنى توسۇپ قويىدى. بۇ خەقنىڭ قىلمىشىغا توۋا دېمىسە بىكار.

## دەۋەتچىلەرنىڭ ۋە دىن ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ ئالىم بولۇشى زۆرۈر

قازىلىققا، مۇپتىلىققا مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىلمىي سەۋىيە كېرەك بولغان يەردە دەۋەتچىلىككە ۋە تەلىم ـ تەربىيەگە ئىلىم تېخىمۇ لازىم بولىدۇ. اللە تائالا ئۆزىنىڭ رەسۇلىغا مۇنداق دېگەن: [**قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَاْ وَمَنِ اتَّبَعَنِي**] [ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) اللەقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز][1].
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئىچىدىن دەۋەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق بىر كىشى دەلىلگە ئاساسلىنىشى كېرەك. يەنى ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى چۈشىنىشى، نېمىگە دەۋەت قىلىۋاتقىنىنى، كىمنى دەۋەت قىلىۋاتقىنىنى، قانداق دەۋەت قىلىشنى ئېنىق ئاڭقىرىشى كېرەك.
شۇ ۋەجىدىن ئۆلىمالار: «رەببانىي» دېگەن بىلىدىغان، بىلىمىگە ئەمەل قىلىدىغان ۋە بىلىم ئۆگىتىدىغان كىشىدۇر، ـ دەيدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغان: [**وَلَكِن كُونُواْ رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ**] [ۋە لېكىن كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار][2].
ئىبنى ئابباس «رەببانىي» دېگەن سۆزنى: فىقھىنى بىلىدىغان دانا كىشى دەپ ئىزاھلايدۇ.
بەزىلەر: «رەببانىي» دېگەن ئۇچۇق مەسىلىلەرنى بۇرۇن، نازۇك مەسىلىلەرنى كېيىن ئۆگىتىدىغان كىشى دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ سۆزنى: ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان كىشى دەپمۇ ئىزاھلايدۇ. مەيلى بۇ سۆزگە نېمە دەپ ئىزاھات بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، «رەببانىي بولۇڭلار» دېگەنلىك: ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ھالىنى نەزەردە تۇتۇپ، شارائىتقا قاراپ ئاستا ـ ئاستا ئۆگىتىپ، ئىلىمدە پەللىمۇ پەللە يۇقىرى ئۆرلەتىڭلار، ـ دېگەنلىكتۇر.

[1] سۈرە يۇسۇف، 108 – ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 79 – ئايەت.

دەۋەت ۋە تەلىم ـ تەربىيەدە بىلىملىك بولۇشنىڭ بىر تەقەززاسى شۇكى، دەۋەتچى ۋە تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئوڭايلاشتۇرۇش پرىنسىپىنى قوللىنىشى كېرەككى، تەسلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى قوللانماسلىقى كېرەك؛ خۇش بىشارەت بېرىشى كېرەككى، ئۈركۈتمەسلىكى كېرەك. بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئوڭايلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار؛ خۇش بىشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتمەڭلار».

«فەتھۇل بارىي»دا مەزكۇر ھەدىس مۇنداق شەرھلەنگەن: بۇ ھەدىستە دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت شۇكى، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا دەسلەپتە قاتتىق قوللۇق قىلماي، ئۇلارنى كۆندۈرۈۋېلىڭلار. گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توسۇشتىمۇ قەدەممۇ قەدەم توسۇڭلار. چۈنكى، بىر نەرسە دەسلەپتە ئوڭاي بولسا، ئۇ نەرسە كىشىگە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ، قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارغانچە قىزغىنلىقى ئېشىپ بارىدۇ، دەسلەپتە تەس بولسا، ئۇنداق بولمايدۇ.

بۇ شەرھى يازغۇچىنىڭ سۆزىدىن: ئوڭايلاشتۇرۇش يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغىلا خاس ئوخشايدۇ، ـ دېگەن ئۇقۇم چىقىۋاتىدۇ، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى، ئوڭايلاشتۇرۇش ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان دائىملىق پرىنسىپتۇر. لېكىن، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا، يېڭىدىن تەۋبە قىلغانلارغا ياكى ئوڭايلاشتۇرۇشقا موھتاج بولغان كېسەللەرگە، ياشانغانلارغا، ھاجەتمەنلەرگە نىسبەتەن ئوڭايلاشتۇرۇش تېخىمۇ بەك لازىم بولىدۇ.

دەۋەتتە ۋە تەلىم ـ تەربىيەدە بىلىملىك بولۇشنىڭ يەنە بىر تەقەززاسى شۇكى، كىشىلەرگە دىنىي بىلىملەرنى ئۇلار كۆتۈرەلىگۈدەك، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا سىغقۇدەك سىڭدۈرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلىمەسلىك كېرەك، بولمىسا ئۇلار قايمۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈدەك سۆزنى قىلىڭلار، ئۇلار چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى قويۇپ تۇرۇڭلار، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئىنكار قىلىنىشۇن دېمەيدىغانسىلەر![1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سەن بىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ كاللىسى يەتمەيدىغان سۆزنى قىلساڭ، بۇ سۆزۈڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ[2].

## چۈشىنىش قارىسىغا يادلاشتىن ئەلا

ئىلىمنىڭ ئەمەلىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى بارىسىدا سۆزلەۋاتقان بۇ ئورۇندا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە چېتىلىدىغان بىر مۇھىم ئىشنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئۇ بولسىمۇ، چۈشىنىشنىڭ قارىسىغا يادلاشتىن ئەلا ئىكەنلىكى بولۇپ، ھەقىقىي ئىلىم

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بولىدۇ.

ئىسلام دىنى بىزدىن نوقۇل دىن ئۆگىنىشنىلا ئەمەس، بەلكى دىننى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ**] [ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىننى چۈشىنىپ ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اﷲتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟][1] .

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «اﷲ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىننى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ»[2] .

چۈشىنىش بىلىشكە قارىغاندا چوڭقۇرراق مەنىگە ئىگە. شۇڭا اﷲ تائالا قۇرئاندا كاپىرلارنى، مۇناپىقلارنى «چۈشەنمەيدۇ» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئادەملەر خۇددى ئالتۇن، كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشاش بىر كاندۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ياخشىلىرى ئىسلامغا كىرگەندىمۇ ياخشىدۇر، دىننى چۈشەنسە».

بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «اﷲ مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى زېمىنغا كۆپ ياغقان يامغۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. زېمىننىڭ بەزى يەرلىرى سۇ سىڭىدىغان، نۇرغۇن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراقتۇر. بۇ، اﷲنىڭ دىننى چۈشەنگەن، اﷲ مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىلىمدىن مەنپەئەتلەنگەن، بىلگەن ۋە بىلدۈرگەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر؛ زېمىننىڭ بەزى جايلىرى سۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان سۇ سىڭمەس يەرلەردۇر، اﷲ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە مەنپەئەت بېرىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، سۇغۇرىدۇ ۋە تېرىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ، اﷲ مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىلىمنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر؛ يامغۇر ياغقان بەزى يەرلەر سۇنىمۇ ساقلىمايدىغان، ئوت ـ چۆپمۇ ئۈندۈرمەيدىغان تىك قىيالاردۇر، بۇ، اﷲ مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر».

مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەكەلگەن ھىدايەت ۋە ئىلىم زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ ياغقان يامغۇرغا ئوخشىتىلدى، يامغۇر قاقاس زېمىننى كۆكەرتكەندەك دىنى ئىلىم قاغجىرىغان قەلبلەرنى ياشارتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ ئىلىمنى قوبۇل قىلىشى زېمىننىڭ يامغۇرنى قوبۇل قىلىشىغا ئوخشايدۇ: مۇنبەت يەرلەر سۇنى سۈمۈرۈپ، سۇدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرگەندەك، مېڭىسى سەگەك ئادەملەر دىنى ئىلىمنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىدۇ؛ سۇ سىڭمەس يەرلەر سۇنى ساقلاپ، باشقىلارغا ئىچۈرۈپ ئۆزى ئىچەلمىگەندەك، بەزى ئادەملەر ئۆتكۈر زېھنىلىرى بىلەن دىنى ئىلىملەرنى كۆپلەپ يادقا ئالسىمۇ، ئەمما ئۇنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئىلىم تەشنالىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىسىمۇ، ئەمما ئۆزى ئۇنىڭدىن

[1] سۈرە تەۋبە، 122 – ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پايدىلىنالمايدۇ. تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىس مانا شۇ تۈردىكى ئادەملەرگە ئىشارەت قىلىدۇ: «اللە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئاڭقىرىغان ۋە ئاڭلىغىنى بويىچە يەتكۈزگەن كىشىلەرنى ياشارتۇۋەتسۇن! دىنى ئىلىمنى يۇدۇپ يۈرۈپمۇ چۈشەنمەيدىغانلار بار، دىنى ئىلىمنى ئۆگەتكۈچىدىن ئۆگەنگۈچى بەكرەك چۈشىنىدىغان ئىشلارمۇ بار]. تىك قىيالارغا سۇ سىڭمەيدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا سۇ ساقلاپمۇ بېرەلمەيدۇ، بەزى ئادەملەر خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش دىنى ئىلىمنى ھەم ئۆگىنەلمەيدۇ ھەم چۈشىنەلمەيدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، دىنى ئىلىمنى چۈشەنگەنلەرنىڭ دەرىجىسى يادلىغانلارنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا چۈشىنىش قارىسىغا يادلاشتىن ئەلا بولۇپ، فەقىھنىڭ دەرىجىسى ھەدىس يادقا ئالغۇچىنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرىدۇر.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ياخشى دەۋرلىرى بولغان ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە تۆر فىقھىگە مەنسۇپ ئىدى، چۈشكۈنلىشىش ۋە چېكىنىش دەۋرىگە كەلگەندە تۆر ياد ئالغۇچىلارغا تەۋە بولۇپ قالغان.

مەن يادلاشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، ئىنساندىكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىھۇدە نەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن، بۇنداق دېيىش توغرا بولمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، يادلاش پەقەت كېيىنچە پايدىلىنىش مەقسىتىدە كاللىغا مەلۇمات قاچىلىغانلىقتۇر، يادلاش بىۋاستە مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋاستىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاتالىقى شۇكى، ئۇلار يادلاشنى چۈشىنىشتىن مۇھىم بىلدى، يادلاشقا نورمال دەرىجىدىن ئاشۇرۇپراق ئەھمىيەت بەردى. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان يادقا ئالغانلار زىيادە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ھەرقايسى رايونلاردا قىرائەت مۇسابىقىلىرى ئۆيۈشتۈرۈلدى، قارىيلارغا قىممەت باھالىق مۇكاپاتلار تەقدىم قىلىندى. بۇ، قەدىرلەشكە ۋە رەھمەت ئوقۇشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما، تەپسىر، ھەدىس، فىقھ، ئۇسۇلى فىقھ، ئەقىدە، دەۋەت قاتارلىق شەرىئەت بىلىملىرىدە كامالەت تاپقانلارغا شۇ مۇكاپاتلارنىڭ يىرىمى بەلكى يىرىمىنىڭ يىرىمىمۇ بېرىلمىدى. ۋەھالەنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجى بۇلارغا بەكرەك چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ پايدىسى قارىيلارنىڭكىدىن چوڭراق ۋە مولراق بولىدۇ.

قارىسىغا يادلاشنى ئاساس قىلىش، چۈشىنىشنى ۋە ھەزىم قىلىشنى ئاساس قىلماسلىق ئومۇمى مائارىپىمىزدىكى يەنە بىر ئەيىبتۇر. قارىسىغا يادلىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئۆگەنگەنلىرىنى ئىمتىھان بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ناۋادا ئۇ چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆگەنگەن بولسا ئىدى، بىلىم ئۇنىڭ قەلبىگە چىڭراق ئورنايتتى، بۇنچە تېز يوقالمايتتى.

## شاكىلىدىن مېغىزى ئەلا

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈش، شەرىئەتنىڭ سىرلىرىنى ۋە شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىش، شەرئى ھۆكۈملەرنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە باغلاش، ھەرقانداق شاخچە مەسىلىدە ئۇنىڭ يىلتىزىنى تېپىش، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش، ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ زاھىرى مەنەلىرىنى بىلىش بىلەن كۇپايىلەنمەسلىك، يۇزەكى مەنەلارنى ئاساس قىلىپ قاتماللىق قىلىپ

تۇرۇۋالماسلىق «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك»لىكىنى چۈشىنىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆپلىگەن تېكىستلىرىدىن ئىبادەت، مۇئامىلە، ئائىلىۋي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى تۈرلۈك ھۆكۈملەرنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇمكى، شەرىئەتنىڭ ھەرقانداق ئەمرى، نەھيى ۋە مۇباھ دەپ يولغا قويغان ھۆكۈملىرىدە مەقسەت بار. شەرىئەتتە ھېچقانداق بىر ھۆكۈم قارىسىغا يولغا قويۇلغان ئەمەس. بەلكى اللە تائالانىڭ كامالەت، ئىلىم ۋە مېھرى ـ شەپقەت سۈپەتلىرىگە لايىق كاتتا بىر مەقسەت بىلەن يولغا قويۇلغان. اللە تائالانىڭ: «بىلگۈچى، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى» دەيدىغان سۈپەتلىرى بار. شۇڭا اللە يارىتىشتا ھېكمەت بىلەن ياراتقاندەك، يولغا قويغان شەرئى ھۆكۈملەردىمۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغان. اللەنىڭ يارىتىشتىكى ھېكمىتى ھەممىگە ئايان بولغاندەك، شەرىئەتنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمىتى ھەممىگە ئاياندۇر. اللە ھېچنەرسىنى بىھۇدە ياراتمىغان، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر ھۆكۈمنىمۇ قارىسىغا يولغا قويغان ئەمەس.

اللەنىڭ يارىتىشتىكى ھېكمىتىنى چۈشەنگەن ئەقىل ئىگىلىرى: [**رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ**] [پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن][1] دەيدۇ، بىزمۇ ھەم: [پەرۋەردىگارىمىز، شەرىئەت ھۆكمىنى بىكار يولغا قويمىدىڭ] دەيمىز!

دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەجەللىك خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئىلىم دېڭىزىنىڭ يۈزىدە لەيلەپ قېلىپ تېگىگە چۆكەلمىدى. چۈنكى ئۇلار ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزگۈدەك، بۇ دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرگۈدەك، ئۇنىڭدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت سۈزۈپ چىققۇدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئايەت ـ ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، سىر ۋە مەقسەتلىرىنى ئۇقالمىدى، شاخچە مەسىلىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، يىلتىز مەسىلىلەر بىلەن كارى بولمىدى، اللەنىڭ دىنىنى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چېچىلاڭغۇ، چۇۋالچاق، رەتسىز ئوتتۇرىغا قويۇشتى. نەتىجىدە، شەرىئەت ئۇلارنىڭ زۇۋانى ۋە قەلەملىرى ئاستىدا مەخلۇقاتنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغاندەك كۆرۈنۈپ قالدى. بۇنىڭدىكى كەمچىلىك شەرىئەتتە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شەرىئەتنى چۈشىنىشىدە ئىدى. ئۇلار ھۆكۈملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى، ئوخشاش ئىككى نەرسىگە پەرۋاسىز ھالدا ئىككى خىل ھۆكۈم قىلىسا، بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى نەرسىگە بىرخىل ھۆكۈم قىلدى، شەرىئەت زادىلا ئۇنداق قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇنداق زاھىرىۋازلىق كۆپ ھاللاردا اللە كەڭ يول قويغان ھۆكۈملەرنى تارايتىشنى، ئوڭاي يولغا قويغان ھۆكۈملەرنى تەسلەشتۈرۈشنى، تەرەققىي قىلدىغان نەرسىلەرنى قاتماللاشتۇرۇشنى، ئەركىن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى چۈشەپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 191 – ئايەت.

# ئىجتىھاد قىلىش تەقلىد قىلىشتىن ئەلا

ئىجتىھاد قىلىش ۋە يېڭىلاش تەقلىد قىلىش ۋە كونىنى تەكرارلاۋېرىشتىن ئەلادۇر. بۇ بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن: چۈشىنىش ۋە قارىسىغا يادلاش، شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈملەرنى باشقىلارغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق بىلىش، كىشىنى قانائەت تاپقۇزغۇدەك دەلىل بولمىسىمۇ، خەقنىڭ سۆزىنى ياقىلاش، ھەقىقەتنى ئادەمگە قاراپ تونۇش، دەلىلگە ئەمەس ئادەمگە ئەگىشىش ئىلىم ھېسابلانمايتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دەلىل ئاساسىدا مۇستەقىل بىلىش، ئۇنىڭ، بۇنىڭ پىكرىگە ئۇيغۇنلاشقان ياكى ئۇيغۇنلاشمىغانلىقىغا پەرۋا قىلماسلىق، دەلىلگە ئەگىشىپ مېڭىش، ئۆزى ھەق دەپ تونۇغان نەرسىدىن ۋاز كەچمەسلىك ئىلىم ھېسابلىناتتى.

ئىبنى قەييىم تەقلىد قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە مۇنۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرگەن: [**وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ**] [بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمىگىن][1] ۋە مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، تەقلىد قىلىش بىلگەنلىك ئەمەس. ئۇ: «**إعلام الموقعين**» (ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين) ناملىق كىتابىدا تەقلىد قىلىشنىڭ خاتالىقىغا 80دىن كۆپرەك دەلىل كەلتۈرۈپ، تەقلىد قىلىشنى ياقىلىغۇچىلارغا رەددىيە بەرگەن.

كونا ـ يېڭى ئەھلى زاھىرىلارنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنەلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ قاتاللىق قىلىشى ئەيىبلىك ئىش بولسا، ئۇنىداقتا بۇرۇنقىلارنىڭ گېپىگە ئېسىلىۋېلىپ قاتاللىق قىلىش، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتماسلىق تېخىمۇ ئەيىبلىك ئىشتۇر. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، بۇرۇنقىلار بىز ياشىغان بۇ زاماندا ياشاپ، بىز كۆرگەن ئەھۋاللارنى كۆرگەن بولسا، ئۇلار مۇجتەھىد بولغاندىكىن نۇرغۇن پەتىۋالىرىنى ۋە ئىجتىھادى ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى، چوقۇم شۇنداق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پەتىۋالىرىنى ئىككى دەۋر ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگەرتكەن، گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەۋر بەك يېقىن بولسىمۇ، شۇنداق قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ پېشۋالارنىڭ ئۆزلىرى نۇرغۇن پەتىۋالىرىنى ھايات ۋاقتىدا ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا، پىشىپ يېتىلىشىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ياكى زامان ۋە ياكى ماكان ئامىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىجتىھاد بىلەن ئۆزگەرتكەن. ھەتتاكى، ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مىسىرغا ماكانلىشىشىنىڭ ئالدىدا بىر مەزھەب تۇتقان، ئۇ مەزھەب «كونا مەزھەب» دەپ ئاتالغان، مىسىرغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن باشقا بىر مەزھەب تۇتقان، ئۇ مەزھەب «يېڭى مەزھەب» دەپ ئاتالغان. ئىمام شافىئىنىڭ مەزھەب ئۆزگەرتىشى پەقەت ئۇنىڭ بۇرۇن كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەنلىرىنى كېيىن كۆرگەنلىكى ۋە بىلگەنلىكىدىن بولغان. ئىمام ئەھمەدنىڭمۇ بىر مەسىلىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان

---

[1] سۈرە ئىسرا، 36 – ئايەت.

بىرقانچە خىل پەتىۋالارنى بەرگەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب پەقەت پەتىۋانىڭ شارائىت ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان.

## دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا پىلان تۈزۈش كېرەك

بىز: دىنىي ئىشلاردا ئىلىم ئەمەلنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، - دەپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىز دۇنيالىق ئىشلاردىمۇ شۇنداق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىمەكچىمىز.

بىز ھەممە ئىشنى بىلىم ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىدىغان، "بېشىمغا كەلگەندە باتۇر" دەيدىغان قارامىلىقنى قوبۇل كۆرمەيدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ پايدىسىنى دەڭسەپ بېقىش، ئۇنىڭغا پىلان تۈزۈش، سانلىق مەلۇماتلاردىن ۋە ئىستاتىستىكىلاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

مەن باشقا كىتابلىرىم ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىمدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىمكى، ئىستاتىستىكا قىلىش، پىلان تۈزۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانىنى مۇنتىزىم ئىستاتىستىكا قىلغۇزغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخ - تەرجىمىھاللىرىدا تۇرلۇك شەكىلدىكى پىلان تۈزۈشنىڭ ئىزنالىرى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىسلامىزىم ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلاردۇر. ئۇلار ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئالماي، ھازىرقى رېئاللىقنى كۆزەتمەي، ئىجتىھادى ھۆكۈملىرىدىكى خاتا ۋە توغرىنى ئايرىماي، بۇ ۋاقىتقىچە تارتقان زىيان، ئالغان پايدىلار بىلەن ھېسابلاشماي؛ ئۆزىنىڭ ماددىي، مەنىۋىي، ئاشكارا، يوشۇرۇن، پايدىلىنىۋاتقان، پايدىلانمايۋاتقان كۈچىنى بىلمەي يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ. بىزنىڭ ئاجىز نۇقتىمىز قايسى، دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىسى قايسى، بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز قايسى، دۈشمەننىڭ ئەۋزەللىكى قايسى، بىزنىڭ ھەقىقىي دۈشمەنلىرىمىز كىم، دائىملىق دۈشمەن كىم، ۋاقىتلىق دۈشمەن كىم، قايسى دۈشمەننى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، قايسى دۈشمەننى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، قايسى دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، قايسىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ؟ بۇنى بىلمەي، ئەمەلىيەتتە پەرقلىق تۇرغان دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ.

بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىلىم ئىگەللەشكە، ھېسسىياتقا بېرىلمەي، ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مۇھىتنىڭ، زاماننىڭ، ئۆزلۈك شارائىتنىڭ تەسىرىگە زادىلا ئۇچرىمايمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

## فىقھى پىكىرلەردە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك

شەرىئەتنىڭ ئىجتىھادى ھۆكۈملىرى ۋە فىقھى پىكىرلەر ئۈزرىسىدا توقۇنۇشقاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، قايسى پىكىرنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، قايسىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

ئىختىلاپىي مەسىلىلەردە بىرەر پىكىرنى قارىسىغىلا كۈچلەندۈرۈشكە، خاھىشقا ئەگىشىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئۇسۇل فىقھى كىتابلىرىدا «التعارض والترجيح» (زىتلىق ۋە مايىللىق) دەيدىغان بىر چوڭ باب بار. ھەدىس پېشىۋالىرى بۇ مەسىلىنىڭ ھەدىسكە چېتىلىدىغان تەرەپلىرىدە كەڭ توختالغان.

ھازىرقى رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ غەربپەرەس، سېكولارىزمچى دۈشمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئۇرۇشى بولۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئىسلامىزم پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەرخىل پىكىرلەر توقۇنۇشۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، ئىسلامىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقايسى دائىرىلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى خېلىلا ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە بىزنىڭ ھازىرقى شۇ رېئاللىقىمىزغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر قانچە ئىشنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن:

قايسى پىكىرلەردە ئىختىلاپ قىلىشقا بولىدۇ، قايسى پىكىرلەردە ئىختىلاپ قىلىشقا ئورۇن يوق؟ قارشى تەرەپكە نىسبەتەن ئازراق يول قويۇشقا بولىدىغان پىكىرلەر قايسى؟ قارشى تەرەپكە كۆپ يول قويۇشقا بولىدىغان مەسىلىلەر قايسى؟

## كەسكىن دەلىل بىلەن كەسكىن بولمىغان دەلىلنى پەرقلەندۈرۈش

ئىلىم ئەھلىلىرى شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، ئىجتىھاد بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بىۋاستە ئىسپاتلانغان ھۆكۈمگە ئوخشىمايدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بىۋاستە ئىسپاتلانغان ۋە ئىجمائ بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھۆكۈم قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئىختىلاپ بولغان ھۆكۈمگە ئوخشىمايدۇ. بىر ھۆكۈمدە ئىختىلاپنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىجتىھادى مەسىلە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئىجتىھادى مەسىلىدە ئالىملار بىر ـ بىرىنىڭ پىكىرنى خاتاغا چىقارمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆزئارا دوستانە مۇنازىرە قىلىشىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈملەرمۇ كەسكىن بولۇش ۋە كەسكىن بولماسلىق جەھەتتە ناھايىتى پەرقلىق بولىدۇ.

كەسكىن بولۇش ۋە كەسكىن بولماسلىق قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىسپاتلىنىشىدا ۋە مەنىسىدە بولىدۇ:

بەزى ھەدىسلەر ئىسپاتلىنىش ۋە مەنە جەھەتتە كەسكىن ئەمەس.

بەزى ھەدىسلەر ئىسپات جەھەتتە كەسكىن ئەمەس، ئەمما مەنە جەھەتتە كەسكىن.

ئايەتلەر ۋە بەزى ھەدىسلەر ئىسپات جەھەتتە كەسكىن، ئەمما مەنە جەھەتتە كەسكىن ئەمەس.

ئايەتلەر ۋە بەزى ھەدىسلەر ئىسپاتلىنىش جەھەتتىمۇ كەسكىن، مەنە جەھەتتىمۇ كەسكىن.

ئىسپاتلىنىش جەھەتتە كەسكىن بولماسلىق مۇتەۋاتىر بولمىغان ھەدىسلەرگە خاستۇر. مۇتەۋاتىر ھەدىس دېگىنىمىز، باشتىن ئاخىر يالغانغا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ كىشىلەر بايان قىلغان ھەدىستۇر.

بەزى ئۆلىمالار: مۇتەۋاتىر ھەدىس بەك ئاز، يوق دىيەرلىك، - دەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بۇخارى ۋە مۇسلىمدەك ھەدىس پېشۋالىرى رەت قىلغان بەزى ھەدىسلەرنىمۇ مۇتەۋاتىر ھەدىس دەپ سۆزلەيدۇ. شۇڭا پاكىتسىز ھالەتتە ھەدىسنى مۇتەۋاتىر دەپ دەۋا قىلىشتىن ئاگاھ بولۇش كېرەك. بەزى ئۆلىمالار پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى دېگەنىدەك ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىدەك مۆتىۋەر ئۆلىمالار تەنقىد قىلمىغان ھەدىسلەرنىمۇ مۇتەۋاتىر قاتارىدا سانايدۇ.

مەنە جەھەتتە كەسكىن بولماسلىق قۇرئاندىمۇ، ھەدىستىمۇ بار خۇسۇسىيەتتۇر. نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپ خىل چۈشەنچە ۋە ئىزاھاتلارغا ئېھتىمال تۇتىدۇ. چۈنكى، سۆزلەر لېكسىكىلىق خاراكتېر جەھەتتىن ھەقىقەت، مەجاز، كىنايە، خاس، ئومۇمىي، قەيدلىك، قەيدسىز دېگەندەك كۆپ خىل خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ؛ ھەم سۆزلەر ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى پۈتۈن ئاڭلىتىش، قىسمەن ئاڭلىتىش ۋە ياكى لېكسىكىلىق مەنىدىن تۇغۇلغان قوشۇمچە مەنىلەرنى ئاڭلىتىش ئېھتىماللىقىمۇ بولىدۇ.

كۆپىنچە ئەھۋالدا قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشىنىش چۈشەنگۈچىلەرنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى، شەرت - شارائىتى، روھى ۋە ئەقلى يۈزلىنىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، چېكىنىشقا مايىل بولغان بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئايەت ۋە ھەدىستىن ئالىدىغان چۈشەنچىسى بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇش يولىنى تۇتقان كىشىنىڭ شۇ ئايەت ۋە ھەدىستىن ئالىدىغان چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىمىزدا ئىبنى ئۆمەرنىڭ چېكىنىش يۈزلىنىشىدە تۇرۇپ چىقارغان چەك ھۆكۈملىرى بىلەن ئىبنى ئابباسنىڭ ئوڭايلاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ چىقارغان ئوڭاي ھۆكۈملىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر. نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم بىلەن نەزەر دائىرىسى تار ئادەمنىڭ، ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەقسىتىنى ئاساس قىلىدىغان كىشى بىلەن زاھىرىۋازنىڭ مەلۇم بىر ئايەت ۋە ھەدىستىن ئالىدىغان چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر نامىزىنى بەنىي قۇرەيزىگە بېرىپ ئوقۇشقا بۇيرىغانلىقىنى ساھابىلەرنىڭ ئىككى خىل چۈشەنگەنلىكى بۇ سۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر.

ﷲنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى مۇشۇنداق كۆپ خىل چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىشىدىمۇ ئوخشىمىغان يۈزلىنىشتىكى كىشىلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلىسۇن دېگەندەك مەقسەتلەر بار.

شۇڭا، ﷲ نازىل قىلغان مەڭگۈلۈك كىتابنىڭ ئايەتلىرى مۇھكەم (مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق) ۋە مۇتەشابىھ (مەنىسى گۇڭگا) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. ﷲ ھەممە ئادەمنىڭ چۈشەنچە ۋە پىكىر

جەھەتتە ئوخشاش بولۇشىنى خالىغان بولسا ئىدى، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەنىسى ناھايىتى ئوچۇق، مەزمۇنى ناھايىتى كەسكىن ھالەتتە نازىل قىلغان بولاتتى.

قۇرئاننىڭ ھەممىسى ئىسپاتلىنىش جەھەتتە كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جۈزئىي ھۆكۈملەرگە دالالەت قىلىش جەھەتتە كەسكىن ئەمەس. شۇڭا فەقىھلەر ئايەتتىن ھۆكۈم خۇلاسىلىگەندە ئىختىلاپلىشىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇلۇھىيەت، پەيغەمبەرلىك، جازا ـ مۇكاپات، تۈپ ئىبادەتلەر، تۈپ ئەخلاقلار، ئائىلە، مىراس، چەك ـ چېگرا، قىساس قاتارلىقلاردىكى ئاساسىي ھۆكۈملەر دېگەندەك چوڭ مەسىلىلەرگە كەلگەندە ئايەتلەرنىڭ دالالىتى كەسكىن بولۇپ، تالاش ـ تارتىشقا يول قويمايدۇ، ھەممەيلەننى بىر پىكىرگە كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چوڭ مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئۈممەت ئۆلىمالىرىنىڭ پىكرىي بىرلىكى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىسلامىي ئۈممەت ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئىسپاتلىنىش ۋە دالالەت قىلىش جەھەتتە پەرقلىق بولغان ئايەت ۋە ھەدىس تېكىستلىرىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئىسپاتلىنىش جەھەتتە كەسكىن بولمىغان بىر ھەدىس تېكىستىنى دەلىل ئاساسىدا رەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

مەنىگە دالالەت قىلىش جەھەتتە كەسكىن بولمىغان ئايەت ۋە ھەدىس توغرىسىدىكى مەلۇم بىر پىكىرنى رەت قىلغانلارنىڭ ياكى ئۇنى بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزاھاتىدىن باشقىچە ئىزاھلىغانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، بۇ رەت قىلغۇچىلار قۇرۇق گەپ ساتقان ياكى كۆز بوياमچىلىق قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

لېكىن، ئۇلارنى مۇشۇ قىلمىشى سەۋەبلىك كاپىرلىققا نىسبەت بېرىشكە، مۇسۇلمانلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداقلارغا ئەڭ چوڭ بولغاندا بىدئەتچى قالپىقىنى كەيگۈزگىلى بولىدۇ، بۇلاردىن ھېسابنى الله ئۆزى ئالىدۇ. ئەمدىلا ئېغىزى ئىبارەتكە كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنداق رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، بۇنداق ھوقۇق پەقەت ئىشەنچىگە ئېرىشكەن مۇھەققىق ئالىملاردىلا بولىدۇ.

ئىسپاتلىنىشىمۇ كەسكىن، ھۆكۈمگە دالالەت قىلىشىمۇ كەسكىن ئايەت ۋە ھەدىسلەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دىندا ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئېتىقادىي، ئىدىيىۋىي ۋە ئاڭ بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھۆكۈمدار قىلىنىدۇ، ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە شۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. شۇنداق ئايەت ۋە ھەدىسلەر تالاش ـ تارتىش مەنبەسى بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا، كىشىلەر مۇراجىئەت قىلغۇدەك نېمە قالىدۇ؟! شۇڭلاشقا بۇنداق ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى رەت قىلغان كىشىنىڭ سۆزى پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

شۇ ۋەجىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلىرىمدە كەسكىن بولغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى كەسكىن بولمىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە، مۇھكەم ئايەتلەرنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئۆزگەرتىش قەستىدە بولۇۋاتقان پىكرى سۇيىقەستتىن ئاگاھلاندۇردۇم. مەسىلەن: بەزى سۇيىقەستچىلەر ھاراقنىڭ ھارام

قىلىنغانلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدىغان مۇنۇ ئايەتتىكى: [**فَاجْتَنِبُوهُ**] [يىراق بولۇڭلار] دېگەن كەلىمىنىڭ هاراقنى هارام قىلىشقا دالالەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا شۈبهە پەيدا قىلماقچى بولۇشتى: [**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**] [ئى مۇئمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار] [1] .

بەزى ئادەملەر جازانىنىڭ هاراملىقى هەققىدە، يەنە بەزىلەر توڭگۇز گۆشىنىڭ هاراملىقى هەققىدە، يەنە بەزىلەر ئايالنىڭ مىراسى هەققىدە، ئەرنىڭ ئائىلىگە يېتەكچىلىك قىلىشى هەققىدە، هىجابنىڭ پەرزلىكى ۋە بۇلاردىن باشقا ئىسپاتلىنىش ۋە دالالەت قىلىش جەهەتتە كەسكىن ئايەت ۋە هەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان، ئىسلام ئۈممىتى بىردەك پىكىردە بولغان، نەزەرىيەدە ۋە ئەمەلىيەتتە ئون تۆت ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئىجرا بولۇپ كەلگەن مەسىلىلەر هەققىدە مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ.

ۋەهالەنكى، بۇ ئىشلارنىڭ دىنىدىكى هۆكمى ناهايىتىمۇ ئېنىق، ئۇنى ئىسلام ئۆلىمالىرى: «دىندىكى هۆكمى ئېنىق بىلىنگەن ئىشلار» دەپ ئاتايدۇ، يەنى ئۇنى ئومۇمىي ـ خاس هەممە مۇسۇلمان بىلىدۇ، ئۇ مەسىلىلەرگە دەلىل كەلتۈرۈشنىڭمۇ هاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ مەسىلىلەرنىڭ دەلىللىرى ناهايىتىمۇ كۆپ ۋە هەممىگە تونۇش بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئېڭىغا مۇستەهكەم ئورناپ كەتكەن.

مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلغانلارغا كاپىر دەپ هۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنداق هۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا دەلىل سۆزلەپ، چۈشەندۈرۈپ "بىلمەيتىمەن" دەپ ئۆزرە ئېيتىشقا ئورۇن قالدۇرماسلىق كېرەك. چۈشەندۈرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىنكار قىلىۋەرسە، ئۇنىڭغا بۆلگۈنچى دەپ هۆكۈم قىلىنىپ، ئىسلام ئۈممىتى گەۋدىسىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ.

ئەلهاسىل، پىكىر بىرلىككە كېلىنگەن كەسكىن مەسىلىلەرگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك، ئىختىلاپ بولۇۋاتقان، كەسكىن بولمىغان مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك.

ئىسلام ئۈممىتى كەسكىن مەسىلىلەرگە سەل قارىغانلىقتىن نابۇت بولغان. زامانىمىزدا دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرى بىلەن دىنسىز سىكولارىزمچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان جەڭ ئېتىقادى، شەرئىي، ئىدىيۋىي ۋە ئەمەلىي جەهەتتىكى كەسكىن مەسىلىلەرنى چۆرىدەۋاتىدۇ. مەدەنىي ئاقارتىش هەرىكىتىدە ئاشۇنداق كەسكىن مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك، دەۋەت ۋە تەشۋىقاتتىمۇ، تەلىم ـ تەربىيەدىمۇ، ئىسلامى مەۋجۇدلۇقنى ساقلاشتىمۇ شۇنى ئاساس قىلىش كېرەك. كىشىلەرنى هەدىسلا ئايىغى چىقماس ئىختىلاپى مەسىلىلەرگە سۆرەپ كىرىش، ئىختىلاپى مەسىلىلەرنى دەپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىش، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش، دوست ـ دۈشمەننى شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلەش ئىسلام ئىشلىرىغا ۋە ئىسلام دەۋىتىگە ناهايىتى ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 91 – ئايەت.

مەن: «ئىسلام ئېڭى» دېگەن كىتابىمدا بۇ خىلدىكى ئىختىلاپنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، رەھمەت ئىكەنلىكىنى، ئازادىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى يوقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەم پايدىسىزلىقىنى كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق دەلىللەپ ئۆتكەن ئىدىم.

بۇ دېگىنىم، ئىختىلاپى ئىشلاردا زادىلا ئېغىز ئاچمايلى، ئېتىقادى، فىقھى، ئەمەلىي مەسىلىلەردە ھېچقانداق بىر پىكرنى قۇۋۋەتلىمەيلى دېگەنلىكىم ئەمەس، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆلىمالار تۇزەتمىسە، كۈچلۈك ۋە ئاجىزنى پەرقلەندۇرمىسە، ئىلغار پىكرنى تاللىمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار بۇنى قىلماي نېمە ئىش قىلىدۇ؟

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، ئىشىمىز يوقتەك ئىختىلاپقىلا بېرىلىپ كەتمەيلى، ئىختىلاپى مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىۋېلىپ، ئىختىلاپ يوق ئىشلارنى تاشلاپ قويمايلى، كىشىلەر كەسكىن مەسىلىلەردىن يۈز ئۆرۈپ كېتىۋاتقان بۇ زاماندا كەسكىن بولمىغان مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋالمايلى! كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور ئىختىلاپ بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى خۇددى ئىختىلاپ يوق مەسىلىلەردەك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارمايلى، باشقىلارنىڭ پىكرلىرىنى بىلمەس بولىۋالمايلى، بۇنداق قىلىش خەتەرلىك، ئىش بۇزغانلىقتۇر. گەرچە بىز بۇ مەسىلىلەردە قانداق پىكىردە بولۇشىمىزدىن، خەقنىڭ دەلىللىنى ھېساب ئەتمەسلىكىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا يوللۇق دەلىللىرى بار! بىز ياراتمىغان پىكىر تېخى كۆپ ھاللاردا كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ پىكرى بولۇپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ پىكرىنى گەرچە خاتاسىز پىكىر دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن، بەزىلىرىمىز ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشنى پەرز دەپ تەشۋىق قىلىمىز، ئۆزىمىزنىڭ بۇ پىكرىنى خاتاسىز توغرا پىكىر دەپ قارايمىز، بۇ پىكىرگە ئۇنىمىغانلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ كېتىمىز. ۋەھالەنكى، بۇ پىكىر كۆپ سانلىق پېشىۋالىرىمىز ۋە فەقىھلىرىمىزنىڭ پىكرىگە زىت، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئوچۇق دەلىلىگە، ھەم ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىت كېلىدۇ.

مەن بىر دەۋەتچىنىڭ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان خۇتبىسىدىن: "ئايالنىڭ يۈزىنى ئېچىشى ئەۋرىتىنى ئاچقان بىلەن ئوخشاش" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولدۇم. بۇ، ئېغىر دەرىجىدە چەكتىن ئاشقان سۆز بولۇپ، غەرەز ئۇقىدىغان ئادەم ھەرگىز بۇنداق گەپنى قىلمايدۇ.

مەن بۇ جايدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى، بەزى مۆتىۋەر ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى مۇئەييەن بىر دەۋر شارائىتىدا شۇ دەۋرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قوللاشقا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇ كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە قوللاشقا ئېرىشىپ، پەتىۋانىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىمام ئىبنى تەيمىيە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ پىكرلىرى ئەنە شۇنداق بولدى.

## يېنىكلىتىش ۋە ئوڭايلاشتۇرۇش ئېغىرلىتىش ۋە قىيىنلاشتۇرۇشتىن ئەلا

پەتىۋا بېرىش ۋە دەۋەت قىلىش ساھەسىدە يېنىكلىتىش ۋە ئوڭايلاشتۇرۇش ئېغىرلىتىش ۋە قىيىنلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرىدە ئوڭايلاشتۇرۇش ۋە يېنىكلىتىش ﷲ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ناھايىتى سۆيۈملۈك دەپ بايان قىلىنىدۇ: [يُرِيدُ اللهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ] [ ﷲ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ] [1]؛[ يُرِيدُ اللهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ وَخُلِقَ الإِنسَانُ ضَعِيفًا] [ﷲ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەفسى ـ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى ] [2]؛ [مَا يُرِيدُ اللهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ] [ﷲ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ] [3]؛

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بېرىلسە، گۇناھ بولۇپ قالمىسا، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئوڭايراقىنى قىلاتتى. گۇناھ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا زادىلا يېقىن كەلمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى دىن ئەڭ ئوڭاي دىندۇر»[4]؛ «ﷲ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىن ئازادە، كەڭ قورساق دىندۇر» [5]؛ «ﷲ ئاسىيلىقنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىڭ بەجا كەلتۈرۈلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» [6].

زەئىپلىك، كېسەللىك، قېرىلىق، ئېغىر قىيىنچىلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارغا ئېھتىياج تۇغۇلسا، رۇخسەت قىلىنغان بويىچە ئىش قىلىش، ئاسانلىقنى تاللاش ئەلا بولىدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە كېتىپ بارغاندا، كىشىلەرنىڭ سايىۋەن تۇتۇپ بېرىلگەن بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئۇ روزا تۇتۇپتۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئەمەس، ـ دېدى.

---

[1] سۇرە بەقەرە، 185 – ئايەت.

[2] سۇرە بەقەرە، 185 – ئايەت.

[3] سۇرە بەقەرە، 185 – ئايەت.

[4] ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[5] ئىمام بۇخارى، ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[6] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىستە ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئىش ئەمەس دېمەكچى بولىدۇ. ئەمما، سەپەردە ئۇنداق قىيىنچىلىق بولمىسا، مۇساپىرنىڭ روزا تۇتۇشى جائىز بولىدۇ. بۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل بولالايدۇ: ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەل ئەسلەمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- سەپەردە روزا تۇتسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى، ئۇ كۆپ روزا تۇتىدىغان كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- خالىساڭ تۇت، خالىساڭ تۇتما، - دېدى[①].

فەقىھلار: مۇساپىرنىڭ سەپەردە روزا تۇتقىنى ئەۋزەلمۇ ياكى تۇتمىغىنى ئەۋزەلمۇ؟ - دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بۇ مەسىلىدە توغرا يولدا بولغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: ئۇنىڭغا قانداق قىلىش ئوڭاي بولسا، شۇنداق قىلىش ئەۋزەل، - دەيتتى. بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆزدۇر. چۈنكى، بەزى ئادەملەرگە كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە روزا تۇتۇش كېيىن باشقىلار روزا تۇتمىغاندا قازا روزا تۇتۇشتىن ئوڭايراق تۇيۇلىدۇ، يەنە بەزى ئادەملەرگە بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئوڭاي بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزىگە قايسى ئوڭاي بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئەۋزەلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدارغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئىپتارنى بالدۇر قىلىشنى، سوھۇرلۇقنى كېيىن يېيىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

بەزى ھۆكۈملەردە، بولۇپمۇ، مۇئامىلىگە ئائىت ئىشلاردا ئىختىلاپ بولۇپ قالسا، فەقىھلەر كۆپ ھاللاردا كىشىلەرگە ئەڭ قولاي بولىدىغىنىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر ئىبارىسى بار: بۇ كىشىلەرگە ئەڭ ئاسان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ مۇسا ۋە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق تەۋسىيە قىلغان ئىدى: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار؛ خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتمەڭلار؛ ئۆزئارا رايىش بولۇڭلار»[②].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار؛ خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتمەڭلار»[③].

اﷲقا شۈكرىكى، مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ يوليورۇقلىرىغا ئەگىشىپ، پەتىۋادا ئاسانلاشتۇرۇش، دەۋەتتە خۇش بېشارەت بېرىش پرىنسىپىنى قوللىنىپ كەلدىم.

بىر قېتىملىق لېكسىيەدىن كېيىن سوئاللارغا جاۋاب بەرگىنىمدە، مۇنداق دېدىم:

- بىر شەرىئەت مەسىلىسىدە دەلىلى ئوخشاش ياكى دەلىلى ئۆزئارا يېقىن ئىككى خىل قاراش بولسا، بىرسى ئېھتىياتلىقراق، يەنە بىرسى ئوڭايراق بولسا، مەن ئاۋام خەلققە ئوڭايراق قاراش بويىچە پەتىۋا بېرىمەن، ئوڭايراق قاراشنى كۈچكە ئىگە قىلىمەن. بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغان بەزى قېرىنداشلار

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

③ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ماگا مۇنداق دېدى:

- ئوگايراق قاراشنى كۈچكە ئىگە قىلىشىڭىزغا دەلىلىڭىز نېمە؟ مەن مۇنداق دېدىم:

- مېنىڭ دەلىلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىيار بېرىلسىلا ئوگايراقىنى تاللايتتى؛ جامائەت ئىچىدە ئاجىزلار، قېرى - چۆرىلەر، ھاجەتمەنلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، جامائەت نامىزىغا ئىمام بولغانلارنى نامازنى يېنىك ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. ئالىم بولغان كىشى ئىرادىلىك، پەرھىزكار، دىيانەتلىك ئايرىم ئادەملەرگە ئېھتىياتلىقراق قاراش بويىچە پەتىۋا بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئاۋام خەلققە ئەڭ ئوگاي قاراش بويىچە پەتىۋا بەرگەن ياخشى.

دەۋرىمىز باشقا ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا ئوگايلاشتۇرۇشقا، تەسەللىي، خۇش بېشارەت بېرىشكە، ئۈركۈتمەسلىككە تېخىمۇ موھتاج. بولۇپمۇ، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا ياكى يېڭىدىن تەۋبە قىلغانلارغا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ۋە ئىسلامغا كىرگەن كىشىلەرگە بەرگەن تەلىملىرىدىن بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنغا كىرگەن كىشىگە كۆپ مەجبۇرىيەت يۈكلىمەيتتى، ئۇنىڭغا كۆپ ئەمر ۋە نەھيىلەرنى ئارتىپ قويمايتتى. دىنغا كىرگۈچى: ئىسلام مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ - دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا ئاساسىي پەرزلەرنى تونۇتۇش بىلەن كۇپايىلىنەتتى ۋە ئۇنى نەپلە ئەمەللەر بىلەن كۆمۈۋەتمەيتتى. ئۇ: مۇشۇنىڭدىن كەم - زىيادە قىلمايمەن، - دېسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ راست ئېيتقان بولسا، نىجات تاپتى»، «راست ئېيتقان بولسا، جەننەتكە كىردى» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ شارائىتىنى نەزەردە تۇتماي، ئۇلارغا تەسچىلىك پەيدا قىلغانلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. مەسىلەن، كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇپ، ئىقتىدا قىلغانلارنىڭ شىكايىتىگە قالغان بەزى ساھابىلەرگە شۇنداق قىلغان.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامازنى ئۇزۇن قىلىۋەتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئاز! پىتنە پەيدا قىلغۇچىمۇ سەن؟ ئى مۇئاز! پىتنە پەيدا قىلغۇچىمۇ سەن؟ ئى مۇئاز! پىتنە پەيدا قىلغۇچىمۇ سەن؟» [①].

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم:

- ئى ئﷲنىڭ ئەلچىسى! ﷲ بىلەن قەسەمكى، ئىمام نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مەن بامدات نامىزىغا كېيىنرەك چىقىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا نەسىھەت قىلدىكى، مەن ئۇنىڭ ئۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن:

- ئاراڭلاردا ئۈركۈتىدىغانلار بار ئىكەن، قايسىڭلار ئىمام بولساڭلار، نامازنى يېنىك ئوقۇڭلار، چۈنكى، جامائەت ئىچىدە ئاجىزلار، قېرى - چۆرىلەر ۋە ھاجەتمەنلەر بار [②].

بەزى رىۋايەتلەردە: نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغان كىشى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئىدى، -

---

[①] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

دەپ كەلگەن. بۇ كىشى قۇرئاننى جەملىگەن ساھابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناھايىتى پەزىلەتلىك، بىلىملىك كىشى ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ماختىغان مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەيىبلىگەندەك، بۇ پەزىلەتلىك كىشىنىمۇ ئەيىبلەۋەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ۋە ھەمراھى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ھېچقانداق ئىمامنىڭ ئارقىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇغاندەك يېنىك ۋە مۇكەممەل نامازنى ئوقۇپ باقمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئانىسى نامازدا ئېزىپ قالمىسۇن دەپ تېخىمۇ يېنىك ئوقۇيتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «شۈبھىسىزكى، مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇي دەپ باشلايمەن، بىر كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالىمەن ــ دە، نامازنى يېنىك ئوقۇۋېتىمەن. چۈنكى، مەن ئانىنىڭ ئۆز بالىسىنىڭ يىغىسىغا چىدىمايدىغانلىقىنى بىلىمەن»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «قايسىڭلار ئىمام بولساڭلار، نامازنى يېنىك ئوقۇڭلار، چۈنكى، جامائەت ئىچىدە كېسەللەر، ئاجىزلار، قېرى - چۈرىلەر بار. ئۆزۈڭلار يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا، خالىغىنىڭلارچە ئۇزۇن ئوقۇۋېلىڭلار»[2].

تەسلەشتۈرۈش نوقۇل، ئۆتكۈنچى، شەخسىي خاھىش بولۇشتىن ھالقىپ، كوللېكتىپ يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ۋەقەلىكتىن ناھايىتى ئېنىق مۇلاھىزە قىلالايمىز: ئۈچ كىشى ئىبادەت قىلىش جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئوخشىمايدىغان يول تۇتقان، گەرچە ئۇلار ياخشىلىقنى كۆپ قىلىپ، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەيىبلىگەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سورىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلىشتى ۋە: بىز قانچىلىك ئادەم ئىدۇق؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا! — دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن، - دېدى. يەنە بىرى: مەن داۋاملىق روزا تۇتىمەن، ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن، - دېدى. ئۈچىنچى بىرى: مەن ئاياللارغا يېقىن كەلمەيمەن، مەڭگۈ تويى قىلمايمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر شۇنداق گەپلەرنى دېدىڭلارمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلار، اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ئاراڭلاردا اللەتىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىمەن، ئەڭ تەقۋادار كىشىمەن، لېكىن، مەن روزىمۇ تۇتىمەن، ئېغىزىم ئوچۇقمۇ يۈرىمەن، نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇخلايمەن، ئاياللارنىمۇ نىكاھىمغا ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس»[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئورۇنسىز چىڭىتقۇچىلار ھالاك بولسۇن!» دېگەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، دىن ئوڭايدۇر، كىمكى ئۇنى تەسلەشتۈرىدىكەن، ئۇ خاتالاشقان بولىدۇ. توغرا يولدا مېڭىڭلار، توغرا يولغا يېقىنلىشىپ مېڭىڭلار، ئەتىگەن ۋە كەچتىكى سالقىندا، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىڭلار». بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «توغرا يولدا مېڭىڭلار، توغرا يولغا يېقىنلىشىپ مېڭىڭلار، ئەتىگەن ۋە كەچتىكى سالقىندا، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىڭلار، ئوتتۇراھال سۈرئەت بىلەن مېڭىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار نىشانغا يېتەلەيسىلەر»[3].

ھەدىستىكى «خاتالاشقان بولىدۇ» دېگەن سۆز: دىن شۇ تەسلەشتۈرگۈچنى يېڭىۋالىدۇ، تەسلەشتۈرگۈچى دىننىڭ يوللىرى بەك كۆپ بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا چىقىشالماي يېڭىلىشىپ قالىدۇ، - دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەدىستىكى: «ئەتىگەن ۋە كەچتىكى سالقىندا، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىڭلار، ئوتتۇراھال سۈرئەت بىلەن مېڭىڭلار» دېگەن سۆزلەردە ئوبرازلىق جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: خۇددى سەپەر قىلىشقا دىتى بار ئادەم مەزكۇر ۋاقىتلاردا يولغا چىقىپ، راسا مېڭىۋېلىپ، مېڭىشقا بىئەپ چاغلاردا ئارام ئېلىپ، بارماقچى بولغان يېرىگە چارچىماي بارغاندەك، سىلەرمۇ ﷲقا ئىبادەت قىلىپ، ﷲنىڭ رازىلىقىغا يەتمەكچى بولغىنىڭلاردا، جانلىق، تېتىك ۋاقىتلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئىبادەتتىن زېرىكمەيدىغان، ئىبادەتتىن ھوزۇر ئالىدىغان ۋاقىتلىرىڭلارنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ﷲنىڭ رازىلىقىغا ئاسان يېتەلەيسىلەر.

ئاخبارات ۋاستىلىرىدا مۇنداق خەۋەر تارقالدى: سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەجگە مەسئۇل دائىرىلەر شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ئورۇندا ئىككى يۈز يەتمىش ھاجىنىڭ قىستاڭچىلىقتا دەسسىلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. شۇنداق جىق ئادەم كۈن قايرىلغاندىن كېيىن شەيتانغا تاش ئاتىمىز دەپ، قىستىشىپ، دەسسىلىپ ئۆلۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا نۇرغۇن ئۆلىمالار: كۈن قايرىلىشتىن بۇرۇن شەيتانغا تاش ئېتىش دۇرۇس ئەمەس، - دەپ پەتىۋا بېرىشمەكتە. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ئىشىدا ئوڭاي يول تۇتقان ئىدى، ھەجدىكى ئىشلارنىڭ ئىلگىرى ياكى كېيىنلىكى ھەققىدە سوئال سورالغاندا: «قىلىۋەر، بولىۋېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى،

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

فەقىھلار شەيتانغا تاش ئېتىش ئىشىدا ئاسان پەتىۋالارنى بەرگەن، ھەتتا، ھەج قىلغۇچى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى ئاخىرقى كۈنى بىراقلا ئاتسىمۇ بولىدۇ، ئۆزرى سەۋەبلىك بىر ھاجىنىڭ ئاتىدىغان تېشىنى يەنە بىر ھاجى ۋاكالىتەن ئېتىپ قويسىمۇ بولىدۇ، - دېگەن.

ئىبنى ئاbباسنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى بەك چۈشىنىدىغان فەقىھ ئەتا، يەمەنلىك فەقىھ تائۇس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن چىققان فەقىھلەردىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەۋرىسى مۇھەممەد باقىر قاتارلىق ئۈچ فەقىھ: كۈن قايرىلىشتىن بۇرۇن شەيتانغا تاش ئېتىش جايىز، - دەپ پەتىۋا بەرگەن. ناۋادا بىرمۇ فەقىھ بۇنى جايىز دېمىگەن تەقدىردىمۇ، بىز زۆرۈرىيەت فىقھىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئوڭايچىلىق تۇغدۇرۇپ، يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ھەممىسىدە شەيتانغا تاش ئېتىشنى جايىز دېيىشىمىز، مۇسۇلمانلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى. ئاللاھ شەيخ ئابدۇللا ئىبنى زەيد ئەلمەھمۇدغا ياخشى مۇكاپات بەرسۇنكى، ئۇ بۇندىن چارەك ئەسىر بۇرۇن ئۆزىنىڭ: «ئىسلامنىڭ ئوڭايلىقى» ناملىق رىسالىسىدە كۈن قايرىلىشتىن بۇرۇن شەيتانغا تاش ئېتىش جايىز دەپ پەتىۋا بەرگەن.

## ۋاقىتلىق زۆرۈرىيەتنى ئېتىراپ قىلىش

ئوڭايلاشتۇرۇشنىڭ بىر تەلىپى شۇكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بېرىدىغان زۆرۈرىيەتلەرنى مەيلى ئۇ شەخسى ياكى كوللېكتىپ زۆرۈرىيەتلەر بولسۇن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئىسلام شەرئىتى مۇشۇ زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئۆزگىچە ھۆكۈملەرنى بەلگىلىگەن، زۆرۈرىيەت يوق ئەھۋالدا چەكلىگەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، داد - مۇئامىلىلەرنى زۆرۈرىيەت بار چاغدا چەكلىمىگەن؛ بەزى ۋاقىتلاردا خۇسۇسىي ياكى ئاممىۋى ئېھتىياجلارنى زۆرۈرىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۈممەتكە ئوڭايچىلىق تۇغدۇرغان، قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، قۇرئان كەرىمدە تۆت ئورۇندا ھارام قىلىنغان تائاملارنى سۆزلىگەندىن كېيىن، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ھارام نەرسىلەرنى يېگەن كىشىلەرگە گۇناھ بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان: [**فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلاَ عَادٍ فَلا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ**] [كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر][1].

بۇنىڭغا ھەدىستە مۇنداق دەلىل بار: ئەرلەرگە يىپەك كىيىش ھارام قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ۋە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزلىرىگە قىچىشقاق چىقىپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يىپەك رەخت كىيىشىگە رۇخسەت قىلغان.

[1] سۈرە بەقەرە، 173 – ئايەت.

## پەتىۋانىڭ زامان ۋە ماكانغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇلۇغلىرى پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىش خاراكتېرىنى ئەھمىيەت بىلەن يادقا ئېلىپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم بىلەن ياكى ئۆتمۈشتە تۇرۇپ بۈگۈنگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك. مەيلى ئۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى فەقىھلار ئېتىقاتىدىكى زاماننىڭ بۇزۇلۇشى بولسۇن ياكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولسۇن ۋە ياكى ئامالسىزلىق بولسۇن، بەربىر ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرئەت فەقىھلىرى: زامان، ماكان، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ پەتىۋانى ئۆزگەرتىش جايىز، ـ دېگەن. ئۇلار بۇنىڭغا ساھابىلەرنىڭ ۋە توغرا يولدا بولغان خەلىپىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى دەلىل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى شۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان. قۇرئاندىمۇ، ھەدىستىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان. بىز بۇ مەسىلىنى: «ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە قولايلىقى» دېگەن رىسالىمىزدە ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇلۇغلىرى بۇ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇرۇنقى دەۋرلەردە بېرىلگەن پەتىۋا ۋە قاراشلارغا ھازىر قايتا قاراپ چىقىشىمىز كېرەك. ئۇ پەتىۋالار شۇ زامانلارغا ۋە ۋەزىيەتلەرگە ماس كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى دەۋرگە ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ھازىرقى دەۋردە بۇرۇنقىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان ناھايىتى زور يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئاشۇ بۇرۇنقى پەتىۋالارغا ئېسىلىۋېلىش ئىسلامغا ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە خاپىلىق تېپىپ بېرىدۇ، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتىدۇ.

مەسىلەن، بۇرۇنقى پەتىۋالاردا پۈتۈن دۇنيا «**دار الإسلام**» (ئىسلام دۆلىتى) ۋە «**دار الحرب**» (كاپىر دۆلىتى) دەپ ئىككىگىلا ئايرىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىسىدە دۈشمەنلىشىش ئاساس، جىھاد مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە... دەپ قارالغان.

رېئال پاكىت شۇكى، بۇ پەتىۋالار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە توغرا كەلمەيدۇ، قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇ پەتىۋالارنى قوللايدىغان بايانلار يوق. بەلكى، ئۇنىڭغا زىت بايانلار بار: [**وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا**] [ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق][1].

الله مانا بۇ ئايەتتە ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

[**وَرَدَّ اللهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ**] [الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى][2].

الله مانا بۇ ئايەتتە خەندەك ئۇرۇشىغا خۇلاسە بېرىپ كېلىپ تىنچلىقنى، ئۇرۇش قىلماسلىقنى نېئمەت دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 13 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 25 – ئايەت.

[إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُّبِينًا] [ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق][1] .

ئاللاھ مانا بۇ ئايەتتە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى روشەن غەلىبە دەپ ئاتاپ، ئۆز پەيغەمبىرىگە بۇ تىنچلىق نېئمىتىنى ئاتا قىلغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ. ئاللاھ بۇ سۈرىدە يەنە ئىككى گۇرۇھنىڭ بىر ـ بىرىگە قول سالمىغانلىقىنى نېئمەت دەپ بايان قىلىۋاتىدۇ: [وَهُوَ الَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُم بِبَطْنِ مَكَّةَ مِن بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْ] [ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى][2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇرۇش» دېگەن سۆزدىن نەپرەتلىنىدۇ: «ئەڭ چىرايلىق ئىسىم ھارىس ۋە ھەممام دېگەن ئىسىمدۇر، ئەڭ قەبىھ ئىسىم ھەرب (ئۇرۇش) ۋە مۇررە (ئاچچىق) دېگەن ئىسىمدۇر».

ئىسلام ئۆتمۈش زامانلاردا يولغا قويغان جىھادنىڭ دەۋەت يولىدىكى ماددىي توساقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئېنىق نىشانى بار ئىدى. ئەينى زاماندىكى پادىشاھلار ۋە ئىمپېراتورلار ئۆز خەلقلىرىگە ئىسلام دەۋىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە توسالغۇ بولۇۋالغان ئىدى، ئۇلار ئۆز خەلقلىرىنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن، ئۆز كىملىكىنى بىلىپ قېلىپ، زوراۋانلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، خەلققە سىرتنىڭ ئاۋازىنى زادىلا ئاڭلاتمايتتى. ئىسلام دەۋەتچىلىرىنى ئۆلتۈرەتتى، مۇسۇلمانلارغا ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچاتتى ياكى ھەربىي ھازىرلىق كۆرۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىغا باستۇرۇپ كېلىمىز دەپ قورقاق سالاتتى. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىغاندا، خەلقنىڭ ئازغۇنلۇق گۇناھىنى پادىشاھلارغا ئارتقان ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە دەۋەتنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق، بولۇپمۇ، كۆپ خىل ئېقىمنى توسمايدىغان ئېچىۋېتىلگەن ئەللەردە شۇنداق. مۇسۇلمانلار يېزىقچە، ئېغىزچە ۋە ئۈن ـ سىن ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋىتىنى يەتكۈزەلەيدۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھەرخىل تىللاردا ئاڭلىتىش بېرەلەيدۇ، ھەر قەۋمگە دىنىنى شۇ قەۋمنىڭ تىلى بويىچە چۈشەندۈرەلەيدۇ. لېكىن، مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئېغىر كەمچىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلار ھەرقايسى خەلقنىڭ ئىسلامنى بىلمىگەنلىكىگە (ئاللاھنىڭ ئالدىدا) جاۋابكاردۇر.

## پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىش

ئوڭايلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر تەلىپى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش ساھەسىدىكى ۋە بۇيرۇش ساھەسىدىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ناماز، روزا قاتارلىق پەرزلەرنى بەلگىلەشتىكى ۋە ھاراملارنى بېكىتىشتىكى مېتودىغا ئەگىشىپ پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش قانۇنىيىتىگە

[1] سۈرە فەتىھ، 1 – ئايەت.

[2] سۈرە فەتىھ، 24 – ئايەت.

رىئايە قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا هاراقنىڭ بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ هارام قىلىنغانلىقى ناهايىتى روشەن مىسالدۇر. بۇنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

ئىسلامدا پەللىمۇ پەللە ئۆرلەشكە رىئايە قىلىنغانلىقتىن، ئىسلام زوهۇر قىلغان ئەينى زاماندا پۈتۈن دۇنيادا هۆكۈم سۈرۈۋاتقان قۇللۇق تۈزۈمنى ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ تۈزۈمنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى تۇرمۇشتا مالىمانچىلىق پەيدا قىلاتتى. شۇڭا، ئىسلام دانالىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، قۇللۇق مەنبەسىنى تارايتىش، ئامال تاپسىلا قۇللۇق مەنبەسىنى قۇرۇتۇش، قۇللارنى ئازات قىلىشنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كېڭەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭغان.

پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش بىر ئىلاهىي قانۇنىيەتتۇر. مۇسۇلمانلار تۇرمۇشتا مەدەنىيەت، قانۇنچىلىق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە هۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى بۇگۈنكى كۈندە ئىسلامىي تۈزۈملەرنى تۇرمۇشقا تەتبىقلىماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا كىشىلەرگە سىياسەت تۈزگەندە ئەنە شۇ قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىشىمىز كېرەك.

ھەقىقى ئىسلام جەمئىيىتى بەرپا قىلىش بىر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ پادىشاھنىڭ ياكى رەئىسنىڭ ۋە ياكى قوماندانلىق شتابىنىڭ، پارلامېنتنىڭ ... قارار چىقىرىشى بىلەن ياكى قەغەز يۈزىگە يېزىپ قويۇشى بىلەنلا ئىشقا ئېشىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. يەنى تەييارلىق قىلىش، ئىدىيۋى، روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە هازىرلىق كۆرۈش؛ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى قېلىپلىشىپ قالغان باتىل ۋەزىيەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شەرىئەتكە ئۇيغۇن ۋەزىيەتلەرنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

بىز پەللىمۇ ـ پەللە ئۆرلەش دېگەندە نوقۇل ئارقىغا سۈرۈش، ئىجرانى كېچىكتۈرۈش، پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش دېگەن سۆزنى دەستەك قىلىپ، خەلقنىڭ اللەنىڭ هاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى جىددى تەلىپىنى باستۇرۇش دېمەكچى ئەمەسمىز. بەلكى، بىز شۇنداق دېمەكچىكى، ئاڭلىقلىق ۋە ساداقەت بىلەن نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرايلى، پىلان تۈزەيلى، باسقۇچلارنى بەلگىلەيلى، پىلان ۋە لاهىيە بويىچە باسقۇچمۇ باسقۇچ ئۆرلەپ، ئاخىرى ئىسلامنى بىر پۈتۈن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئاخىرقى باسقۇچقا يېتەيلى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جاھىلىيەتچە تۇرمۇشنى ئىسلامچە تۇرمۇشقا ئۆزگەرتىشتە ئەنە شۇ ئۇسۇلنى قوللانغان.

مۇسۇلمانلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى توغرا يولدا ماڭغان بەشىنچى خەلىپە ۋە ئىككىنچى ئۆمەر هېسابلايدۇ. چۈنكى، ئۇ بوۋىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ئىدى. تارىخچىلارنىڭ شۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەققىدىكى بايانى بىزنىڭ قارىشىمىزنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك قېنى قىزىق، تەقۋادار يىگىت ئىدى. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا مۇنداق دېگەنىدى: «دادا، ساڭا نېمە بولدى؟ اللەنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلمايۋاتىسەنغۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەت يولىدا سەنمۇ، مەنمۇ قازانلاردا ۋاراقشىپ قاينىساق، مەيلى ئىدىغۇ!»

بۇ تەقۋادار، غەيرەتلىك يىگىت اللہ مۇسۇلمانلارغا ئەمىر قىلغان دادىسىدىن زۇلۇم ـ سىتەملەرنى، بوزغۇنچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقلارنى بىراقلا يىغىشتۇرۇشنى، ساقلاپ تۇرماسلىقنى، بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا كەلگەننى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، پاراسەتلىك دادا ئوغلىغا مۇنداق دېدى: «ئالدىرىما، بالام! اللہ قۇرئان كەرىمدە هاراقنى ئىككى قېتىم سۆكتى، ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇنى هارام قىلدى. مەن ئەنسىرەيمەنكى، ئادەملەرگە ھەقىقەتنى بىراقلا يۈكلىسەم، ئۇلار ئۇنى بىراقلا تاشلىۋېتەرمىكىن، بۇنىڭدىن پىتنە ـ ئېغىۋا پەيدا بولارمىكىن!». بۇ پاراسەتلىك خەلىپە ھەممە ئىشلارنى دانالىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا ھەل قىلماقچى بولغان ئىدى. اللہ تائالانىڭ ھاراقنى ھارام قىلىشتىكى قانۇنىيىتىنى ئۈلگە قىلغان ئىدىكى، اللہ ئۇلارغا ھەقىقەت شارابىنى بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈپ، توغرا يولغا قەدەممۇ قەدەم باشلاپ كىرگەن ئىدى. خەلىپىنىڭ بۇ چۈشەنچىسى ناھايىتى توغرا چۈشەنچىدۇر.

## مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك

مۇسۇلمانلارغا بىلىم ئۆگىتىشتە ۋە ئۇلارغا دىننى چۈشەندۈرۈشتە، نېمىنى ئاۋۋال، نېمىنى كېيىن ئۆگىتىش، نېمىنى ئىسلام مائارىپىدىن چىقىرىۋېتىشنى بىلىش كېرەك. بۇ نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرسى.

دىنىي ئىنىستىتۇتلاردا، ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك قىلىنىۋاتقان بەزى نەرسىلەر تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ۋاقتىنى زايا قىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى پايدىلىقراق نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشى كېرەك ئىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز ئۇسۇلۇددىن فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، ئېيجىنىڭ: «**المواقف**» (ئەلمەۋاقىف) ناملىق كىتابىنى، ئۇنىڭغا جۇرجانىنىڭ يازغان شەرھىسىنى دەرسلىك قىلاتتۇق. بۇ كىتابنىڭ ئىچىگە كىرمەي تۇرۇپ، مۇقەددىمىسىدىلا چۈشىنىش ۋە ھەزىم قىلىشتا كۆپ قىينالغان ئىدۇق. ئۇستازلىرىمىزمۇ ئۇنى شەرھلەپ گۇڭگا يەرلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە، مەنىلەر يۈزىدىكى چۈمپەردىلەرنى قايرىشتا تولىمۇ قىينالغان ئىدى. ناۋادا بىز شۇ كىتابقا سەرپ قىلغان ۋاقتىمىزنى ۋە تىرىشچانلىقىمىزنى سەرپ قىلىپ، زامانىمىزدىكى پەلسەپەلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا نىشانلىق ھالدا ئىلمىي رەددىيە بېرىش بىلەن تۇتۇشقان بولساق، ياكى ئىسلامنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىنى ۋە شۇ مەنبەلەرگە بۈيۈك ئىماملىرىمىزنىڭ يازغان شەرھلىرىنى ئۆگەنگەن بولساق ۋە ياكى ئىسلامدىكى يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى ۋە پىكىرلىرىنى قازغان بولساق، تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشەر ئىكەنمىز.

دىنىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىكى گەۋدىلىك بولۇۋاتقان يەنە بىر نۇقسان شۇكى، بەزى دەرس تۈرلىرى كۆپ ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، بەزى تۈرلەر تېگىشلىك ئورنىنى تاپالمايدۇ.

ئىلمى كالام ھېلىھەم كونا ئۇسۇل بويىچە ئوقۇتۇلماقتا، ئۇنى يېڭىلاپ قۇرئاننىڭ پىترەتكە،

ئەقىلگە ۋە قەلبگە تەڭ خىتاب قىلىشتىكى ئۇسۇلى بىلەن سۆزلەيدىغان، يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە سۆزلىمەيدىغان قىلىش كېرەك ئىدى. ئىمام ئىبنى ۋەزىر بۇ ھەقتە: «قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ يۇنان ئۇسلۇبىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ بەردىغۇ؟!

ئىلمى كالامنى يەنە زامانىۋىي بىلىملەر بىلەن قۇراللاندۇرۇش كېرەك. «ئىلىم ـ پەن ئىمانغا چاقىرىدۇ»، «اللە ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە تېخىمۇ تەجەللىي بولماقتا»، «ئاسماندا اللە بار»، «اللە ۋە زامانىۋىي ئىلىم ـ پەن» قاتارلىق كىتابلاردىكىدەك، كائىناتتا چېچىلىپ ياتقان مۆجىزىلىك دەلىللەرنى ئىلمى كالامغا قوشۇپ، ئىماننى كۈچەيتىش ۋە دىنسىزلىقنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش كېرەك.

فىقھى ئىلمىنىمۇ ئوڭايلاشتۇرۇپ، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

فىقھىدا ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان شىركەت، مۇئامىلە، بانكا، يېڭىچە توختام، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كونا ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى يېڭى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاۋام مۇسۇلمانلارغا بىلىم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇلارغا بېرىلىدىغان بىلىمنىڭ تۈرىگە ۋە تۈسىگە دىققەت قىلىپ، ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرگە ئۆزىگە لايىق بىلىملەرنى تەقدىم قىلىش كېرەك.

زىيالىيلارغا زىيالىيچە بىلىم بېرىش كېرەك، چالا ساۋاتلارغا، ساۋاتسىزلارغا شۇلارنىڭ ھالىغا يارىشا بىلىم بېرىش كېرەك.

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۆگۈتچىلەر، مۇدەررىسلەر، يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە بەزى نەرسىلەرنى سىڭدۈرۈۋېتىپ بارىدۇ، يادقا ئالغۇزۇۋېتىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ دىنىدا ھېچقانداق ئاساسى يوق، ئۇ نەرسىلەر ئەسلىدە تەپسىرلەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىسرائىلىيە قىسسىلىرىدىن؛ ئاساسى يوق، ئاجىز، توقۇلما ھەدىسلەردىن ئېلىنغان. مەسىلەن: «ھەقىقەت ۋە شەرىئەت»، «ھەقىقتى مۇھەممەدىيە»، «تۇنجى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان»، «ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى» ھەققىدىكى مۇبالىغە گەپلەرگە ئوخشاش دىنىدا ئاساسى يوق، ئىلىم بابىدا پاكىتى يوق، مەنتىقىسىز گەپلەر تولا دېيىلىۋاتىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بەزى ئادەملەر مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپىي مەسىلىلەرگە بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ؛ سوپىزىمغا ۋە سوپىلارغا قارىقويۇق قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، بىدئەتچى سوپى بىلەن سۈننەتنى ياقلايدىغان سوپىنى ئايرىمايۋاتىدۇ، ئايرىش كېرەك ئىدى، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك كېرەك ئىدى.

## خاتالاشماس ئۆلچەم ـ قۇرئان ئەھمىيەت بەرگەنگە ئەھمىيەت بېرىش

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە ئاساس بولىدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرى شۇكى، ھەرقانداق ئىشقا قۇرئان ئەھمىيەت بەرگەن مىقداردا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. قۇرئان تولۇق ئەھمىيەت بەرگەن، سۈرىلەر ۋە ئايەتلەردە كۆپ تەكرارلانغان، كۆپ بۇيرۇلغان ۋە كۆپ توسۇلغان، جەننەت بېرىش كۆپ ۋەدە قىلىنغان ۋە دوزاخ بىلەن كۆپ قورقۇتۇلغان مەسىلىلەر بىزنىڭ

تەپەككۇرىمىزدا، ئېڭىمىزدا، ھەرىكىتىمىزدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك. مەسىلەن، اللە تائالاغا، اللەنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ئۇ كۈندىكى مۇكاپات ۋە جازاغا، جەننەت ۋە دوزاخقا ئىشىنىش؛ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، اللەنى ياد ئېتىش، اللەقا ھەمدۇ سانا ئېيتىش، ئىستىغفار ئوقۇش، تۆۋبە قىلىش، اللەقا تەۋەككۇل قىلىش، اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش، ئازابىدىن قورقۇش، اللەنىڭ نېئمىتىگە شۈكرى قىلىش، بالا ـ قازاسىغا سەۋر قىلىش، راستچىللىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئىپپەتلىك بولۇش، ھايالىق، كەمتەر، سېخىي بولۇش، مۆئمىنلەرگە يۇمشاق قول، كاپىرلارغا قاتتىق قول بولۇش، ئاجىزلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش، قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، يېتىم، مىسكىن، مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىمانىي، ئەخلاقىي ۋە تۈپكى ئىبادەت مەسىلىلىرىگە بىرىنچى بولۇپ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

قۇرئان بوشراق ئەھمىيەت بەرگەن مەسىلىلەرگە بىزمۇ شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىدە بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ كېلىش (ئىسرا) مەسىلىسى قۇرئاندا پەقەت بىر ئايەتتىلا تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەسىلە غازات مەسىلىلىرىدەك، بىرقانچە سۈرىلەرنى تولۇق ئىگەللىمىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى (مەۋلىد) مەسىلىسىگە قۇرئان زادىلا ئەھمىيەت بەرمىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەۋلىد مەسىلىسى مۇسۇلمانلار ھاياتىدا مۇھىم مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇدى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇدىدەك مۆجىزىلىك ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇدىغا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان مۇستەھەبكە چاغلىق بىر ئەمەلمۇ باغلانمىغان ئىدى.

مانا بۇ خاتالاشماس ئۆلچەمدۇر. چۈنكى، قۇرئان دىنىنىڭ ئاساسى، يىلتىزى، ئىسلامنىڭ بۇلىقى؛ ھەدىس بولسا، قۇرئاننىڭ شەرھىسى ۋە ئىزاھاتىدۇر. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ**] [بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ][①]؛ [**قَدْ جَاءَكُم مِّنَ اللهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُّبِينٌ يَهْدِي بِهِ اللهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلَامِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ**] [سىلەرگە اللە تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. اللە شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ][②]؛ [**وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِّكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ**] [ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر

---

① سۈر ئىسرا، 9 – ئايەت.

② سۈرە مائىدە، 15 – ۋە 16 – ئايەتلەر.

يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق][1].

مانا بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، دىنىنىڭ ئاساسى بولىدىغان ھەرقانداق تۈپكى قائىدە قۇرئاندا بايان قىلىنغان. ئىسلامىي ھاياتتا لازىم بولىدىغان ھەرقانداق تۈپكى قائىدە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا قۇرئاندىن ئېلىنغان. تۆۋەندىكى خەلىپىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: ئەگەر مېنىڭ تۆگەمنىڭ چۇلۋۇرى يۈتۈپ كەتسىمۇ، مەن ئۇنى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالايمەن.

[1] سۈرە نەھل، 89 – ئايەت.

# ئالتىنچى باب

## ئەمەلىي ھەرىكەت ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك

### داۋاملىشىدىغان ئەمەلنىڭ داۋاملاشمايدىغان ئەمەلدىن ئەلا ئىكەنلىكى

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئېنىق بايان قىلىنىدۇكى، ئەمەللەر اللهنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش ئەمەس، بەزى ئەمەللەر الله تائالاغا باشقا ئەمەللەردىن سۆيۈملۈكرەك، ساۋاب جەھەتتە ئارتۇقراقتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: [**أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللهِ لاَ يَسْتَوُونَ عِندَ اللهِ وَاللهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ**] [سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھىسابلامسىلەر؟ اللهنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىدىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر][1] .

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئاتمىش نەچچە ياكى يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى "**لا إله إلا الله**" (لائىلاھە ئىللاللاھۇ) دەپ شاھادەت ئېيتىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى پۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر»[2] . مانا بۇ ھەدىس ئىمان شاخچىلىرىنىڭ قىممەت ۋە دەرىجە جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلدى. بۇنداق پەرقلىنىش قارىسىغىلا ئەمەس، بەلكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەملەر ئاساسىدا پەرقلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە شۇ ئۆلچەملەر توغرىسىدا ئىزدەنمەكچىمىز.

ئەمەلنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى شۇ ئۆلچەملەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇزۇن داۋام قىلىش دېگەنلىك ئىزچىل داۋام ئەتتۈرۈش، بىر ـ ئىككى قېتىم قىلىپ تاشلىۋەتمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «اللهقا ئەڭ خوپ كۆرۈلىدىغان ئەمەل، گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلىنغىنىدۇر»[3] .

بۇخارى ۋە مۇسلىم مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ

---

[1] سۇرە تەۋبە، 19 – ۋە 20 – ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەنھادىن:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئەمەلنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى؟ ــ دەپ سورىغانىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ئۈزۈن داۋام قىلىدىغان ئەمەلنى ياخشى كۆرەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىغا كىردى، ھۇجرامدا بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئايال كىم؟ - دەپ سورىدى. مەن ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ نامازنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇنداق گەپنى قوي، سىلەر تاقەت كەلتۈرەلىگۈدەك ئەمەللەرنى قىلىپ ئادەتلىنىڭلار. الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكمىگىچە الله زېرىكمەيدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلىنىغان ئەمەلنى ياخشى كۆرەتتى[①].

بۇ ھەدىستىكى: «بۇنداق گەپنى قوي» دېگەن سۆز ئىبادەتتە قىينىلىش ۋە زورۇقۇشتىن، كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشتىن چەكلەشنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاز بولسىمۇ ئۈزۈن داۋاملىشىدىغان ئەمەللەرنى ئادەت قىلىش كېرەك. ئاز ئەمەلمۇ ئۈزۈن داۋام قىلسا، ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىپ، بىر قېتىم قىلىپ ئۈزۈلۈپ قالغان كۆپ ئەمەلدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەردە: «ئاز بولسىمۇ، داۋاملىق بولغىنى ياخشى» دەيدىغان ئاڭ پەيدا بولغان. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي ئىشلاردا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە چىڭىتىۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇ ئەنسىرەيتتىكى، ئادەم دېگەن ئاجىز بولىدۇ، ئېغىر ئىش قىلسا، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭدىن زېرىكىدۇ ياكى كۆچى يېتىشمەي قالىدۇ ـ دە، تەڭ يولدا توختاپ قالىدۇ، «يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئادەم ئۈزىنىمۇ، ئۇلىغىنىمۇ چارچىتىپ، مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاقەت كەلتۈرەلىگۈدەك ئەمەللەرنى قىلىپ ئادەتلىنىڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكمىگىچە الله زېرىكمەيدۇ»؛ «ئوتتۇراھال يول تۇتۇڭلار، چۈنكى، بۇ دىنىدا چىڭ يول تۇتقان كىشى مەغلۇپ بولىدۇ».

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنىڭ بايان قىلىنىش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىققان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئىكەن، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى، بىز بىللە ماڭدۇق، ئالدى تەرىپىمىزدە توختىماي ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭچە ئۇ رىياخورلۇق قىلىۋاتقانمىدۇ؟ - دېدى. مەن:

- الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بەك بىلىدۇ، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى قويىۋېتىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۈرۈپ ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن تۆۋەنگە چۈشۈردى، ئاندىن:

- ئوتتۇراھال يول تۇتۇڭلار، چۈنكى، بۇ دىنىدا چىڭ يول تۇتقان كىشى ھامان مەغلۇپ بولىدۇ، -

---

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

دېدى .[1]

سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۆزۈڭلارغا چېكىنىۋالماڭلار، سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر ئۆزلىرىگە چېكىنىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ھالاك بولغان، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنى راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئۇچرىتالايسىلەر» .[2]

## باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئەمەل پايدىسى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان ئەمەلدىن ئەلا

پايدىسى ئەڭ كۆپ ئەمەل ئەڭ ئەلا ئەمەلدۇر. مەلۇم بىر ئەمەلنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى قانچىلىك بولسا، ئۇنىڭ ﷲنىڭ نەزىرىدىكى ساۋابىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد تۈرىدىكى ئەمەللەر ھەج تۈرىدىكى ئەمەللەردىن ساۋاب جەھەتتە ئارتۇق. چۈنكى، ھەجنىڭ پايدىسى ھەج قىلغۇچىغىلا بولىدۇ، جىھادنىڭ پايدىسى پۈتۈن ئۇممەتكە بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **[أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللهِ لاَ يَسْتَوُونَ عِندَ اللهِ وَاللهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ]** [سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى ﷲقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ﷲ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ﷲنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ﷲ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ﷲنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىدىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر] .[3]

ﷲ يولىدا جىھاد قىلىش ﷲنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىشنى تاشلاپ ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقراقتۇر، ساۋاب جەھەتتە نەچچە ھەسسە كاتتا.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىرى بىر جىلغىدىن ئۆتتى. ئۇ جىلغىدا سۈيى تاتلىق بىر بۇلاق بار ئىدى، بۇلاق ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. شۇڭا ئۇ: كىشىلەردىن ئايرىلىپ مۇشۇ جىلغىدا ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ قالسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باقايچۇ، - دەپ ئويلىدۇ. كېيىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلما، ﷲنىڭ يولىدا بىر قېتىم تۇرغىنىڭلار ئۆيۈڭلاردا يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغىنىڭلاردىن ئارتۇقراق ساۋابتۇر، ﷲنىڭ

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە تەۋبە، 19 – ۋە 20 – ئايەتلەر.

گۇناھكارلارنى مەغپىرەت قىلىشنى، جەننەتكە كىرگۈزۈشنى خوپ كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچىلار، كىمكى ئاللاھ يولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت غازات قىلسا، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ»[①].

ئىلىمنىڭ ساۋاب جەھەتتە ئىبادەتتىن ئارتۇق ئىكەنلىكى بىر قانچە ھەدىستە بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ پايدىسى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، ئىلىمنىڭ پايدىسى ھەممە ئادەمگە تېگىدۇ...

«ئىلىمنى ئىبادەتتىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پەرھىزكارلىقتۇر»[②]؛ «ئالىمنىڭ ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى) ئۈستىدىكى پەزلى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇنئاينىڭ يۇلتۇزلار ئۈستىدىكى پەزلىگە ئوخشاشتۇر»[③].

ئالىم ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتسە، ئىلىمنىڭ پەزىلىتى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كېتىدۇ: «ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزلى مېنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ تۆۋەن كىشى ئۈستىدىكى پەزلىمگە ئوخشاشتۇر. شۈبھىسىزكى، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكۈچىلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى، ھەتتاكى، ئۇۋىدىكى چۈمۈلىلەر، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ»[④]؛ «ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىدۇر»[⑤].

شۇنىڭ ئۈچۈن، فەقىھلەر مۇنداق يەكۈن چىقارغان: ھېچ ئىش قىلماي پەقەت ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولغان كىشى زاكات يېيىشكە بولمايدۇ، ئەمما، ھېچ ئىش قىلماي ئىلىم بىلەنلا شۇغۇللانغان كىشى زاكات يېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلامدا راھىبلىق قىلىش جايىز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچ ئىش قىلماي ئىبادەت قىلغان كىشى ئىبادەتنى ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلىم باشقىلارغا قانچىلىك پايدا يەتكۈزسە، ئەجىر ـ ساۋاب شۇنچىلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا، ئۇ كىشىگە ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ ساۋابى كەم بولۇپ قالمايدۇ»[⑥].

ئىلىمگە ئوخشاشلا، ئەمەلىنىڭمۇ باشقىلارغا ئەڭ كۆپ پايدىسى تەگكىنى ئەڭ ساۋابلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى باشقىلارغا ئەڭ كۆپ پايدا يەتكۈزگەن كىشىدۇر، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل مۇسۇلمانىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ياكى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ قويۇش ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇشتۇر ياكى ئۇنى

---

① تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

② بەززار، تەبەرانى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

③ ئەبۇ نۇئەيم، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان.

④ تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

⑤ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

⑥ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشتۇر. بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشنى بىر ئاي مەسچىتتە ئىتتىكاپ قىلىشتىن ياخشىراق كۆرىمەن»[1] . شۇڭىدەك، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزۈشكە ئالاقىدار ئەمەللەر پايدىسى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان ئەمەللەردىن ساۋاب جەھەتتە ئارتۇقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە دەرىجە جەھەتتە نامازدىنمۇ، روزىدىنمۇ، سەدىقىدىنمۇ ئارتۇقراق بىر ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئەمەل ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتۇر، شۈبھىسىزكى، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىننى خۇددى ساتىراچ چاچنى چۈشۈرۈپ يوقاتقاندەك يوقىتىدۇ»[2] .

شۇ ۋەجىدىن ئادىل يولباشچىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتى باشقىلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىبادىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ. چۈنكى، ئادىل يولباشچىنىڭ بىر كۈندە چىقارغان قارارلىرى مىڭلىغان، مىليونلىغان مەزلۇمنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىپ، دەپسەندە قىلىنغان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەبەسسۇم ئۆچكەن چىرايلىرىغا قايتا كۈلكە يۈگۈرتىدۇ؛ ئۇنىڭ بىر كۈندە چىقارغان جازا ھۆكۈملىرى جىنايەتچىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدۇ ياكى ئۇلارغا ھىدايەت ۋە تەۋبىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئازغۇنلارنىڭ توغرا يول تېپىۋېلىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ يەنە پايدىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئىشسىزلارغا ئىش، ئاچ قالغانلارغا نان تېپىپ بېرەلەيدۇ؛ كېسەللەرگە دورا، سەرگەردانلارغا ئۆي ـ ماكان تېپىپ بېرىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيتتى: ئىجابەتلىك دۇئالىرىمىزنى سۇلتانلىرىمىزغا بەخشەندە قىلايلى، چۈنكى الله سۇلتانىنىڭ تۈزىلىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى تۈزەيدۇ.

تەبەرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادىل يولباشچىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتى ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر»[3] . بۇ ھەدىسنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ اللهقا ئەڭ خوپ كۆرىلىدىغىنى ۋە اللهقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى ئادىل يولباشچىدۇر»[4] ؛ «مۇنداق ئۈچ ئادەمنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەتتۇر: روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار قىلغۇچە ئارىلىقتا قىلغان دۇئاسى، ئادىل يولباشچىنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى»[5] ؛ «الله ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە يەتتە خىل كىشىگە سايە بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئادىل يولباشچىدۇر...»[6] .

---

[1] ئىبنى ئەبىددۇنيا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[5] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[6] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## مەنپەئەتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىدىغان ئەمەلنىڭ مەنپەئەتى مەزگىللىك ئەمەللەردىن ئارتۇقلىقى

ئەمەلنىڭ پايدىسى ماكان جەھەتتە قانچىكى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى شۇنچە چوڭ بولغاندەك، زامان جەھەتتە قانچىكى ئۇزاق داۋام قىلسا، ئۇنىڭ ساۋابىمۇ شۇنچە كاتتا بولىدۇ ۋە اللەقا شۇنچە خوپ كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پايدىسى ئۇزاق داۋام قىلىدىغان سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بوغاز ئۆچكە، بوغاز تۆگە قاتارلىق سەدىقە قىلىنغان كىشىگە ۋە ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىغا ئۇزاق يىللار پايدىسى تېگىدىغان نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىش ئەڭ ساۋابلىق سەدىقىدۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە اللە يولىدا چېدىر تىكىش ياكى اللە يولىدا خىزمەتچى بېرىش ياكى اللە يولىدا بوغاز تۆگە بېرىشتۇر»[①]؛ «سەدىقە قىرىق تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بوغاز ئۆچكە بېرىشتۇر. ھەرقانداق بىر بەندە بۇ قىرىق تۈرلۈك سەدىقە ئىچىدىن بىر تۈرىنى ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان ساۋابقا ئىشىنىپ سەدىقە قىلسا، اللە تائالا ئۇنى شۇ ئەمىلى سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[②]. شۇ ۋەجىدىن مەنپەئەتى ئۇزاق داۋام قىلىدىغان، سەدىقە قىلغۇچى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان «سەدىقە جارىيەلەر» ساۋابى ئارتۇق ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ خەيرىيەت ۋەقفىلىرى قاتارلىق سەدىقە جارىيەلەر مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى تونۇش. بۇ سەدىقە جارىيەلەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۆپ خىللىقى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. بۇ سەدىقە جارىيەلەر خەيرىيەت تۈرلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە كېڭىيىپ، بارلىق ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقتى، ھەتتاكى ئۇنىڭ پايدىسى ھايۋانلارغىمۇ تەگدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئەمىلى توختايدۇ، لېكىن، مۇنۇ ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابى توختىمايدۇ: سەدىقە جارىيەنىڭ، پايدىلىق ئىلىمنىڭ، ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتىنىڭ ساۋابى قاتارلىقلار»[③].

تۆۋەندىكى ھەدىستە سەدىقە جارىيەلەرگە يەتتە خىل مىسال كۆرسىتىلدى: «مۇئمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارىدىغان ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا تۆۋەندىكى ئەمەللەر بار: ئۇ ئۆگەتكەن ۋە تارقاتقان ئىلىم، قالدۇرۇپ كەتكەن ياخشى پەرزەنت، مىراس قالدۇرغا قۇرئان، بىنا قىلغان مەسچىت، مۇساپىرخانا، چېپىپ قويغان ئۆستەڭ، ساق چېغىدا مال ـ مۈلكىدىن چىقارغان

---

① ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

سەدىقە. مانا بۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا داۋاملىق يېتىپ تۇرىدۇ»[1] . ئىنساننىڭ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا ھەم چەكلىك، شۇنداقتىمۇ اﷲ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ئۆمۈر ئۇزارتىدىغان پۇرسەت ئاتا قىلدى. پايدىسى ئۇزاق داۋام قىلىدىغان بەزى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق جان چىققاندىن كېيىنمۇ ياشىغىلى بولىدۇ. سالىھ ئەمەللەر ئارقىلىق جەسەتتىن نام ـ نىشان قالمىغاندىمۇ تىرىك تۇرغىلى بولىدۇ. شەۋقىنىڭ ساۋابىنى اﷲ بەرسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

پىچىرلار ئىنسانغا يۈرەك سوقۇشى:
ھاياتىڭ ساناقلىق مەڭگۈلۈك ئەمەس!
ئىز قالدۇر، ئۆلگەن،دە يادلىناي دېسەڭ،
مەڭگۈلۈك ياشاشقا قىلساڭ گەر ھەۋەس.

## جاھان بۇزۇلغاندا ئەمەل قىلىشنىڭ ئەلالىقى

جاھان بۇزۇلغاندا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، ئەمەل قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، بۇ چاغدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش دىندا چىڭ تۇرغانلىقنىڭ، ھەقىقەتتە تەۋرىنىپ قالمىغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ۋاقىتتا ياخشى ئەمەلگە بولغان ئېھتىياج باشقا ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن اﷲقا ئاجىز مۇئمىندىن سۆيۈملۈك ۋە ياخشىراقتۇر»[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ: «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزلەشتۇر»[3] ؛ «شېھىدلەرنىڭ خوجىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ھەمزە بىلەن يەنە بىر ئادەمدۇركى، ئۇ زالىم باشلىقنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنى ياخشىغا بۇيرىدى، ياماندىن توستى، زالىم باشلىق ئۇنى شۇ سەۋەبلىك ئۆلتۈردى»[4] ؛ «شېھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تاكى ئۆلتۈرۈلگىچە ئالدىنقى سەپتىن قاچماي ئۇرۇش قىلغانلاردۇر. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالىي خانىلىرىدە راھەتلىنىپ ياتىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا كۈلۈپ باقىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ بىر بەندىگە بىرەر ئورۇندا كۈلۈپ قارىسا، ئۇ بەندىگە زادىلا ھېساب كىتاب يوق»[5] . شۇنىڭ ئۈچۈن، جاھان بۇزۇلغان ئېغىر كۈنلەردە دىندا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ناھايىتى پەزىلەتلىك ئەمەلدۇر. ھەتتاكى، بەزى ھەدىسلەردە: «شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە دىندا چىڭ تۇرغان كىشىگە ئەللىك ساھابىنىڭ ئەجرى

[1] ئىبنى ماجە، بەيھەقى ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىبنى ماجە، ئەھمەد، بەيھەقى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

بېرىلىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان.

ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە قاتارلىق مۇھەددىسلەر ھەدىس كىتابلىرىدا ئەبۇ ئۇمەييە شەئبانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ئەبۇ سەئلەبە ئەل خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سوئال قويۇپ:

- ئى ئەبۇ سەئلەبە: [ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر][1] دېگەن ئايەتنى قانداق چۈشىنىمىز؟ - دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى:

- بۇ ئايەت توغرىسىدا بىلىدىغان كىشىدىن سورىدىڭ، مەن بۇ ئايەت توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىسام، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ياخشىغا بۇيرۇڭلار، ياماندىن توسۇڭلار، تاكى سەن بېخىللىققا باش ئېگىلگەنلىكىنى، خاھىشقا ئەگىشىلگەنلىكىنى، مال - دۇنيانىڭ چوڭ بىلىنگەنلىكىنى، ھەر ئادەمنىڭ ئۆز پىكرىنىلا توغرا دېگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، ئۆزۈڭنى گۇناھتىن ساقلا، باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۇ كۈنلەردە دىندا چىداپ چىڭ تۇرۇش چوغ تۇتقان بىلەن ئوخشاشتۇر، شۇ كۈنلەردە ئەمەل قىلغۇچى كىشى ئوخشاش ئەمەل قىلغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجرى - ساۋابىغا ئېرىشىدۇ».

بۇ ھەدىسنىڭ تىرمىزى بايان قىلغان يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

- ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىققان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجرىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجرىمۇ؟ - دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىققان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجرى، - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ ھەدىستىكى «ئەللىك كىشى» دېگەن سۆز بەدرى غازىتىغا، رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان، ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن باشقا ساھابىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ دەرىجىسىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. مەزكۇر ھەدىس زامانىمىزدىكىدەك بۇزۇق ھاۋا كېلىماتىدا دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارغا ئىسلام گۈللەنگەن ۋە غەلىبە قازانغان دەۋردىكى ئەللىك ساھابىنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئالدىن خەۋەر بەرگەن ئىشلار ھازىر ئەمەلگە ئاشتى، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش چوغ تۇتقانغا ئوخشاش تەس ئىشقا ئايلانماقتا، دىنغا خىزمەت قىلغانلار ئىچكى جەھەتتىن يەكلەنمەكتە، تاشقى جەھەتتىن قارشىلىققا ئۇچرىماقتا، كۇفرى كۈچلىرى گەرچە ئۆزئارا كېلىشەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كەلگەندە بىرلىشىپ توزاق قۇرماقتا. زەيپانە، قورچاق ھۆكۈمدارلار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنغا خىزمەت قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىشتىكى سۈيىقەستلىرىگە ماسلاشماقتا، پۇرسەت تاپسىلا دىنغا خىزمەت قىلغانلارنىڭ بويىنىغا سىرتماق سالماقتا، ئۇلارغا زەربە بەرمەكتە، ئۇلارنى سەرسان - سەرگەردان قىلماقتا. ئۇلارنىڭ جاجىسىنى اللە ئىگەم ئۆزى بېرەر.

مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مالىمانچىلىقتا ئىبادەت قىلىش مېنىڭ يېنىمغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنگە ئوخشاش».

---

[1] سۈرە مائىدە، 105 – ئايەت.

## قەلبىي ئەمەلنىڭ جىسمانىي ئەمەلدىن ئەلا ئىكەنلىكى

دىنىنىڭ ئۆلچىمىدە قەلبىي ئەمەللەر جىسمانىي ئەمەللەردىن ئەۋزەل بولۇپ، ساۋابى ئارتۇقتۇر. بۇنىڭدىكى بىرىنچى سەۋەب شۇكى، جىسمانىي ئەمەللەر قەلبىي ئەمەللەرگە قوشۇلۇپ كەلمىسە، الله ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. قەلبىي ئەمەل يەنى نىيەت ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىق...»[1].

نىيەت شەخسىي غەرەزلەردىن، دۇنيالىق مەقسەتلەردىن خالىي بولغاندىلا، پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈن بولغاندىلا ئاندىن ئەمەل قوبۇل بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ**] [ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا ، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇ توغرا دىندۇر][2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، الله پەقەت الله رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىنغان خالىس ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ»[3].

ھەدىس قۇددۇسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەتتۇرمەن، كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنىڭدا ماڭا باشقىلارنى شېرىك قىلسا، ئۇنىڭ ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ بېرىمەن». بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا: «ئۇنىڭ ئەمىلى شېرىك كەلتۈرگەن كىشىسىگە بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئەمىلىدىن بىزار» دېيىلگەن.

قەلبىي ئەمەلنىڭ جىسمانىي ئەمەلدىن ئەلا بولۇشىدىكى ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، قەلب ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنسانىنىڭ تۈزۈلىشى ياكى بۇزۇلىشى قەلبكە باغلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، شۇ گۆش تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ؛ ئۇ گۆش بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ؛ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ گۆش قەلبتۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە شۇنى بايان قىلىدۇكى، اللەنىڭ نەزىرى قەلبكە چۈشىدۇ، قەلبنىڭ ئەملى اللەنىڭ ئالدىدا ئېتىبارلىقتۇر: «الله سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارغا، چىراي ـ شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ ۋە لېكىن، سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارغا قارايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە بەييىنە، 5 – ئايەت.

[3] نەسائى رىۋايەت قىلغان.

بارماقلىرى بىلەن كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلدى [1].

قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنىدۇكى، قىيامەت كۈنىدىكى خار ـ زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇش، جەننەتكە ئېرىشىش پەقەت قەلبىي مۇشرىكلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن، ساۋابنى كۆيدۈرگۈچى ئىدىيۋىي كېسەللەردىن ساغلام بولغان ۋە چىن قەلبىدىن اللهقا تۆۋبە قىلغان كىشىگە مەنسۇبتۇر: [**وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ  يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ إِلَّا مَنْ أَتَى اللهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ**] [ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن، ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت (اللهنىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ] [2]؛ [**وَأُزْلِفَتِ الْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ غَيْرَ بَعِيدٍ هَذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٍ مَنْ خَشِيَ الرَّحْمَن بِالْغَيْبِ وَجَاء بِقَلْبٍ مُّنِيبٍ**] [جەننەت تەقۋادارلارغا يىراق بولمىغان جايغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. مانا بۇ (نېئمەتتىن) سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر اللهنىڭ (تائىتىگە) قايتقۇچى، (ئەمرىنى) ساقلىغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈندۇر. كىمكى مېھرىبان اللهنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تۆۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە، ئۇلارغا: «جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر» (دېيىلىدۇ)] [3].

الله ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەقۋادار بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى، تەقۋادارلىق بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ، ياخشىلىقلارنىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قولغا كېلىدىغان نەتىجىلەرنىڭ ئۇلىدۇر. تەقۋادارلىق تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەلبنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۈچ قېتىم تەكرارلىشىدىكى سەۋەب، بۇ مەسىلە قەلبلەرگە راسا ئورناپ كەتسۇن دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

قۇرئان كەرىمدىمۇ تەقۋادارلىق قەلبكە نىسبەت بېرىلگەن: [**ذَلِكَ وَ مَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ**] «ئىش مانا مۇشۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر] [4].

روھىي تەربىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ، سۇلۇكچىلەرنىڭ ۋە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلەت، ئىلاھىي ماقام دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى قەلبكە ئالاقىدار ئىشلاردۇر. بۇ ماقاملار زاھىدلىق، دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئەۋزەل كۆرۈش، اللهقا ئىخلاس قىلىش، الله تائالاغا مۇھەببەت باغلاش، پەيغەمبەرگە مۇھەببەت باغلاش، اللهقا تەۋەككۇل قىلىش، اللهنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش،

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە شۇئەرا، 87 – ۋە 89 – ئايەتلەر.
[3] سۈرە قاف، 31 – دىن 33 – ئايەتكىچە.
[4] سۈرە ھەج، 32 – ئايەت.

اللهنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش، اللهنىڭ بالاسىغا سەۋر قىلىش، قازاسىغا رازى بولۇش، اللهنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانا بۇ قەلبىي ئەمەللەر دىنىنىڭ جەۋھىرى، روھىدۇر. قەلبىي ئەمەللەردىن نېسىۋە ئالالمىغان ئادەم ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقان، دىن ـ دىيانەتتە زىيان تارتقان ئادەمدۇر:

يىغلىسۇن ئۇ ئىچ ئاغرىتىپ زايا بولغان ئۆمرىگە،
قەلبىي ئەمەلدىن ھېچ نېسىۋە ئالماي ئۆتكىنىگە!

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمدە مۇنۇ ئۈچ خىسلەت بولسا، ئۇ ئىماننىڭ شېرىن تەمىنى ھېس قىلىدۇ: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇ كىشىگە ئۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكرەك بولسا، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسە، كاپىرلىقنى ئوتقا خۇددى تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرسە»[1]؛ «ھېچكىم تاكى مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىدىن، بالىسىدىن، ھەممە ئادەملەردىن سۆيۈملۈكرەك بولمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[2].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- قىيامەت قاچان بولىدۇ، ئى اللهنىڭ رەسۇلى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قىيامەتكە قانداق تەييارلىق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- قىيامەتكە كۆپ ناماز، روزا، سەدىقىلەر بىلەن تەييارلىق كۆرەلمىدىم، لېكىن مەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. بۇ جاۋابنى ئالغان رەسۇلۇللاھ:

- سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىرگە بولىسەن، ـ دېدى[3].

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- بىر كىشى بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئەمما ئۇلارنىڭ قېشىغا بارالمىسا، قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەر ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىرگە بولىدۇ، ـ دېدى[4]. مانا بۇ ھەدىسلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، اللهنى ياخشى كۆرۈش، اللهنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش، اللهنىڭ سالىھ بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈش كىشىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان كاتتا ئەمەللەر جۈملىسىدىندۇر. مۇنداق كىشى گەرچە نامازنى كۆپ ئوقۇمىغان، روزىنى كۆپ تۇتمىغان، سەدىقىنى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كۆپ بەرمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاھقا يېقىنلىشالايدۇ. چۈنكى، پاك مۇھەببەت قەلبىي ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر، قەلبىي ئەمەللەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ ئورۇنغا ئىگىدۇر. شۇ ۋەجىدىن بەزى ئۆلۈغلىرىمىز مۇنداق دېگەن:

سالىھلارنى سۆيىمەن، بولمىساممۇ ئۇلاردىن،
شۇ ئارقىلىق ئېرىشىش شاپائەتكە ئۈمىدىم.
ياقتۇرمايمەن بەندىنى قاچمايدىغان گۇناھدىن،
گەر بولسىمۇ پەرقسىز ئۇنىڭكىدىن گۇناھىم!

قەلبىي ئەمەللەرنىڭ قاتارىدا ئىمانىي كاملىلىقنىڭ جۈملىسىدىن بولغان يەنە بىر ئەمەل بار، ئۇ بولسىمۇ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئاساس قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرمىسە، ئۇ كىشى ئىمانىي كاملىلىقنى ئىزدىگەن بولىدۇ»[①]؛ «ئاللاھ ئۈچۈن دوستلىشىش، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش ئىمان ھالقىلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەمىدۇر»[②].

ئومۇمەن بەزى دىيانەتلىك كىشىلەر، گاھى دەۋەتچىلەر بىر قىسىم زاھىرى ئەمەللەرگە ناھايىتى چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ، شاكىلىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مېغىزى بىلەن كارى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلار كىيىمنى قىسقا كىيىش، بۇرۇتنى قىرقىش، ساقال قويۇش، ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىش شەكلى، مۇنبەر پەشتىقىنىڭ سانى، نامازدا تۇرغاندا قولنى قانداق تۇتۇش، پۇتنى قانداق قويۇش دېگەندەك شەكلىي ئىشلارغا تولا ئېسىلىۋېلىپ، دىنىنىڭ روھى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئىشلار دىندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىشلار ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن كىشىنىڭ تەئەججۈپ قىلغۇسى كېلىدۇ.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئەنە شۇنداق زاھىرىي ئەمەللەردە تولا زىغىرلايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىن مۇھىمراق ئىشلارغا كەلگەندە زىغىرلاشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىپەرۋا بولۇۋالىدۇ. مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئامانەتلەرنى جايىغا تەگكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە چېقىلماسلىق، ئىشنى پۇختا قىلىش، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىش، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا، بولۇپمۇ ئاجىز كىشىلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ئوچۇق ھاراملاردىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا كەلگەندە، ئۇلار ئانچە زىغىرلىمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنفال ۋە سۈرە مۇئمىنۇننىڭ بېشىدا، سۈرە فۇرقاننىڭ ئاخىرىدا ۋە باشقا سۈرىلەردە مۇئمىنلەرنىڭ مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم قىزىققان قېرىنداشلىرىمىز بەزى ئىشلاردا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىمۇ

[①] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[②] ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

تەسچىلىك پەيدا قىلغان ئىكەن. مەسىلەن: ئۇلار شەرىئەت بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بوغۇزلانغان ئېنىق هالال گۆش توغرىسىدا تولا تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالىدىكەن؛ تەييار يېمەكلىكلەرگە هېچ بولمىغاندا يۈزدىن بىر ياكى مىڭدىن بىر پىرسەنت بولسىمۇ، چوشقىنىڭ گۆشى ياكى مېيى ئارىلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. لېكىن ئۇلار كۈندە نەچچە قېتىم پەرۋاسىز هالدا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ گۆشىنى يەۋېرىدىكەن، غەيۋەت قىلىۋېرىدىكەن، تېخى تۆخۇمغا تۈك ئۈندۈرۈپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا تۆهمەت چاپلاۋېرىدىكەن ياكى باشقىلار ئويدۇرۇپ چىققان تۆهمەتلەرنى تەستىقلاپ، ئۇنى تارقىتىپ يۈرىدىكەن. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دەۋەتچى قېرىندىشىمىز دوكتور هەسسان هەتهۇت ئۇلارنى راسا قامچىلاپتۇ، مەن بۇنى ئاڭلاپ ناهايىتى خۇش بولدۇم.

## ئەمەللەرنىڭ ئەۋزەللىك دەرىجىسى زامان، ماكان ۋە ئەهۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە

## قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ

بۇ يەردە ئىزاهلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ كۆپلىگەن ئىشلارنىڭ ئەلالىقى ۋە ئەۋزەللىكى مۇتلەق بولمايدىغانلىقى، بەلكى كۆپ هاللاردا زامان، ماكان، مۇهىت، شەخس ۋە ئەهۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

## دۇنيالىق ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى

دېهقانچىلىق، سودىگەرچىلىك، هۈنەرۋەنچىلىك ـ بۇ ئۈچ ئىشنىڭ قايسىسى اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل، ساۋابى ئەڭ كۆپ؟ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بۇ هەقتىكى كۆزقارىشى ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا مەزكۇر ئىشلارنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا كەلگەن هەدىسلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەب بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دېهقانچىلىقنىڭ خاسىيىتى هەققىدە مۇنداق دېگەن: «هەرقانداق بىر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە ياكى تېرىقچىلىق قىلسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇش ياكى ئادەم ۋە ياكى هايۋان يېسە، تېرىقچىلىق قىلغۇچىغا سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خاسىيىتى هەققىدە مۇنداق دېگەن: «هېچكىمنىڭ يېگەن تائامى هۈنەر قىلىپ يېگەن تائامىدىن ياخشىراق ئەمەس. اللهنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيهىسسالام هۈنەر قىلىپ تائام يەيتتى»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سودىگەرچىلىكنىڭ خاسىيىتى هەققىدە مۇنداق دېگەن: «راستچىل سودىگەر پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېهىدلار بىلەن بىللە هەشر قىلىنىدۇ»[3].

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەهمەد ۋە بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مانا مۇشۇنداق ھەدىسلەر بولغاچقا، بەزى ئۆلىمالار بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قالغان ئىككىسىدىن ئەۋزەل دەپ قارىغان. لېكىن، مۇھەققىق ئۆلىمالار مۇنداق قارايدۇ: بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھېچقايسىسى مۇتلەق ئەۋزەل ئەمەس، بەلكى، ئەۋزەللىك جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بولىدۇ.

ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر ئازايغان، جەمئىيەتنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا تېرىقچىلىق باشقا ئىشلاردىن ئەۋزەلرەك بولىدۇ. چۈنكى، تېرىقچىلىق ئارقىلىق ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئاشلىق غەملىگىلى بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن دېھقانچىلىقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە چىداش ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەر جۈملىسىدىن بولىدۇ.

دېھقانچىلىقنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن، ئاشلىققا ئېھتىياج قالمىغان، تۈرلۈك ھۈنەر ـ سانائەتلەرگە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەندە؛ دىنسىزلاردىن مال ئىمپورت قىلىشتىن قۇتۇلۇشقا ۋە ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە؛ ھەربىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈممەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداشقا، ئۈممەتنىڭ مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجىنى قامداشقا توغرا كەلگەندە، ھۈنەر ـ سانائەت ئەڭ ئەۋزەل ئىشقا ئايلىنىدۇ.

دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەر ـ سانائەت يەتكۈدەك بولۇپ، كىشىلەر ئىستىمالچى بىلەن ئىشلەپ چىقارغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياخشى ۋاستە ھېسابلانغان مال يۆتكىگۈچى سودىگەرلەرگە ئېھتىياجلىق بولغاندا؛ بازار ئاچكۆز، ھايانكەش، پۇرسەتپەرەس، قۇلاق كەستىلەرنىڭ قولىغا قېلىپ، مال باھاسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەندە سودىگەرچىلىك ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلگە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ، سودىگەرلەر سودىنى دەپ اللهنى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غاپىل بولۇپ قالمايدىغانلار جۈملىسىدىن بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

دەۋرىمىزدە ئۈممىتىمىز ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقان نەرسە يۇقىرى دەرىجىلىك پەن – تېخنىكا بىلىملىرىدۇر.

ئۈممىتىمىز يېڭى دەۋرگە ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللىنىپ، تەرەققىي قىلغان ھالدا كىرىشكە ناھايىتى موھتاج. ئۈممىتىمىز زامانىۋىي قورال ۋە ئەسلىھەلەردە باشقىلارغا يۆلەك بولۇپ قالسا، الله ئۈممىتىمىزگە ھۆرمەت بىلەن تاپشۇرغان ئىسلام ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ، ئىسلام دەۋىتىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئۈممىتىمىز مائارىپ مېتودىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇشۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئۈممىتىمىزنىڭ چوڭقۇر، كەڭ دائىرىلىك، مۇستەقىل مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان كۆڭۈللەردىكى ئالەمشۇمۇل ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئىسلامنىڭ كەلگۈسىدە ئۈممەتتىن كۈتىدىغىنى نېمە؟ ئىسلام ئەھلىنىڭ تەلىپى نېمە؟ بۇنى ئويلاش كېرەك؛ پۈتۈن دۇنيا ئىسلام ئېتىقادىنى، تۈزۈمىنى ۋە ھازارىتىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ، كەلگۈسىگە مۇشۇ نۇقتىدىن قاراش كېرەك.

تەرەققىي قىلغان پەن ـ تېخنىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، تېخنىكىدا ۋە تېخنىكىغا يەتكۈزگۈچى بىلىملەردە يۇقىرى ماھارەت ئىگەللەش زۆرۈر بىر پەرزگە ئايلاندى. بۇنىڭ پەرزلىكىنى دىن بەلگىلىگەن، زۆرۈرلىكىنى رېئاللىق بەلگىلىگەن. مانا بۇ پەرز زامانىمىزدا ئۈممىتىمىز ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك پەرزدۇر.

## ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى

شەخسكە نىسبەتەن شەخسىي ئىبادەتلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ناھايىتى كۆپ ئىختىلاپ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ پىكرى زادىلا بىر يەردىن چىقمىدى. مېنىڭچە ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى كۆپچىكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ پىكرى شۇكى، ئىبادەتنىڭ ئەۋزەل بولۇشى شەخسكە، ۋاقىتقا، ماكانغا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم: «**المدارج**» (ئەلمەدارىج) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ««**إياك نعبد**» (ئىيياكە نەئبۇدۇ) مەقامىغا يەتكەنلەر يەنى: ‹ئى الله ، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز› دېگەنلەر ئىبادەتنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ پايدىلىق، قايسىسىنى تاللاشقا تېگىشلىك دېگەن مەسىلىدە تۆت قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى:

بىرىنچى قىسىمدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، قايسى ئىبادەت نەپسىگە ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قىيىن كەلسە، شۇ ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل. چۈنكى، بۇنداق ئىبادەت نەپسى ـ خاھىشتىن ئەڭ يىراق بولۇپ، نەپسى خاھىشتىن ئەڭ يىراق بولۇش ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەجرى ـ ساۋاب جاپا ـ مۇشەققەتكە قاراپ بولارمىش. ئۇلار ئاساسى يوق مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلىشىدۇ: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەڭ قىيىن بولغىنىدۇر».

بۇلار ئۆزىنىڭ جېنىغا جاپا سالىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، نەپس جاپا بىلەن تۈزىلەرمىش، چۈنكى، نەپسىنىڭ خاھىشى ھورۇنلۇق، چۇپرەندىلىك، يەرگە يېتىۋېلىش ئىكەن. شۇڭا ئۇنى قورقۇنچلۇق دەھشەتلەر بىلەن، ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تۈزەش كېرەك ئىمىش.

ئىككىنچى قىسىمدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت دۇنيادىن ۋاز كېچىش، زاھىدلىق، مۇمكىنقەدەر مال ـ دۇنيانى ئاز تويلاش، دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەسلىك ۋە پەرۋا قىلماسلىقتۇر. بۇلار ئۆز ئىچىدە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن:

1 ـ ئادەتتىكىلىرى: ئۇلار تەركىدۇنيا، زاھىد بولۇشنى ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ غايىسى ۋە ئاساسى دەپ قاراپ، جان ـ جەھلى بىلەن تەركىدۇنيا بولۇشقا ھەرىكەت قىلىشىدۇ، كىشىلەرنى تەركىدۇنيا بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار: تەركىدۇنيا بولۇشنىڭ دەرىجىسى ئالىملىق ۋە ئابىدلىقتىنمۇ ئارتۇقراق، ـ دەيدۇ.

2 ـ ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىرى: بۇلارنىڭ قارىشىچە، تەركى دۇنيا بولۇش مەقسەت ـ غايە ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلبنى اللهقا باغلاشنىڭ، دىققەتنى يىغىشنىڭ، قەلبنى ئېرىغداپ اللهنىڭ مۇھەببىتىگىلا مەپتۇن بولۇشنىڭ، اللهقا قايتىشنىڭ، تەۋەككۇل قىلىشنىڭ، اللهنىڭ رازىلىقى بىلەنلا

شۇغۇللىنىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت پۈتۈن دىققەتنى اللهقا مەركەزلەشتۈرۈپ اللهنى قەلب بىلەن، تىل بىلەن داۋاملىق ياد ئېتىشتۇر، مۇراقەبەدە تۇرۇش، كۆڭۈلنى چېچىۋېتىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقتۇر.

بۇلارمۇ ئۆز ئىچىدە ئىككىگە بۆلۈنگەن:

1 - ئارىف - پېشىۋالار: بۇلار دىققىتىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە، مۇراقەبەسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە قارىماي ئەمر - نەھيىنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

2 - ئازغۇنلىرى: بۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئىبادەتنىڭ مەقسىتى دىققەتنى اللهقا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر، شۇڭا، اللهتىن دىققەتنى بۇرىۋېتىدىغان نەرسىگە نەزەر كۆزىنى سېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ۋىرد - ۋەزىپە ئوقۇش غاپىلنىڭ ئىشى،
ۋىرد ئوقارمۇ قەلبى ۋىردقا ئايلانغان كىشى؟!

بۇلارمۇ ئۆز ئىچىدە ئىككىگە بۆلۈنگەن:

1 - بىر قىسمىلىرى دىققەتنى بۇزماسلىق ئۈچۈن پەرز، ۋاجىبلارنىمۇ تەرك ئېتىدۇ.

2 - يەنە بىر قىسمىلىرى پەرزنى قىلىپ، سۈننەت ۋە نەپلەنى، ئىلىم ئۆگىنىشنى دىققەتنى بۇزماسلىق ئۈچۈن تەرك ئېتىدۇ.

بۇلارنىڭ بەزىسى ئارىفلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بىر شەيخكە سوئال قويۇپ مۇنداق دەپتۇ: مەن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، اللهنى ئەسلەۋاتقىنىمدا مۇئەززىن ئەزان ئېيتسا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ نامازغا چىقسام دىققىتىم بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن؛ نامازغا چىقماي تۇرۇۋەرسەم، دىققىتىم بۆلۈنمەيدىكەن. مېنىڭ قانداق قىلغىنىم ئەۋزەلرەك؟

شەيخ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: مۇئەززىن ئەزان ئېيتقاندا ئەرشىنىڭ ئاستىدا تۇرغان بولساڭمۇ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، اللهنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوش، ئاندىن جايىڭغا قايتىپ كەل. چۈنكى، پۈتۈن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش روھىڭ بىلەن قەلبىڭنىڭ نېسىۋىسى، اللهنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققىدۇر. ئۆز روھىڭنىڭ نېسىۋىسىنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققىدىن ئەۋزەل كۆرگەن كىشى: ‹ئى رەببىمىز، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز› دېگەنلەر جۈملىسىدىن ئەمەس.

ئۈچىنچى قىسىمدىكىلەر: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. كەمبەغەللەرگە خىزمەت قىلىش، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، پۇل - مېلى بىلەن، ئابرويى بىلەن باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. شۇڭا، ئۇلار مۇشۇنداق ئەمەللەرنى چىڭ تۇتۇپ قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىشىدۇ: «پۈتۈن مەخلۇقات اللهنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىدۇر، اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى اللهنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا ئەڭ كۆپ پايدا يەتكۈزگەن كىشىدۇر»[1].

[1] ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشى ئۆزىگىلا قالىدۇ، پايدا يەتكۈزگۈچىنىڭ ئىشى باشقىلارغا ئۆتىدۇ، ئۆتكەن بىلەن ئۆتمىگەن ئوخشاش بولامدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار: ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزلى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلار ئۈستىدىكى پەزلىگە ئوخشاش، - دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «اﷲنىڭ سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى ساڭا قىزىل تۆگىلەردىن ياخشىدۇر»[1]. بۇ ياخشىلىقمۇ ھىدايەتنىڭ پايدىسى باشقىلارغا تەگكەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى دەلىل قىلىشتى: «كىمكى ھىدايەتكە دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ساۋابى كېمىيىپ قالمايدۇ»[2]؛ «كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكەنلەرگە اﷲ رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئايى خەير قىلىپ تۇرىدۇ»[3]؛ «شۈبھىسىزكى، ئالىمغا ئاسماندىكىلەر، زېمىندىكىلەر ھەتتاكى دېڭىزدىكى بېلىقلار، ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ».

ئۇلارنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەرلەر مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلغىلى، ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىغىلى، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدا يەتكۈزگىلى پەيغەمبەر بولغان؛ خىلۋەتلەردە يۈرۈپ كىشىلەرگە ئارىلاشماي، راھىب بولغىلى پەيغەمبەر بولغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇشنى مەقسەت قىلغانلارنى ئەيىبلىگەن.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، اﷲنىڭ ئەمرىنى دەپ، بەندىلەرگە پايدا يەتكۈزىمەن ۋە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ دىققەتنى چېچىش دىققەتنى اﷲقا مەركەزلەشتۈرگەندىن ئەۋزەل.

تۆتىنچى قىسىمدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق ۋاقىتتا شۇ ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلنى قىلىش ئارقىلىق اﷲنىڭ رازىلىقىنى ئىستەش ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. مەسىلەن، جىھاد ۋاقتىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت جىھاد قىلىشتۇر. گەرچە جىھاد قىلىمەن دەپ كېچىدە ئوقۇلىدىغان ناماز، كۈندۈزى تۇتۇلىدىغان روزا قاتارلىق نەپلە ۋەزىپىلەر تەرك قىلىنىپ كەتسىمۇ مەيلى، بەلكى پەرز نامازلار جىھاد بولمىغان ھالەتتىكىدەك تولۇق ئوقۇلمىسىمۇ مەيلى.

مېھمان كەلگەندىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت مېھماننىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈشتۇر. مۇستەھەب ۋەزىپىلەرنى تەرك ئېتىپ، مېھماننى ياخشى كۈتۈشتۇر. ئايال ۋە بالا - چاقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

سەھەر ۋاقىتلىرىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىشتۇر. بىلمىسىزلەر ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت تەلىم - تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر. ئەزان چىققان ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت قىلىۋاتقان

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

زىكىر ـ تەسبىھنى تاشلاپ، ئەزانغا قۇلاق سېلىشتۇر.

بەش نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىنى تېپىش، يىراق بولسىمۇ جامائەتكە چىقىش، نامازنى ھەممە جەھەتتىن تولۇق جايىغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىشتۇر.

ھاجەتمەنلەر ياردەمگە موھتاج بولغاندىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ئابروي بىلەن، بەدەن بىلەن، پۇل ـ مال بىلەن ــ ھەر باب بىلەن ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش. بۇنى قىلمەن دەپ كۆندىلىك ۋەزىپىلەر تەرك بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى.

قۇرئان قىرائەت قىلغان ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت پۈتۈن دىققەتنى يىغىپ قۇرئاننى ئويلىنىش ۋە ئۇنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىش، خۇددى الله تائالانىڭ سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشتۇر. قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئويلىنىش، قۇرئاننىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشتە پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغان ئادەم دىققەتنى يىغقاندىن بەكرەك يىغىشتۇر.

ئەرافاتتا تۇرغان ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت بار كۈچى بىلەن زارى ـ تەزەررۇ ۋە دۇئا ـ تەكبىر قىلىش بولۇپ، بۇنىڭغا دەخلى قىلىدىغان روزىنى تۇتماسلىق كېرەك.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت كۆپ ئىبادەت قىلىشتۇر، بولۇپمۇ، تەكبىر ئوقۇش، تەھلىل ئېيتىش، اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتىش پەرز ئەيىن بولمىغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەل.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت مەسجىدتىن چىقماي ئېتىكاپ قىلىش، خىلۋەتتە تۇرۇپ ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماسلىقتۇر. كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋاقىتتىكى ئېتىكاپ ئىلىم ئۆگەتكەندىن ۋە قۇرئان ساۋادىنى چىقارغاندىنمۇ ئارتۇقراق ساۋابلىق.

مۇسۇلمان قېرىندىشى ئاغرىپ قالغان ياكى ۋاپات بولغان ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ جىنازىسىغا ھازىر بولۇپ، ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشتۇر. بۇنداق قىلىش خىلۋەتتە تۇرۇپ دىققەتنى اللەقا مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتىكى ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت سەۋر قىلىش، ئۇلار بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئۇلاردىن قاچماسلىقتۇر. چۈنكى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە سەۋر قىلغان مۇئمىن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي، ئازار تارتماي ئۆتكەن مۇئمىندىن ياخشى. كىشىلەر بىلەن ياخشى ئىشلاردا ئورتاقلىشىش ياخشى ئىشنى ئايرىم قىلغاندىن ئەۋزەل. يامان ئىشلاردا كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۇلارغا ئارىلىشىپ قالغاندىن ياخشى. كىشىلەرگە ئارىلاشسام، ئۇلار قىلىۋاتقان يامانلىقنى يوقىتالايمەن ياكى ئازايتالايمەن دەيدىغان ئىشەنچ بولسا، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئۆزىنى چەتكە ئالغاندىن ئەۋزەلرەك.

ئەلھاسىل، ھەرقانداق ۋاقىتتا شۇ ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلنى قىلىش ئارقىلىق اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. ئەنە شۇنداق قىلىدىغانلار اللەقا شەرتسىز ئىبادەت قىلىدىغانلاردۇر. بۇ قىسىمدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تونۇشتۇرۇلغان قىسىمدىكىلەر شەرتلىك ئىبادەت قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزى باغلانغان بىرخىل ئىبادەتتىن ئايرىلسىلا، ئىبادەتنى تەرك ئەتكەندەك،

ئىبادىتى كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاللاھقا بىرخىل شەكىل بىلەنلا ئىبادەت قىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھقا شەرتسىز ئىبادەت قىلغان كىشى مەلۇم بىر ئىبادەت شەكلىنى قوغلاشمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا قوغلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىبادەت شەكلى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىبادەت شەكىللىرىنى ئۆزلۈكسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم بىرخىل شەكىلدىكى ئىبادىتىنى يەنە بىرخىل شەكىلدىكى ئىبادەتنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى كەلگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئىبادەتتە باشتىن ـ ئاخىر ئەنە شۇنداق يول تۇتىدۇ. ئۇ ئۆلىمانى كۆرسە، ئۆلىماغا قوشۇلىدۇ. ئابىدنى كۆرسە، ئابىدغا قوشۇلىدۇ. مۇجاھىدنى كۆرسە، مۇجاھىدقا قوشۇلىدۇ. زىكىر ئېيتقانلارنى كۆرسە، ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. خەير ـ ئېھسان قىلغانلارنى كۆرسە، ئۇلارغا قوشۇلىدۇ، ھوزۇر قەلب بىلەن ئاللاھقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق شەرتسىز ئىبادەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ رەسىم ـ قائىدىلەرگە باغلىنىپ قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلمايدۇ، روھىغا لەززەت بېرىدىغان ئىبادەتكىلا ئېسىلىۋالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزى قىينالسىمۇ، رەببىنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئىش قىلىدۇ. ئەنە شۇ: [**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**] [(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز] دېگەن شوئارنى ھەقىقەتەن ئەمەلدە كۆرسەتكەن كىشىدۇر. بۇ كىشى كىيىم ـ كېچەكتە، يېمەك ـ ئىچمەكتە، يېتىپ ـ قوپۇشتا، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ـــ ھەممە ئىشتا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ بىر ئەركىن ئىبادەت قىلغۇچى، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغۇچى، رەسىم ـ قائىدىلەرگە بويى بەرمىگۈچى، ئىلاھىي بۇيرۇقنىلا دەۋرى قىلغۇچىدۇر. ھەق يولدا ماڭغانلار ئۇنىڭغا ئۇلپەت، ناھەق يولدىكىلەر ئۇنىڭدىن چېكەر كۆلپەت. ئۇ يامغۇرغا ئوخشايدۇ، چۈشكەنلا يېرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ يەنە خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇكى، خورمىنىڭ ھەممە نېمىسى ھەتتاكى شوخىسىمۇ پايدىلىق. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى چىققانلارغا توك تېگىدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلار يۈز بەرسە، دەرغەزەپكە كېلىدۇ. دېمەك ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاللاھ بىلەن ياشايدۇ. ئۇ ئاللاھ بىلەن بولغاندا پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ؛ مەخلۇقات بىلەن بولغاندا ئۆزىنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئاللاھنى كۆرگەندە مەخلۇقاتنى ئۇنتۇيدىغان، مەخلۇقاتنى كۆرگەندە ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان خالىسانە بەندە. پاھ، ئۇنىڭغا قاراڭلار! ئۇنىڭ كۆڭلى ئادەملەردىن سۇ ئىچمەيدۇ، ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى يېگانە ھېس قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەت ئاللاھتىنلا سۇ ئىچىدۇ، ئاللاھ بىلەنلا شادلىنىدۇ، ئاللاھ بىلەنلا ئارام ۋە تەسكىن تاپىدۇ! ئاللاھ ياردەم بەرگەندىلا، ئاللاھقا تايانغاندىلا ئەنە شۇنداق بولغىلى بولىدۇ»[1].

---

[1] «توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى»، 1 – توم، 85 – دىن 90 – بەتكىچە.

# يەتتىنچى باب

## ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشتا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك

### ئاساسلىق ئەمەللەرنى شاخچە ئەمەللەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىش كېرەك

شەرىئەت بۇيرىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتا ھەممىدىن ئاۋۋال ئاساسلىق ئەمەللەرنى شاخچە ئەمەللەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاساسلىق ئەمەللەر دېگىنىمىز ئىمانغا ۋە تەۋھىدكە ئالاقىدار بولغان ئەمەللەر بولۇپ، بۇ ئەمەللەر قۇرئان كەرىم ئىمان رۇكنىلىرى دەپ بايان قىلىنىدۇ:

[لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ] [سىلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىڭلارنى كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تەرەپكە قىلىشىڭلار ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ][1]؛ [آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ] [پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ][2]؛ [وَمَن يَكْفُرْ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا] [كىمكى ئاللاھ نى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ][3] .

مەزكۇر ئايەتلەردە ئەقىدە يىلتىزلىرى بايان قىلىنغاندا، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئايرىم سۆزلەنمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەركىبى قىسمىدۇر. تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسىغا، ئىلاھى ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا، ئىلاھى ئىرادىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئىجرا

[1] سۈرە بەقەرە، 177 – ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 285 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 136 – ئايەت.

بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكتۇر.

ئەقىدە يىلتىز، شەرىئەت بۇ يىلتىزنىڭ شېخىدۇر. ئىمان يىلتىز، ئەمەل ئۇنىڭ شېخىدۇر.

ئەمەل ئىماننىڭ تەركىبىي قىسمىمۇ ياكى ئەمەل ئىماننىڭ نەتىجىسىمۇ؟ ئىماننىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئەمەل شەرتمۇ ياكى ئەمەل ئىماننىي كامىللىقىنىڭ بەلگىسىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىلمى كالامچىلار جېدەل قىلىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بۇ جېدەللىرىگە قاتنىششىنى خالىمايمىز.

ھەقىقى ئىمان ئەمەلىي نەتىجە بەرمەي قالمايدۇ، ئىمان قانچىلىك مۇستەھكەم بولسا، ئەمەل شۇنچىلىك بولىدۇ، ئىلاھىي بۇيرۇق شۇنچىلىك ئىجرا قىلىنىدۇ، نەھىيلەردىن شۇنچىلىك چەكلىنىدۇ.

ساغلام ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ئەمەل اللهنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز. ئۇنداق ئەمەل مۇنۇ ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ: [**وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً حَتَّى إِذَا جَاءَهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللهَ عِنْدَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ وَاللهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ**] [كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى ئالۋۇنغا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرۈنمەيدۇ)، ئۇ اللهنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك، ئەڭ بۇرۇن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش ئەقىدىنى توغرىلاش، ساپ تەۋھىدكە ئېرىشىش، شېرىك ۋە خۇراپاتنى قوغلاش، قەلبكە ئىمان ئۇرۇقىنى چوڭقۇر تېرىش، ئىمان دەرىخىنى مېۋىلىتىش، «اللەتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى دىلغا مەھكەم ئورنىتىپ، ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا يولىيورۇق بەرگۈچى نۇرغا ئايلاندۇرۇش، بۇ نۇر بىلەن كۇفرى زۇلۇماتلىرىنى ۋە مەسلەك زۇلۇماتلىرىنى يورۇتۇشتۇر.

بۇ ھەقتە مۇھەققىق ئالىم ئىبنى قەييىم مۇنداق دەيدۇ: بىلگىنكى، «اللەتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق» كەلىمىسىنىڭ نۇرلىرى (ئىمان نۇرى) گۇناھ تۇمانلىرىنى ۋە بۇلۇتلىرىنى تارقىتىدۇ، ئىمان نۇرى قانچىلىك بولسا، تۇمان شۇنچىلىك تارقايدۇ. كىشىلەر ئىمان نۇرىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولۇشىدا ئۆزئارا پەرقلىقتۇر، بۇ پەرقنى اللەتىن باشقا ھېچ كىشى تولۇق بىلمەيدۇ.

ئىمان نۇرى بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە قۇياشنىڭ نۇرىدەك.

ئىمان نۇرى بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نۇرلۇق يۇلتۇزدەك.

ئىمان نۇرى بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەشئەلنىڭ نۇرىدەك.

ئىمان نۇرى بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نۇرلۇق چىراقتەك، يەنە بەزىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچەي دەپ قالغان چىراقتەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ ئوڭ تەرەپلىرىدە ۋە ئالدىدا ئاشكارا بولىدىغان نۇر ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمان نۇرىغا باغلىقتۇر. ئۇلار بۇ نۇرنى قانچىلىك تونۇغان، بىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى نۇرى شۇنچىلىك بولىدۇ.

ئىمان نۇرى قانچىكى چوڭ ۋە كۈچلۈك بولسا، شۈبھىلەرنى ۋە شەھۋانى خىياللارنى شۇنچىلىك

كۆيدۈرەلەيدۇ. ھەتتا ئىمان نۇرى بەك كۈچلۈك بولسا، ھەرقانداق شۈبھە، شەھۋانى خىيال ۋە گۇناھلارنى پاك ـ پاكىزە كۆيدۈرۈۋېتەلەيدۇ. ﷲقا ھېچنىمىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن، تەۋھىدتە راستچىل بولغان ئادەمنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ﷲ كەلىمە شەھادەتنى ﷲنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئېغىزىدىن چىقارغان كىشىنى دوزاخقا كىرگۈزمەيدۇ. ‹لا إله إلا الله› دېگەن كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ». بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنى نۇرغۇن ئادەملەر چۈشىنەلمەيدۇ، بەزىلىرى ئۇنداق ھەدىسلەرنى مەنسۇخ دەپ ئويلايدۇ، بەزىلىرى بۇ ھەدىسلەر شەرىئەتنىڭ ئەمر ـ نەھىيلىرى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن دېيىلگەن دەپ ئويلايدۇ، يەنە بەزىلىرى بۇ ھەدىسلەرگە: ‹مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار كىرگەن دوزاخقا كىرمەيدۇ› دەپ مەنە بېرىدۇ، بەزىلىرى: ‹دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ›... دېگەندەك ناتوغرا تەھلىللەرنى قىلىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويغان كەلىمە شاھادەت يەنى ئىمان، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدا دەپ قويغان بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق مەسىلە. كەلىمە شاھادەتنىڭ (ئىماننىڭ) تەلەپكە لايىق ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئاۋۋال كەلىمە شاھادەتنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى رەت ۋە ئىسپاتنى تولۇق چۈشىنىش، يەنى ئىلاھلىقنى ﷲ قىلا ئىسپاتلاش، ﷲتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىنى رەت قىلىش كېرەك، ئاندىن بۇ سۆزنى ئېغىزى بىلەن ئىقرار قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، دوزاختىن ساقلايدىغان ئىمان ھاسىل بولىدۇ.

بىر ئادەم كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارسا، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىسە، ئۇنى ئويلانمىسا، ئېغىزىدىن چىققان بۇ سۆزنى قەلبىدە چۈشەنمىسە، ئۇ سۆزنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمىسە، ئەمما ئۇ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ دېسە، ئۇنىڭ خاتالىرى قەلبىدىكى ئېتىقادىغا قاراپ تۆكۈلىدۇ. چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ ساۋابى ئەمەلنىڭ شەكلى ۋە سانىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى، ئەمەل قىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئېتىقادىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، قارىماققا ئوخشاش تۇرغان ئىككى ئەمەل ساۋاب جەھەتتە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. بىر سەپتە تەك تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىككى ئادەمنىڭ نامىزىمۇ ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ[1].

## پەرز ئەمەللەرنى نەپلە ئەمەللەردىن ئاۋۋال ئىجرا قىلىش كېرەك

شۇنىسى ھەممىگە مەلۇمكى، شەرىئەت تەلەپ قىلغان شاخچە ئەمەللەر دەرىجە جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. يەنى بەزى ئەمەللەر مۇستەھەب دەرىجىسىدە، بەزىلىرى پەرز دەرىجىسىدە

[1] «توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى»، 1 – جىلد، 329 – دىن 331 – بەتكىچە.

بولىدۇ.

بەزى ئەمەللەر پەرزدىن تۆۋەن، مۇستەھەبتىن يۇقىرى دەرىجىدە، بۇنى بەزى فەقىھلار ۋاجىب دەپ ئاتايدۇ.

پەرزلەرنىڭ بەزىسى پەرز كۇپايىدۇر. پەرز كۇپايە دېگەن، بىر ياكى بىرقانچە ئادەم ئىجرا قىلسا، باشقىلاردىن ئىجرا قىلمىغانلىقنىڭ گۇناھى ساقىت بولىدىغان پەرزدۇر.

پەرزلەرنىڭ بەزىسى پەرز ئەيندۇر، پەرز ئەيىن دېگەن، مۇكەللەپلىك سالاھىيىتىنى تولۇق هازىرلىغان ھەربىر شەخس شەخسەن ئۆزى ئىجرا قىلمىسا بولمايدىغان پەرزدۇر.

پەرز ئەينلەرمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. بەزى پەرز ئەينلەر رۇكىن دەرىجىلىك پەرز بولۇپ، ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق تۆت پەرز ئىسلامنىڭ رۇكىنلىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزى پەرز ئەينلەر بۇنداق رۇكىنلىق دەرىجىسىدە ئەمەس.

ئەللامە ئىبنى رەجەب: «الله پەرز قىلغان ئەمەللەرنى قىلماي قالماڭلار...» دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: پەرز بىلەن ۋاجىب بىر مەنىدىمۇ ياكى بىر مەنىدە ئەمەسمۇ؟ بۇ توغرىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلدى، بەزى ئالىملار پەرز بىلەن ۋاجىبنىڭ مەنىسى ئوخشاش دېدى، جۈملىدىن شافىئى مەزھىبىدىكىلەر شۇنداق دەيدۇ. ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق دېگەن دەيدىغان بايان بار. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، پەرز بىلەن ۋاجىبنىڭ مەنىسى ئوخشىمايدۇ، پەرز دېگەن كەسكىن دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم، ۋاجىب دېگەن كەسكىن بولمىغان دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم. جۈملىدىن ھەنەپى مەزھىبىدىكىلەر شۇنداق قارايدۇ. ئىمام ئەھمەدنىڭ كۆپلىگەن سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇمۇ پەرز بىلەن ۋاجىبنى پەرقلەندۈرگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر تۈركۈم شاگىرتلىرى ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: ‹پەقەت اللهنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملا پەرز دەپ ئاتىلىدۇ. مەن سەدىقە پىترىنى پەرز دەپ ئاتاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. ھالبۇكى، ئىمام ئەھمەد سەدىقە پىترىنى ۋاجىب دەيدۇ. بەزىلەر: ئىمام ئەھمەد قۇرئان بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم پەرز، ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم ۋاجىب دېمەكچى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئىمام ئەھمەد تۆكمە، مۇتەۋاتىر دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈم پەرز، ئىجتىھاد بىلەن ئىسپاتلانغان، ئىختىلاپ كۆرۈلگەن ھۆكۈم ۋاجىب دېمەكچى دەيدۇ.

## سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسى

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشنىڭ تەقەززاسى شۇكى، پەرز ۋاجىبنىڭ ئالدىدا، ۋاجىب سۈننەت ۋە مۇستەھەبنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. پەرز ۋە ۋاجىبلارغا سۈننەت ۋە مۇستەھەبكە قارىغاندىن مۇھىمراق نەزەر بىلەن قاراش كېرەك. ئاساسى پەرزلەر ئادەتتىكى پەرزلەردىن بەكرەك تەكىتلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ، ناماز ۋە زاكات دېگەن بۇ ئىككى ئاساسى پەرز قاتتىق تەكىتلىنىشى كېرەك. قۇرئاندا 28 ئورۇندا بۇ ئىككى پەرز جۈپلەپ كەلتۈرۈلگەن، بىرقانچە

سەھەر ھەدىستىمۇ بۇ ئىككى پەرز تەكىتلەنگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلام بەش رۇكىننىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى. ئۇ بولسىمۇ، اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت»[1]. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاچلىرى چۇۋۇق، نەجدلىك بىر ئادەم كەلدى، ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسە دەۋاتاتتى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىز ئۇقالمايتتۇق، ئۇ ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كەلدى، ئۇ ئەسلىدە: ئىسلام دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- ئىسلام دېگەن بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشتۇر، - دېدى.

- بۇنىڭدىن باشقا نامازمۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ ئادەم. رەسۇلۇللاھ:

- يوق، لېكىن نەپلە ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ، - دېدى. ئاندىن:

- بىر ئاي روزا تۇتۇشتۇر، - دېدى. ئۇ ئادەم:

- بۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- يوق، لېكىن نەپلە روزا تۇتساڭ مەيلى، - دېدى. ئاندىن زاكاتنى چۈشەندۈردى. ئۇ ئادەم:

- ماڭا بۇنىڭدىن باشقىمۇ زاكات بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

- يوق، لېكىن ئۆز ئىختىيارىڭچە بەرسەڭ مەيلى، - دېدى. ئۇ ئادەم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قايتىپ كېتىۋاتقاچ:

- الله بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ قىلمايمەن، - دېدى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇ راست ئېيتقان بولسا، نىجاتلىققا ئېرىشتى، - دېدى[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنى اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد اللهنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىسا، ئۇلارغا بىلدۈرگىنكى، الله ئۇلارغا ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىسا، ئۇلارغا بىلدۈرگىنكى، الله ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە قايتۇرۇلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى»[3].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد اللهنىڭ ئەلچىسى دەپ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار شۇ ئىشلارنى قىلسا، مەندىن جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسابى اللهقا تاپشۇرۇلىدۇ» ①.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، بەزى ئەرەبلەر زاكات بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچماقچى بولدى، بۇنىڭغا قارىتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز بۇلار بىلەن قانداقمۇ ئۇرۇش قىلىمىز، ۋەھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار اللهتىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىمكى بۇ سۆزنى دېسە، ئۇ مەندىن ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە مېلىنى ساقلاپ قالىدۇ، پەقەت مالنىڭ ھەققىنى (زاكاتنى) ساقلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ھېسابى اللهقا تاپشۇرۇلىدۇ» دېگەن تۇرسا؟ - دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ: الله بىلەن قەسەمكى، مەن ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىۋەتكەن كىشىگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن، چۈنكى، زاكات مالنىڭ ھەققىدۇر. الله بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كەلگەن بىر ئوغلاقنى ماڭا بەرمەيدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا شۇنى بەرمىگەنلىكى قارىتا ئۇرۇش ئاچىمەن، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرى ئۇرۇش قىلىپ توغرا قىلغان ئىكەن، الله ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇنى سالغان ئىكەن ②.

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بەرگىن! — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىسەن، ناماز ئوقۇيسەن، زاكات بېرىسەن، سىلە ـ رەھىم قىلىسەن ③.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! مېنى شۇنداق بىر ئەمەلگە باشلاپ قويغىنكى، مەن ئۇنى قىلىپ، جەننەتكە كىرگەيمەن، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىسەن، پەرز ناماز ئوقۇيسەن، پەرز زاكات بېرىسەن، رامىزان روزىسىنى تۇتىسەن، - دېدى. ئۇ ئەئرابى:

- جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، كەممۇ

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

③ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلمايمەن، ـ دېدى. ئۇ ئەئرابىي كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ ئەھلى جەننەتتىن بىر ئادەمنى كۆرگۈسى بولسا، ئۇ مۇشۇ ئادەمگە قارىسۇن» دېدى[1]. بۇ ھەدىس ۋە يۇقىرىدا تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىس دالالەت قىلدىكى، شۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن پەرزلەر دىندىكى ئاساسى ئەمەلدۇر. كىمكى شۇ ئەمەللەرنى كەم ـكۈتىسىز ئادا قىلسا، گەرچە ئۇ سۈننەت ۋە نەپلەلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىغان تەقدىردىمۇ ئۈزىگە جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي تەلىم بېرىشتە رۇكنىلارغا ۋە ئاساسى پەرزلەرگە كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈش، تۈگىمەس ئۇششاق تەپسىلاتلارغا كۈچىمەسلىك ئۇسۇلىنى قوللانغان.

## پەرزلەرنى قويۇپ نەپلەلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى

پەرزلەرنى قويۇپ سۈننەت ۋە نەپلە ناماز، نەپلە روزا، ئۆمرە ھەجلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش خاتادۇر.

قارايدىغان بولساق، بەزى دىندارلار كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، تازا چارچاپ ئىشقا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئالغان ئىش ھەققىگە يارىشا ئىشلىيەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پەرزلىكىنى، خىزمەتنى چالا ئىشلەشنىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە ئاي ئاخىرىدا ئالغان مائاشنى ھارام يېيىش بولىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇ كېچىدىكى نامىزىنى قىسقارتاتتى. چۈنكى، كېچىدە ناماز ئوقۇش نەپلە ناماز بولۇپ، ئۇنى ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مەجبۇرىيەت دەپ بەلگىلىمىگەن. شۇنىڭدەك، يەنە بەزى ئادەملەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇپ، تالىقىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، ياز كۈنلىرى شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جانلىق خىزمەت قىلالمايدۇ، كۆپ ھاللاردا خەلق مەنپەئەتىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىدۇ. بۇ روزىمۇ نەپلە روزا بولۇپ، مەجبۇرىيەت ئەمەس. ئەمما، خەلق مەنپەئەتىنى دەل جايىدا ئىشقا ئاشۇرۇش پەرزدۇر، زۆرۈردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى ئېرى ئۆيدە بار چاغدا ئەرنىڭ ئىزنىسىز نەپلە روزا تۇتۇشتىن توسقان ئىدى، چۈنكى، ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى نەپلە روزىدىن مۇھىم.

نەپلە ھەج ۋە نەپلە ئۆمرىلەرمۇ شۇنداق. بەزى دىندارلار بەش ـ ئون قېتىم، ھەتتا ئوتتۇز ـ قىرىق قېتىملاپ ھەجگە بارىدۇ. ھەر يىلى رامىزاننى قولدىن بەرمەي ئۆمرىگە بېرىپ، نەچچە مىڭ جۈنەيھە، دىنار، رىياللارنى خەجلەپ تۈگىتىدۇ. ھالبۇكى، سومالىغا ئوخشاش بەزى رايونلاردا مۇسۇلمانلار ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ، راست شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، قەتلى ئامغا، تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتىدۇ، مەسىلەن: بوسنىيەدە، پەلەستىندە، كەشمىردە ۋە باشقا رايونلاردا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، داۋالىنىش، تۇرالغۇ، يېتىملارنى بېقىش، قېرى ـ چۆرىلەرنىڭ، تۇل خوتۇنلارنىڭ، مېيىپلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۆزىنى قوغداشتا زۆرۈر بولىدىغان قوراللانى سېتىۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتىدۇ.

يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار ناساراالاشتۇرۇش خىرسىغا ئۇچراۋاتىدۇ، ئۇلار بىلىم ئالىدىغان مەكتەپ، ناماز ئوقۇيدىغان مەسجىد، كۈتىنىدىغان ئورۇن، داۋالىنىدىغان دوختۇرخانا، ئوقۇيدىغان كىتاب، دەۋەت ئاڭلايدىغان مەركەز... تاپالمايۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ھەر يىلى ھەجگە بارغان ھاجىلارنىڭ يۈزدە يەتمىش پىرسەنتى بۇرۇن ھەج قىلىپ بولغان نەپلە ھەج قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار چىداپ تۇرۇپ نەچچە مىليون پۇلنى خەجلىۋېتىدۇ.

ناۋادا ئۇلار دىننى چۈشەنگەن ۋە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئازراق بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ھەج ۋە ئۆمرىدىن كېلىدىغان روھى لەززەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزگەن بولاتتى. ناۋادا ئۇلار ئازراق ئويلىنىپ باققان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزىۋېلىشتىن كېلىدىغان روھى لەززەتنىڭ بىلىپ - بىلمەي رىياخورلۇق، مەنمەنلىك ئارىلىشىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى لەززەت ــ ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ لەززىتىدىن چوڭقۇرراق ۋە كاتتىراق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى.

## ئىمام راغىبىينىڭ بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان سۆزلىرى

ئىسلام فەقىھلىرى مۇئەييەنلەشتۈرگەنكى، پەرزنى ئادا قىلمىغىچە نەپلەنى الله قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىمام راغىبىي پەرز ئىبادەتلەر بىلەن نەپلە ئەمەللەرنى سېلىشتۇرۇپ ناھايىتى ياخشى سۆزلىگەن: بىلىۋالغىنىكى، ئىبادەتنىڭ دائىرىسى نەپلەدىن كەڭراقتۇر، ھەرقانداق نەپلە ئىبادەت بولىدۇ، ئەمما، ئىبادەتنىڭ ھەممىسى نەپلە بولمايدۇ. پەرز ئىبادەت بىلەن نەپلە ئىبادەتنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، پەرز ئىبادەتنى تەرك ئەتكەن كىشى اللهنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، ئەمما نەپلە ئىبادەتنى تەرك ئەتكەن كىشى ئۇنداق قىلغان بولمايدۇ. پەرز ئىبادەتلەرنى تولۇق قىلمىغان ئادەم شەرئەتكە تولۇق ئەمەل قىلغان بولمايدۇ، پەرزگە سەل قارىغان كىشىنىڭ نەپلە ئەملى قوبۇل بولمايدۇ، پەرزنى ئادا قىلماي تۇرۇپ نەپلە ئەمەل قىلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى، نەپلە دېگەن پەرزنىڭ قوشۇمچىسى بولىدۇ، پەرزنىڭ ئۆزى بولمىغان يەردە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى بولامدۇ!؟ شۇڭا: يىلتىزىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئادەم مېۋە ئالالمايدۇ، - دەيدىغان گەپ بار. پەرز ئەمەلنى قىلمەن دەپ نەپلە ئەمەلنى قىلالمىغان كىشىنىڭ ئۆزرىسى مەقبۇلدۇر، نەپلە ئەمەلنى قىلمەن دەپ پەرز ئەمەلنى قىلالمىغان كىشى ئۆزىنى ئالدىغان كىشىدۇر.

## پەرز ئەيىنى پەرز كۇپايىدىن ئاۋۋال ئىجرا قىلىش كېرەك

پەرزلەر دەرىجە جەھەتتە نەپلەلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆز ئارىلىرىدىمۇ بىر — بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، پەرز ئەين پەرز كۇپايىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب

شۈكى، پەرز كۇپايىنى قىلىدىغانغا ئادەم چىقىپ قالدۇ ـ دە، قىلمىغانلارنىڭ گۇناھى باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ. ئەمما، پەرز ئەيىنى ھەركىم ئۆزى قىلمىسا، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار قىلىپ قويالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى پەرز ئەيىنىڭ پەرز كۇپايىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

پەرز كۇپايە بولغان جىھاد بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

دۈشمەنلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزغا تاجاۋۇز قىلمىغان ئەھۋالدا بىز ئۇلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرمەسلىك ئۈچۈن ياكى ئۇلاردا بىزگە قارىتا يامان نىيەتنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى بىخ ھالىتىدە بايلىۋېتىش ئۈچۈن بىز ئاۋۋال ئۇرۇش ئاچساق، شۇنداق ئۇرۇش پەرز كۇپايە جىھاد بولىدۇ، لېكىن، ئىمامىمىز ھەممە ئادەمنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلغاندا، بۇنداق ئۇرۇش پەرز ئەيىنگە ئايلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پەرز كۇپايە بولغان جىھادقا قاتنىشىشتىن بەكرەك پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ھەقتە ئەسكەرتكەن:

بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىھادقا قاتنىشىشقا رۇخسەت سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ - دېدى. ئۇ ئادەم:

- ھەئە، - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى تىرىشىپ قىل، - دېدى.

مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- مەن ساڭا ھىجرەت قىلىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا بەيئەت بېرىمەن، ﷲنىڭ ئەجرى ـ ساۋابىنى ئىزدەپ شۇنداق قىلىمەن، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

- ھەئە، ھەر ئىككىلىسى ھايات، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ﷲنىڭ ئەجىر ـ ساۋابىنى ئىزدەمسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

- ھەئە، - دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇ ئىككىسىگە ياخشى ھەمرا بول! ـ دېدى.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- مەن ساڭا ھىجرەت قىلىشقا بەيئەت بەرگىلى كەلدىم، ئاتا ـ ئانام كەينىمدىن يىغلاپ قالدى، - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپ، ئۇلارنى قانداق يىغلاتقان بولساڭ، شۇنداق كۈلدۈرگىن!

- دېدى [1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- مېنىڭ جىھاد قىلغۇم بار، ئەمما، جىھاد قىلىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ، - دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئاتا - ئاناڭنىڭ بىرەرسى ھاياتمۇ؟ - سورىدى.

- ئانام ھايات، - دېدى ئۇ ئادەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھقا ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغان ھالىتىڭدە ئۇچراشقىن، شۇنداق قىلساڭ، ھەج قىلغانىنىڭ، ئۆمرە قىلغانىنىڭ ۋە جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىسەن، - دېدى [2].

مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! غازاتقا چىقاي دەپ، ساڭا مەسلىھەت سالغىلى كەلدىم، - دېگەندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاناڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە، بار، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ يېنىدىن ئايرىلما، جەننەت ئاناڭنىڭ ئايغى ئاستىدا، - دېدى [3].

تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا جىھادقا چىقىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە، بار، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاتا - ئاناڭدىن ئايرىلما، جەننەت ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايغى ئاستىدا، - دېدى.

## پەرز كۈپايىلەر ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ

مەن بۇ جايدا پەرز كۈپايىلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

بەزى پەرز كۈپايىلەرنى قىلىدىغانغا ئادەم چىقتى، يەنە بەزى پەرز كۈپايىلەرنى قىلىدىغانغا ئادەم بەك تولا چىقتى. يەنە بەزى پەرز كۈپايىلەرنى قىلىدىغانغا ئانچە كۆپ ئادەم چىقمىدى ياكى زادىلا چىقمىدى.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ يەئلا ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان.

[3] نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام غەززالىينىڭ زامانىدا فىقھى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت پەرز كۇپايىنى قىلىشقا ھەممە ئادەم ئۇلىشىۋالغان، تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت يەنە بىر پەرز كۇپايىنى قىلىدىغانغا ئادەم چىقمىغان ئىدى. ھەتتا بىر شەھەردە فىقھىنى بىلىدىغان ئەللىك كىشى بار ئىدى ـ يۇ، ئەمما تېبابەت ئىلمىنى بىلىدىغان بىرمۇ مۇسۇلمان يوق ئىدى. ھالبۇكى، تېبابەت ئىلمى دۇنيالىقتا بىر زۆرۈرىيەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىلىمنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە دىنى ئىشلار بىلەنمۇ چېتىشلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئىمام غەزالىي ھەممە ئادەمنىڭ فىقھى ئىلمىگە يامىشىۋالغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ئىدى.

تاشلىنىپ قالغان پەرز كۇپايىنى كۆڭۈل بۆلۈنىۋاتقان پەرز كۇپايىنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىش كېرەك. قىسمەن تاشلىنىپ قالغان پەرز كۇپايىنى ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان پەرز كۇپايىنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىش كېرەك.

پەرز كۇپايە گاھى چاغلاردا مەلۇم شەخسلەرگە نىسبەتەن پەرز ئەينىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، چۈنكى، شۇ شەخسلەرنىڭلا پەرز كۇپايىنى ئورۇنداش سالاھىيىتى تولۇق بولغان بولىدۇ، ئۇنى ئورۇنداشقا ھېچقانداق توسالغۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر شەھەردە فىقھى ئىلمىنى بىلىدىغان بىرلا فەقىھ بولسا ياكى ئوقۇتقۇچى، خەتىب، دوختۇر، ئىنژېنېر، ھۈنەرۋەن بولسا، بۇلارنىڭ بىلگىنىنى باشقىلار بىلمىسە ياكى بىر ئادەم مەلۇم بىر ھەربىي ئىلمىنى بىلسە، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇنىڭغا موھتاج بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقىلار ئالالمىسا، مانا بۇلارنىڭ مەزكۇر خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ.

## بەندىلەرنىڭ ھەققىنى الله نىڭ ھەققىدىن ئاۋۋال ئادا قىلىش كېرەك

پەرز ئەينلەر پەرز كۇپايىلەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىغاندەك، پەرز ئەينلەر ھەم ئىجرا قىلىنىش جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەتتە بەندىلەرنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان.

اللهنىڭ ھەققىگىلا مۇناسىۋەتلىك پەرز ئەينلەردە ئاز ـ تولا يول قويۇش مۇمكىن. ئەمما بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار پەرز ئەينلەردە زادىلا يول قويۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: الله تائالانىڭ ھەقلىرى يول قويۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان، بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى يول قويماسلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان.

مەسىلەن، بىر مۇسۇلمانغا ھەج قىلىش ۋە قەرز تۆلەش تەڭلا پەرز بولغاندا ئۇ ئاۋۋال قەرزنى تۆلىشى كېرەك. ئۇنىڭ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ ھەجگە بېرىشى جايىز ئەمەس. لېكىن قەرز ئىگىسى رۇخسەت قىلسا ياكى قەرزنىڭ ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈپ بەرسە، قەرزدار قەرزنى كېيىن تۆلەشكە ئىشەنچىسى بولسا، ئۇنىڭ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ ھەجگە بېرىشى جايىز.

بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ھەقلىرى ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقتىن، سەھىھ

ھەدىستە مۇسۇلمان ئاللاھقا يېقىنلىشىشتا ئىستەيدىغان ئەڭ ئالىي ماقام ـ شېھىدلىك ماقامىغا يەتكەنلەردىنمۇ قەرزىنىڭ ساقىت بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان: «شېھىدنىڭ قەرزدىن باشقا ھەممە گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[①].

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان:

بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، خاتالىقلىرىم ئۆچۈرۈلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەئە، ئاللاھنىڭ يولىدا سەۋرى قىلغان، دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلغان، ئارقاڭنى قىلمىغان ھالدا ئۆلتۈرۈلسەڭ، شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى. لېكىن ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا:

- (بايام) نېمە سورىغانىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم سوئالىنى تەكرارلىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قەرزدىن باشقا گۇناھىڭ ئۆچۈرۈلىدۇ، ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېدى، ـ دەپ قوشۇپ قويدى[②].

بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تەكىتلەنگەن: «سۇبھانالالاھ! دىندا قەرزگە نېمانچە ئەھمىيەت بېرىلدىغاندۇ؟! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناۋادا بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن تىرىلدۈرۈلسە؛ ئاندىن ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن تىرىلدۈرۈلسە؛ ئاندىن ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قەرزى بولسا، ئۇ قەرزنى تۆلىمىگىچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[③].

شۇنىڭدەك، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىۋېتىپ، تېخى تەقسىم قىلىنمىغان غەنىمەتكە قول ئۇزىتىپ قويسا، گەرچە ئۇنىڭ ئالغىنى ناھايىتى ئاز بىر نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پۈتكۈل قوشۇننىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن خىيانەتچى ھېسابلىنىپ جىھادنىڭ پەزىلىدىن، مۇجاھىدنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم بولىدۇ؛ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىدلىك شەرىپىدىن ۋە شېھىدنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلجا ـ غەنىمەتلىرىگە كەركەرە ئىسىملىك بىر ئادەم مەسئۇل ئىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ دوزاختا» دېدى. ساھابىلەر بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئادەم بىر يەكتەكنى ئىشقىۋالغانىكەن[④].

خەيبەر غازىتىدا ساھابىلەر ئىچىدىن بىر كىشى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇرادىرىڭلارنىڭ نامىزىنى

[①] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىمام ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[④] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سىلەر چۇشۇرۇپ قويۇڭلار» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كىشىلەرنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بۇ بۇرادىرىڭلار غازات جەريانىدا (ئامانەتكە) خىيانەت قىلدى» دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭ يۈك ـ تاقىنى ئاختۇرۇۋېدى، ئىككى دەرھەمگە يارىمايدىغان بىر يەھۇدىي مارجىنى چىقتى[①].

ئۇمۇمنىڭ مال ـ مۈلكى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭغا تاما تارتىشتىن قاتتىق توسۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دەرھەم سەۋەبىدىن ئۇنىڭ نامىزىنى ئۆزى چۈشۈرمىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ماڭا مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى: خەيبەر غازىتى بولغان كۈنى بىر تۈركۈم ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، شېھىد بولغانلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ ئۆتتى، ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ: ئۇمۇ شېھىد بولدى، ـ دېيۈدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇ شېھىد بولمىدى، مەن ئۇنىڭ بىر يەكتەككە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب! كىشىلەرگە جاكارلىغىنكى، جەننەتكە پەقەت ئىمانلىق كىشىلەرلا كىرىدۇ» دېدى[②].

بۇ ھەدىسلەر نېمىگە دالالەت قىلىۋاتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بەندىنىڭ ھەققىنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ھەقلەرنى مەيلى ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈك بولسۇن ياكى ئۇمۇمنىڭ مۈلكى بولسۇن، ئۇنى چوڭ بىلىشكە؛ گەرچە ئۇ ناھايىتى ئاز بىر نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھالال بولمىغان يول بىلەن ئېلىۋېلىشنىڭ، ناھەق يول بىلەن يەۋېلىشنىڭ جايىز ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، كۆنۈپ قالغان بەك يامان ئىشتۇر، ئازنى ئېلىشتا قورقمىغان ئادەم كۆپنى ئېلىشتىنمۇ قورقماسلىقى، كىچىككە چوڭغا سۆرىشى، كىچىك بىر ئۈچقۇن چوڭ بىر ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

## كوللېكتىپنىڭ ھەقلىرىنى شەخسنىڭ ھەقلىرىدىن ئاۋۋال ئادا قىلىش كېرەك

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە شۇنى ھەم سۆزلەپ ئۆتۈش كېرەككى، كوللېكتىپنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك پەرزلەر شەخسنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك پەرزلەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، شەخس پەقەت كوللېكتىپ بىلەنلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدۇ، شەخس يالغۇز ياشىيالمايدۇ. شەخس بۇرۇنقىلار ئېيتقاندەك، مەدەنىيلىشىش خاراكتېرىگە ئىگە ياكى ھازىرقىلار ئېيتقاندەك، بىر ئىجتىمائىي ھايۋان. كوللېكتىپقا قوشۇلغاندىلا ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ، ئەگەر ئادەم كوللېكتىپقا قوشۇلمىسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، كوللېكتىپنىڭ ياكى ئۇممەتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار پەرزلەر شەخسنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار پەرزلەردىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ.

---

① ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شۇ سەۋەبتىن ئۆلىمالار مۇئەييەنلەشتۈرگەنكى، پەرز كۇپايە بولغان جىھادتا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جىھادقا چىقىپ توقۇنۇشۇپ قالسا، يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ھەدىسلەرنىڭ روھى بويىچە، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەمما جىھاد پەرز ئەين بولغاندا، مەسىلەن، دۈشمەن كاپىرلار ئىسلام ئېلىگە ھۇجۇم قوزغىسا، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئېلىنى قوغداش ئۈچۈن جىھادقا چىقىشى پەرز ئەين بولغاندا، بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئاتا ـ ئانىلىق ھىسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداش جىھادىغا قاتنىشىشىغىمۇ قارشى تۇرسا، ئۇلارنىڭ قارشى تۇرغىنى شەرىئەتتە ئېتىبارسىزدۇر.

توغرا، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش بىلەن جىھاد قىلىش ئوخشاش پەرز ئەين. لېكىن جىھاد پۈتۈن ئۈممەتنى، جۈملىدىن ئاتا ـ ئانىنى قوغداش ئۈچۈن پەرز ئەين بولغان، ناۋادا يۇرت دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ياكى يۇرت ئەھلى ھالاك بولسا، ھېلىقى ئاتا ـ ئانىمۇ ھالاك بولغانلار قاتارىدا تۈگىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، جىھاد بۇ جايدا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.

بۇ مەسىلە مۇنداق ئىبارە بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ: بۇ يەردە جىھاد اللەنىڭ ھەققى، ياخشىلىق ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى بولۇپ، اللەنىڭ ھەققى مەخلۇقنىڭ ھەققىدىن بۇرۇن كېلىدۇ.

بۇ ئىبارىمۇ يۇقىرىقى سۆزنى تەكىتلەيدۇ. كۆپ ھاللاردا: «اللەنىڭ ھەققى» دېگەندە كوللېكتىپنىڭ ياكى ئۈممەتنىڭ ھەققى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، اللەنىڭ ھەققى دەپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈملەر اللەقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى، ئۇ ھۆكۈملەر باشتىن ـ ئاخىر اللەنىڭ بەندىلىرىگە پايدا يەتكۈزىدۇ.

ئىمام غەززالىي قاتارلىقلار: «ئۈممەتنىڭ ھەققى شەخس ھەققىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» دېگەن بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ: مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار قالقان قىلىپ ئالدىغا ئېلىپ چىقسا، مۇئەييەن شارائىتتا قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش جايىز، ـ دېگەن. ۋاھالەنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى قوغداشنىڭ پەرزلىكى، مۇسۇلماننىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈشنىڭ جايىز ئەمەسلىكى ئىختىلاپسىز ئېنىق مەسىلىدۇر. ئەمدى، غەززالىي قاتارلىقلار نېمىگە ئاساسەن: دۈشمەن كاپىرلىرىنىڭ قوشۇنىدىكى بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش جايىز، ـ دەيدۇ؟

ئۇلارنىڭ بۇنى جايىز دېيىشى كوللېكتىپنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۈممەتنى ھالاكەتتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، شەخسنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۈممەتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

فەقىھلەر مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىپ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقسا، مۇسۇلماننى دەپ كاپىرغا ھۇجۇم قىلماسلىق ئىسلام ئۈممىتىگە خېيىم ـ خەتەر ئېلىپ كەلسە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش جايىزدۇر. بۇ ئۇرۇشتا قالقان قىلىنغان بىگۇناھ مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ مەيلى. چۈنكى، پۈتۈن ئۈممەتنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە كاپىرلار ئۈستۈنلۈك قازىنىپ مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىشنىڭ ئەندىشىسى ئاشۇ ئايرىم شەخسلەرنى قۇربان قىلىۋېتىشنى

تەلەپ قىلغان. بۇ شەخسلەرنىڭ ئەجرىنى الله ئۆزى بېرىدۇ[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام غەززالىي: «بۇنى جايىز دېيىش ناھەق قان تۆكۈشتىن ئىبارەت ھارامنى ھالال دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن ئېتىرازغا مۇنداق رەددىيە بەرگەن: ئاز سانلىقنىڭ قېنىنى تۆكمەيمەن دېگەندە ساناقسىز كۆپ قانلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. بىز شۇنى بىلىمىزكى، شەرىئەتتە بىر پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن ئەلادۇر. پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى قوغداپ قېلىش شەرىئەت پرىنسىپىدا قىسمەن مۇسۇلمانلارنى قوغداشتىن مۇھىمراق. بۇ شەرىئەتتە ناھايىتى ئېنىق مەسىلىدۇر[2].

كۆرۈپ تۇرۇپتۇقكى، غەززالىينىڭ بۇ پەتىۋاسى سېلىشتۇرما فىقھىسىنى ئاساس قىلغان.

شۇنىڭدەك، ئۇرۇش شارائىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن جىھادنىڭ چىقىملىرى، قوشۇننىڭ تەمىناتى، قورغان ياساش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇش ئېھتىياجلىرى تۇپەيلىدىن، قول ئىلكىدە بارلارغا سېلىق سېلىشقا توغرا كەلسە، شەرىئەت بۇنىمۇ قوللايدۇ. گەرچە كۆپ سانلىق فەقىھلەر: ئادەتتىكى ئەھۋالدا كىشىلەردىن زاكاتتىن باشقا ھەق يىغىشقا بولمايدۇ، - دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، ئۇچۇق جايىز دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن.

غەززالىي بۇنىڭغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن: ئىككى يامانلىق ياكى ئىككى زىيان ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قالسا (يەنى شۇ ئىككى ئىشنى ياكى شۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى چوقۇم قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا)، بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى زىياننىڭ ئەڭ يەڭگىلىنى تاللايمىز، شۇ ئارقىلىق ئېغىر زىيان ۋە يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىمىز. ئۇنداق بولغانىكەن، قوشۇمچە سېلىق تۆلەشكە تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ سېلىق تۆلەپ تارتىدىغان زىيىنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى بۇزۇلۇشتىن ئىبارەت زىيانغا قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەس[3]. شۇنىڭدەك، ئەسىرگە چۈشكەن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا ئەسىر بولۇش خورلۇقىدىن قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك. ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئاممىسى قانچىلىك ئىقتىساد كېتىشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشى پەرز[4].

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ ھۆرمىتى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھۆرمىتىدۇر، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھۆرمىتى شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلكىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۈستۈندۇر.

## قەبىلىۋاز بولۇشتىن ئاۋۋال ئۈممەتپەرۋەر بولۇش كېرەك

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە قەبىلىۋاز ۋە جەمەتپەرەس بولۇشتىن ئاۋۋال ئۈممەتپەرۋەر بولۇش، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، تەرەپبازلىق قىلماسلىق، بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىق كۆپ تەكىتلەنگەن.

---

[1] ئىمام غەززالىي: «المستصفى» 1 – جىلد، 294 – ۋە 295 – بەتلەر.

[2] ئىمام غەززالىي: «المستصفى» 1 – جىلد، 303 – بەت.

[3] ئىمام غەززالىي: «المستصفى» 1 – جىلد، 303 – ۋە 304 – بەتلەر.

[4] قازىي ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبىي: «قۇرئاندىكى ھۆكۈملەر» 59 – ۋە 60 – بەتلەر.

جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە قەبىلىۋازلىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەركىزى يادروسى ئىدى، كىشىلەر ھەق ــ ناھەقنى ئايرىماي ئۆز قەبىلىسىگە يان باساتتى. بۇ تۈۋەندىكى شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

قىلماس ئۇلار پاكىت تەلەپ قېرىندىشىنىڭ سۆزىگە،
ياردەمگە چاقىرسا ئۇلارنى ئېغىر كۈندە ئۆزىگە!

ئۇلارنىڭ: قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەر! ـ دەيدىغان شوئارى بار ئىدى. ئىسلام يېتىپ كېلىپ، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دوست تۇتۇپ، ئۇممەت پەرۋەر بولۇشنى بەلگىلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُمْ رَاكِعُونَ وَمَن يَتَوَلَّ اللهَ وَرَسُولَهُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ فَإِنَّ حِزْبَ اللهِ هُمُ الْغَالِبُونَ**] [شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار اللەتۇر، اللەنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، ئۇلار تەئدىل ئەركانى بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر][1].

قۇرئان ۋە ھەدىس ئۇلارنى الله رازىلىقى ئۈچۈن توغرا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان، يېقىن كىشىسىنى ياخشى كۆرۈش ۋە دۈشمەننى يامان كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئادالەتنى ھېسسىياتىنىڭ ئۈستىگە قويالايدىغان، الله رازىلىقى ئۈچۈن دوستىغا يان باسمايدىغان، يامان كۆرگەن ئادىمىگە زۇلۇم قىلمايدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءِ لِلهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ**] [ئى مۇئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار][2]؛ [**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ لِلهِ شُهَدَاءِ بِالْقِسْطِ وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلاَّ تَعْدِلُواْ اعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُواْ اللهَ**] [ئى مۇئمىنلەر! اللەنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللەتىن قورقۇڭلار][3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بەزىبىر سۆز ـ ئىبارىلىرىنى ئۇلار شۇ ۋاقىتقا قەدەر بىلمەيدىغان يېڭى مەنىلەر بىلەن ئىشلەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەر! ـ دېگەنىدى.

---

[1] سۈرە مائىدە، 55 – ۋە 56 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 135 – ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 8 – ئايەت.

ساھابىلەر:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! قېرىندىشىمىز زۇلۇمغا ئۇچرىسىغۇ ياردەم بېرەرمىز، زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىمىز؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قېرىندىشىڭنى زۇلۇم قىلىشتىن توسسەڭ، ئەنە شۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭدۇر، - دېدى[1].

زۇلۇم زالىمنىڭ ئۆزىگە دۇنيادا قىلغان ئۇۋۇللىقى، قىيامەت كۈنى ئىمان نۇرىنى ئۆچۈرىدىغان زۇلمەتتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق زۇلۇم قىلغۇچى قېرىنداشقا قانداق ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى؛ زۇلۇم قىلغۇچى قېرىنداشنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن، زالىملىق ئازگىلىغا يىقىلىشتىن توسۇپ قېلىشقا بۇيرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپبازلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىن، تەرەپبازلىق بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، كىمكى تەرەپبازلىق ئۇرۇشىدا ئۆلسە، ئىمانسىز ئۆلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى: «كىمكى قارىغۇلارچە تەرەپبازلىق قىلىش بايرىقى ئاستىدا (تەرەپبازلىققا ياردەم بېرىپ) ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ ئىمانسىز ئۆلگەن بولىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بۇيرۇققا بويسۇنماي، جامائەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئىمانسىز ئۆلىدۇ. كىمكى قارىغۇلارچە تەرەپبازلىق قىلىش بايرىقى ئاستىدا تەرەپبازلىق ئۈچۈن دەرغەزەپ بولۇپ ياكى تەرەپبازلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ۋەياكى تەرەپبازلىققا ياردەم بېرىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ ئىمانسىز ئۆلگەن بولىدۇ»[3].

ئەبۇ داۋۇدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى تەرەپبازلىقنى تەشەببۇس قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس؛ كىمكى تەرەپبازلىقنى دەپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس؛ كىمكى تەرەپبازلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس».

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! تەرەپبازلىق دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قەۋمىڭنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بەرگىنىڭ، - دەپ جاۋاب بەردى[4].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆز قەۋمىنىڭ ناھەق ئىشىغا ياردەم بەرگەن كىشى ھاڭغا يىقىلغان

---

[1] ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

تۈگىنى قۇيرۇقىدىن تارتىپ قۇتقۇزماقچى بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ»[①].

ئىمام خەتتابىي بۇ ھەدىسنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆز قەۋمىنىڭ ناھەق ئىشىغا ياردەم بەرگەن ئادەم جىنايەت ھاڭغا غۇلاپ كېتىدۇ، ھاڭغا غۇلىغان تۈگىنى قۇيرۇقىدىن تارتىپ قۇتقۇزغىلى بولمىغاندەك، ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ گۇناھتىن قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپبازلىقنى قامچىلىدى، تەرەپبازلىقتىن، ئۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىدىن، ئۇنى دەپ ئۇرۇش قىلغۇچىدىن ياكى ئۆلگۈچىدىن تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى، بىرلىككە چاقىردى؛ سۆزى، ھەرىكىتى، تەقرىرلىرى بىلەن بىرلىكنى تەكىتلەپ، بۆلۈنۈشتىن، ئىختىلاپتىن، ئايرىمچىلىقتىن ئاگاھلاندۇردى: «الله بىرلەشكەنلەرگە ياردەم بېرىدۇ»[②].

«بىرلىشىش رەھمەت، بۆلۈنۈش ئازابتۇر»[③]؛ «بىرلىشىش بەرىكەت، بۆلۈنۈش ئازابتۇر»[④]؛ «بىرلىكتە چىڭ تۇرۇڭلار، بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىڭلار، شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەمما شەيتان ئىككى (ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق) كىشىدىن يىراق تۇرىدۇ. كىمكى جەننەت گۈلىستانىغا كىرىشنى خالىسا، جامائەتتىن ئايرىلمىسۇن»[⑤].

## ئۇممەتكە بىرلىشىش روھىنى سىڭدۈرۈش

بىز يۇقىرىدا ئىسلام جامائەسىنى ۋە ئىسلام ئۇممىتىنى سۆيۈپ، ئۇممەتپەرۋەر بولۇش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇنى ھەممىدىن ئاۋۋال بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئىسلام شەرىئىتى ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىق ھەممە ئەھكاملىرىدا جەمئىيەتنىڭ ئىشىغا سەل قارىغان ئەمەس.

ئىسلام شەرىئىتى شەخسنى جەمئىيەت بىناسىنىڭ بىر كېسەكى بولۇشقا ياكى تەننىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا تەربىيىلەيدۇ.

شەخسنى جەمئىيەت بىناسىنىڭ كېسەكى ياكى تەننىڭ بىر ئەزاسى دەپ تەسۋىرلەش مېنىڭ ئىجادىيىتىم ئەمەس، بەلكى بۇ تەسۋىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە كەلگەن:

«مۆئمىن مۆئمىنغا نىسبەتەن بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ»[⑥]؛ «مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا دوست بولۇش، مېھرىبانلىق قىلىش، كۆيۈنۈشتىكى مىسالى بىر تەننىڭ

---

[①] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام تىرمىزى، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[④] ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[⑤] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[⑥] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مىسالغا ئوخشايدۇ. تەنىنىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالار ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىش سەۋەبىدىن تەڭ بىئارام بولىدۇ»①.

قۇرئان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان بارلىق ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىغا بىرلىك روھى سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، نامازنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، جۈمە، ئىككى ھېيت نامىزى، ئەزان ۋە مەسجىدلەر يولغا قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزاننى ئاڭلايدىغان ئەما كىشىنىڭمۇ ئۆز ئۆيىدە ئايرىم ناماز ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى. جامائەت نامىزىغا چىقمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتسەم دېيەن دەپ ئاچچىقلاندى.

يەنە مەسىلەن: مەسجىدتە ئايرىم سەپتە يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا كۆرۈنۈشتە بۆلۈنگەندەك، جامائەتتىن ئايرىلىۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ۋابىسە ئىبنى مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقا سەپتە يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنى نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇغان②.

ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز يۇرتتىن چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدۇق ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ، ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر قېتىم ناماز ئوقۇدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۈگىتىپ بولغاندا، سەپنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «نامىزىڭنى قايتا ئوقۇ، سەپنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز بولمايدۇ» دېدى③.

شۇڭا، مۇسۇلمان كىشى مەسجىدكە كىرگەندە سەپلەر توشۇپ كەتكەن بولسا، سەپ ئىچىدىن بوش ئورۇن ئىزدەپ تېپىپ ئولتۇرۇشى ياكى ناماز ئوقۇۋاتقانلاردىن بىرىنى ئارقا سەپكە تارتىپ ئىككىسى بىللە تۇرۇشى كېرەك. ئارقا سەپكە تارتىلغان كىشىمۇ مۇلايىملىق بىلەن تارتقۇچىنىڭ رايىغا بېقىشى كېرەك. شۇنداق قىلسا ئۇ ئەجر ـ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

بەزى ئالىملار مەزكۇر ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئاساسلىنىپ: ئايرىم سەپتە يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى زادىلا ئادا تاپمايدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى سۆزلىشىمىزدىكى مەقسەت ئىسلام دىنىنىڭ بىرلىككە شەكىل ۋە مەزمۇن، ئىشقىلىپ ھەر جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمان كىشى يالغۇز ناماز ئوقۇغاندىمۇ، ئۆز كۆڭلىدە مۇسۇلمانلار جامائىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇشى كېرەك؛ رەببىگە مۇناجات قىلغاندا، جامائەت نامى بىلەن مۇناجات قىلىشى كېرەك: [**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ**] [(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

③ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن][1] .

مانا يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىمۇ پەقەت ئۆزىگىلا ھىدايەت تەلەپ قىلماستىن، بەلكى ئۆزىگە ۋە جامائەتكە بىللە ھىدايەت تەلەپ قىلىدۇ.

روزا تۇتقاندىمۇ بىر مۇسۇلمان گەرچە ئاي كۆرسىمۇ، يالغۇز روزا تۇتمايدۇ، يالغۇز ھېيت قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ سەھىھ ھەدىستە كۆرستىلگەن بويىچە كىشىلەر روزا تۇتقان كۈنى روزا تۇتۇپ، ھېيت قىلغان كۈنى ھېيت قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئەرەفاتتا توختىغاندىمۇ مۇسۇلمانلار جامائەسى توختىغان كۈندە توختايدۇ.

ئىبنى تەيمىيەدىن: مەلۇم بىر كەنتتىكى بەزى كىشىلەر زۇلھەججە ئېيىنى كۆرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى زۇلھەججە ئېيىنى ئۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن ھېسابلاپ قويسا، ئاي كۆرگۈچىنىڭ ھېسابىدا 10 ـ كۈن، ئەمىرنىڭ ھېسابىدا 9 ـ كۈن ھېسابلانغان كۈندە روزا تۇتۇش جايىزمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ھەئە، جامائەت 9 ـ كۈن دەپ ھېسابلىغان كۈن ئەمىلىيەتتە 10 ـ كۈن بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ روزا تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «جامائەت روزا تۇتقان كۈنى روزا تۇتۇڭلار، جامائەت روزا ھېيت قىلغان كۈنى روزا ھېيت قىلىڭلار، جامائەت قۇربان ھېيت قىلغان كۈنى قۇربان ھېيت قىلىڭلار»[2] .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «روزا ھېيت، كىشىلەر روزا ھېيت قىلغان كۈندە بولىدۇ. قۇربان ھېيتمۇ كىشىلەر قۇربان ھېيت قىلغان كۈندە بولىدۇ»[3] .

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىدۇ. كىشىلەر زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئەرەفاتتا خاتا توختاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇ توختىغىنى ئەرەفاتتا تۇرغانغا ھېساب بولىدۇ.

---

[1] سۈرە فاتىھە، 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

## سەككىزىنچى باب

## ئىلاھىي چەكلىمىلەرنى تەرك ئېتىشتە ئاۋۋال نېمىدىن باشلاش كېرەك

### اللّٰه چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشتا ئاۋۋال نېمىدىن باشلاش كېرەك

بىز يۇقىرىدا اللّٰه بۇيرىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، اللّٰه بۇيرىغان ئىشلارنىڭمۇ دەرىجە جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنى، يەنى بەزىلىرىنىڭ پەرز، بەزىلىرىنىڭ ۋاجىب، يەنە بەزىلىرىنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى، پەرزلەرنىڭمۇ پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككى دەرىجە بولىدىغانلىقىنى، پەرز ئەينلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە يەنە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى... ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى اللّٰه چەكلىگەن ئىشلارنىڭمۇ دەرىجە جەھەتتە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ بىرلا دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بىر – بىرىدىن بەكمۇ چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يۇقىرىسى اللّٰهقا كاپىر بولۇشتىن باشلاپ، تۆۋىنى مەكرۇھقىچە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز.

### اللّٰهقا كاپىر بولۇشمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ

### اللّٰهنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلىق

بەزى كاپىرلار كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى بارلىقىغا؛ ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى، كىتابلىرى، خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بارلىقىغا؛ ئىنسانلارنىڭ قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغان ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. بۇلار ئىلاھنى، پەيغەمبەرنى، ئاخىرەتتىكى جازا ـ مۇكاپاتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. قۇرئان ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىلىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: [وَقَالُواْ إِنْ هِيَ إِلاَّ حَيَاتُنَا الدُّنْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ] [ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۇرۇلمەيمىز» دەيدۇ][1].

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئېتىقادلىرىنى مۇنداق ئىبارە بىلەن ئىپادىلىگەن: ئانىلار تۇغىدۇ، يەر قويىنىغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

مانا بۇ، ھەر زاماندىكى ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ كاپىرلىقىدۇر. يېمىرىلىشكە باشلىغان كوممۇنىست كاپىرلىقى ئەنە شۇ ماتېرىيالىزم كاپىرلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. كوممۇنىست دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا: ئىلاھ يوق، ھاياتلىق پەقەت ماددىي ھايات، ـ دەپ بەلگىلەنگەن.

[1] سۈرە ئەنئام، 29 – ئايەت.

ئۇلار: دىن دېگەن بىر خۇراپاتلىق، ئىلاھ دېگەن بىر ئەپسانە، - دەپ قارايدۇ. ئۇلار بەزى ماتېرىيالىست پەيلاسوپلارنىڭ: توغرىسى شۇكى، الله ئىنسانىنى ياراتمىدى، بەلكى ئىنسان اللهنى ياراتتى، - دېگەن گېپىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ.

مانا بۇ قاتتىق ئازغۇنلۇقتۇر. بۇ ئازغۇنلۇقنى ئەقلىي مەنتىقمۇ، پىترەت مەنتىقسىمۇ، ئىلىم - پەن مەنتىقسىمۇ، كائىنات مەنتىقسىمۇ، تارىخ مەنتىقسىمۇ، كەسكىن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ۋەھىي مەنتىقسىمۇ ــ ھەممە مەنتىقە رەت قىلىدۇ. الله راست ئېيتىدۇ: [وَمَن يَكْفُرْ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيدًا] [كىمكى اللهنى، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ][1].

## اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلىق

اللهنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلىقتىن قالسا، اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلىق ئېغىر جىنايەتتۇر. مەسىلەن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە شۇنداق شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلىق بار ئىدى. ئۇلار اللهنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىغا، رىزىق، ھايات، ئۆلۈم ئىشلىرىنى اللهنىڭ ئىدارە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ بىرلىكىنى (تەۋھىد رۇبۇبىيەتنى) ئېتىراپ قىلغان بىلەن مەئبۇدنىڭ بىرلىكىنى (تەۋھىدى ئۇلۇھىيەتنى) ئېتىراپ قىلمايتتى. الله بىلەن قوشۇپ ياكى اللهنى قويۇپ زېمىندىكى ياكى ئاسماندىكى باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ] [ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى» دەيدۇ][2]؛ [وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللهُ] [ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟ كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «الله» دەپ جاۋاب بېرىدۇ][3]؛ [قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ السَّمْعَ والأَبْصَارَ وَمَن يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ الأَمْرَ فَسَيَقُولُونَ اللهُ فَقُلْ أَفَلاَ تَتَّقُونَ] [(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىياھ ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟»

[1] سۈرە نىسا، 136 – ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف، 9 – ئايەت.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت، 61 – ئايەت.

ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «الله» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(اللەتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟»] [1].

دېمەك، ئۇلار اللەنىڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئىدارە قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇلار الله بىلەن قوشۇپ دەرەخ، تاش، مەدەن ياكى باشقىلارغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە مۇنداق دەپ تۇرۇۋالاتتى: [**مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى الله زُلْفَى**] [بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر] [2]؛ [**وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ الله مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ الله**] [ئۇلار اللەنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) اللەنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ] [3].

شېرىكنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىلدۇر. ئەرەب بۇتپەرەسلىكىنىڭ مۇشرىكلىقى، ئىلاھ: ياخشىلىق ئىلاھى ـ نۇر، يامانلىق ئىلاھى ـ زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىككى، ـ دەيدىغان پارس مەجۇسىيلىقىنىڭ مۇشرىكلىقى، ھىندىستان بۇددىستلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىكى ئەنە شۇ شېرىكنىڭ تۈرلىرىدۇر. بۇنداق مۇشرىكلىقلار ھېلىھەم ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نەچچە مىليون خەلقىنىڭ ئەقلىنى خىرەلەشتۈرمەكتە. كاپىرلىق تۈرلىرى ئىچىدە بۇ خىل كاپىرلىقنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە شايكىلىرى ئەڭ كۆپ.

شېرىك خۇراپاتنىڭ چاڭگىسى، باتىلنىڭ ئۇۋىسىدۇر. ئۇ ئىنسانىنى تولىمۇ پەسلەشتۈرۈپ، ئىنسانغا باش ئېگىدىغان، ئىنساننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان نەرسىلەرگە چوقۇندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە قۇل بولىدۇ، ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَمَن يُشْرِكْ بِالله فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ السَّمَاء فَتَخْطَفُهُ الطَّيْرُ أَوْ تَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ**] [كىمكى اللەقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ] [4].

## ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىقى

اللەقا شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلىقتىن قالسا، ئەھلى كىتاب ـ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ كاپىرلىقى ئېغىر جىنايەتتۇر. ئەھلى كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن كاپىردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله ئاخىرقى ئەلچىلىك بىلەن ئەۋەتكەن، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك كىتابنى نازىل قىلغان، بۇ كىتاب بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئالدىدا نازىل بولغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى تۈزىتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ**

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 31 – ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 3 – ئايەت.

[3] سۈرە يۇنۇس، 18 – ئايەت.

[4] سۈرە ھەج، 31 – ئايەت.

**اللّٰه وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ عَمَّا جَاءكَ مِنَ الْحَقِّ**] [(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللّٰه ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن] [1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرىنى تۈزەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرى ۋە ئەقىدىلىرىگە نۇرغۇن نەرسىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىلاھىيەت ئېتىقادىنىڭ سۈزۈكلىكى دۇغلاشقان؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ساپ تەۋھىدنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى؛ تەۋرات يېگانە اللّٰهنى مەخلۇققا ئوخشىتىش بىلەن، اللّٰهقا جىسىملاشتۇرۇش بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى؛ تەۋراتنىڭ تەسۋىرىدىكى اللّٰهنى ئادەتتىكى بىر ئىنسانمىكىن دەپ ئويلاپ قالىسەن. ئۇ قورقۇۋاتقان، ھەسەت قىلىۋاتقان، كۆڭلەۋاتقان، ئىنسان بىلەن چېلىشىۋاتقان، ئىنسان ئۇنى يىقىتىۋاتقان ۋە يېڭىۋاتقان. مانا بۇنداق تەسۋىرلەر تەۋرات تومىلىرىدا ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىدا ساماندەك تولا.

شۇنىڭدەك، ناسارا ئېتىقادىغىمۇ ئىلاھ ئۈچ دەيدىغان قاراشلار سىڭىپ كىردى. رىم ئىمپېراتورى پادىشاھ كونستانتىن خرىستىئان دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، رىمنىڭ بۇتپەرەسلىكى خرىستىئان دىنىغا تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خرىستىئان دىنى دۆلەتكە ئېرىشتى، دىندىن ئايرىلىپ قالدى. شۇڭا بىزنىڭ بەزى ئالىملىرىمىز: رىم ناسارالاشمىغان، بەلكى ناسارا دىنى رىملاشقان، - دەيدۇ.

يەھۇدىيلار، ناسارالار گەرچە ئىسلام ئەلچىلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇلار ساماۋىي كىتاب ئىگىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا كاپىرلارغا تازا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئومۇمەن اللّٰهقا، ساماۋىي ئەلچىلىكلەرگە، ئاخىرەتتىكى جازا - مۇكاپاتقا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا باشقا كاپىرلاردىن يېقىنراق. شۇ ۋەجىدىن اللّٰه ئۇلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇشنى، قۇدىلىششىنى جايىز قىلغان: [**وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ حِلٌّ لَّكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلُّ لَّهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ**...] [كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆئمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگەن ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر] [2].

بۇ ھۆكۈم بايان قىلىنغان مۇشۇ سۈرە مائىدىنىڭ ئۆزىدە ناسارالارنىڭ: [**إِنَّ اللّٰه هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ**]

---

[1] سۈرە مائىدە، 48 – ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 5 – ئايەت.

[شۇبھىسىزكى، اللە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر » [1] (إِنَّ اللهَ ثَالِثُ ثَلاَثَةٍ) «اللە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر] [2] دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن كاپىر بولغانلىقى سۆزلەنگەن. شۇڭا: ھازىرقى ناسارالار قۇرئان نازىل بولغان دەۋرىدىكى ناسارالارغا ئوخشىمايدۇ، - دېگەن سۆز ئورۇنسىزدۇر. شۇنىسى ھەممىگە مەلۇمكى، ناسارا دىنىنىڭ ئېتىقادىي بەلگىلىمىلىرى مىلادىي 325 - يىلى ئېچىلغان مەشھۇر «نىيقىيە قۇرۇلتىيى»دىن باشلاپ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغان.

ساھابىلەر مەككە دەۋرىدىلا ئەھلى كىتابنىڭ، بولۇپمۇ ناسارالارنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا مۇسۇلمانلار رىم - ۋىزانتىيە ناسارالىرىنىڭ مەجۇسىي پارسلار ئالدىدا يېڭىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرغان. مەككىلىك بۇتپەرەس مۇشرىكلار بولسا، پارسلارنىڭ يەڭگەنلىكىگە خۇشال بولغان. دېمەك ھەر ئىككىلى پىرقە ئۆزلىرىگە كىمنىڭ ئەڭ يېقىن، كىمنىڭ ئەڭ يىراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان. قۇرئاندا سۈرە رۇمنىڭ بېشىدا مۇسۇلمانلارغا ئۇزۇن ئۆتمەي رىملىقلارنىڭ پارسلارنى يېڭىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بېرىلگەن: [الم غُلِبَتِ الرُّومُ فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِّن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ بِنَصْرِ اللهِ] [ئەلىف، لام، مىم. رىملىقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللەنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اللەنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ] [3].

مانا بۇنىڭدىن دىنىسىزلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى سىپلىشتۇرۇش، ئەھلى كىتابنى ئومۇمەن دەھرىيلاردىن ۋە بۇتپەرەسلەردىن يېقىنراق دەپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت بىر مۇھىم قائىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. ھازىر بىز سىربىيە ناسارالىرىنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى قاتتىق دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۆزگىچە ئالاھىدە سەۋەبلەر ئۇلارنى شۇنداق قىلىپ قويمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئەسلىدە ئۇنچىۋالا ئۆچ ئەمەس ئىدى.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، كاپىرلار ئوخشاش ئەمەس. بەزى كاپىرلار تىنچلىقپەرۋەر، بىزمۇ ئۇلارغا تىنچلىقپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. بەزى كاپىرلار ئۇرۇشقاق، قىتىغۇر كېلىدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا: «ساڭا بېقىپ مەن» دەپ مۇئامىلە قىلىمىز. بەزى كاپىرلار كاپىرلىق قىلىدۇ، خالاس. يەنە بەزى كاپىرلار كاپىرلىق قىلىدۇ ۋە زالىملىق قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى كاپىرلىقمۇ قىلىدۇ، اللەنىڭ يولىدىنمۇ توسايدۇ. بۇ كاپىرلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆزىگە خاس ھۆكۈم بار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [لَا يَنْهَاكُمُ اللهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَارِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَن

---

[1] سۈرە مائىدە، 72 – ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 73 - ئايەت.

[3] سۈرە رۇم، 1 – دىن 5 – ئايەتكىچە.

تَوَلَّوْهُمْ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ] [(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، اللە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. اللەتىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر][1].

ئىسلام دۆلىتىنىڭ كاپىر پۇقرالىرىمۇ گراژدانلىق ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. دىنىنىڭ ئوخشىماسلىقى تەلەپ قىلغان ئايرىم ھۆكۈملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كاپىر پۇقرا بىلەن مۇسۇلمان پۇقرانىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى ئوخشاش بولىدۇ. ھەر ئىككىلى پىرقە ئۆزلىرىنىڭ دىني كىملىكىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ.

## مۇرتەدلەرنىڭ كاپىرلىقى

ئۆلىمالار مۇرتەدلىك ـ كاپىرلىق تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى دەپ قارايدۇ. مۇرتەدلىك دېگەن، اللە ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشتۇر.

مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولۇش ئەسلىي كاپىرلىقتىن ئېغىرراق جىنايەتتۇر. دىن دۈشمەنلىرى قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامال ـ چارىلەرنىڭ ھەممىنى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى مۇرتەد قىلىشقا تىرىشىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ] [ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ][2].

اللە بۇ ئايەتتىن كېيىنلا ئاشۇ ئازدۇرغۇچىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچكەن كىشىلەرنىڭ جازاسىنى بايان قىلىدۇ: [وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ] [سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر][3].

بۇ ھالەتتە مۇرتەد بولۇش ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدا بىر ئۇممەتكە بولغان تەۋەلىك ۋە دوستلۇقنى ئۆزگەرتىپ يەنە بىر ئۇممەتكە تەۋە بولۇش ۋە دوست بولۇش بار. بۇ خۇددى ئۆز ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ.

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 8 – ۋە 9 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە، 217 – ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 217 – ئايەت.

دېمەك، مۇرتەد بولۇش نوقۇل بىر ئىدىيە ئۆزگەرتىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر جامائەگە بولغان دوستلۇق ۋە ئەزالىقنى ئۇنىڭغا قارشى ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەن بىر جامائەگە ئۆزگەرتىش ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام مۇرتەدلىككە ناھايىتى قاتتىق قارشى تۇرىدۇ، بولۇپمۇ مۇرتەدلىك ئۇچۇق جاكارلانسا، مۇرتەدلەر مۇرتەدلىكنى تەشەببۇس قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئىسلام بۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىجتىمائىي ھاۋا كېلىماتقا ئېغىر خەتەر شەكىللەندۈرىدۇ، ئېتىقادىي ئاساسلارغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى سەلەپ ئالىملىرى مۇرتەدلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى: [**يُحَارِبُونَ اللهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَادًا**] [الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ] [1] جۈملىسىدىن دەپ قارىغان.

ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كاپىرلىقنى تارقىتىش ۋە شۈبھە پەيدا قىلىش ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش قان تۆكۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئېغىرراقتۇر.

بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز. چۈنكى، ئۇممەتنىڭ كۆڭلىنى ئوغرىلاش، ئېتىقادىنى بۇزۇشنىڭ خەتىرى مال ـ مۈلكنى ئېلىۋېلىش، ئۆي ـ جايلىرىنى ۋەيران قىلىش، ئۇممەت ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ئىمانلىق كىشىلەرنى باتىلغا سۈكۈت قىلمايدىغان، ھەق ئىشقا كەلگەندە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان، ئىمانى مۇستەھكەم بىر ئەۋلاد مۇجاھىدلار ئارقىلىق مۇرتەدلىككە قارشى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ: [**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ**] [ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللهنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ] [2].

الله تائالا ئۆز كۆڭلىدىكى كاپىرلىقنى ئاشكارىلىغان مۇناپىقلارنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: [**قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلاَّ إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَن يُصِيبَكُمُ اللهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِ أَوْ بِأَيْدِينَا فَتَرَبَّصُواْ إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ**] [ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىد بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ اللهنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ (ئۆزەڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى)كۈتەيلى»] [3].

مۇناپىقلار يوشۇرغان كاپىرلىقنى ئاشكارىلىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن جازالىنىدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 33 – ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 54 – ئايەت.

[3] سۈرە تەۋبە، 52 – ئايەت.

مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى يېرىپ قاراپ باقمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

مۇرتەدگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە بىر قانچە ساھابىلەردىن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇرتەدنى اللهقا تۆۋبە قىلغانغا قەدەر قاماپ قويۇشنىڭ جايىزلىقى بايان قىلىنغان. نەخەئىي، سەۋرىي، مۇشۇ قاراشنى ياقلايدۇ. مۇرتەدلىكنى تەشۋىق قىلمىغان مۇرتەدگە قارىتا مەنمۇ ئۆمەرنىڭ پىكرىنى ياقلايمەن. ئەمما مۇرتەدلىكنى ئاشكارا تەشۋىق قىلغان، ئارقا تېرىكى بار مۇرتەدگە قارىتا ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ، نەخەئىيمۇ، سەۋرىيمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىسا كېرەك؛ ئۇممەت ئېتىقادىنى بۇزىدىغان بۇ قىلمىشقا قارىتا ھېچكىم ئۇنى توسماي، ئۇنىڭ ئالدىنى تورىماي قالمىسا كېرەك.

ئەلھاسىل، يېنىك مۇرتەدلىك بىلەن ئېغىر مۇرتەدلىكنى پەرقلەندۈرىشىمىز، جىم يۈرگەن مۇرتەد بىلەن مۇرتەدلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇرتەدنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. مۇرتەدلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇرتەد ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئۇرۇش ئاچقان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار جۈملىسىدىندۇر. ئۆلىمالار بىدئەت مەسىلىسىدە يېنىك بىدئەت بىلەن ئېغىر بىدئەتنى، بىدئەتنى تەشۋىق قىلغان بىدئەتچى بىلەن تەشۋىق قىلمىغان بىدئەتچىنى پەرقلەندۈرگەن.

## مۇناپىقنىڭ كاپىرلىقى

ئىسلامىي ھاياتقا، ئىسلامىي مەۋجۇتلۇققا ئەڭ ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان كاپىرلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى مۇناپىقلارنىڭ كاپىرلىقىدۇر. چۈنكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاپ، مۇسۇلمان دەپ قارىلىپ، ناماز ئۆتەشتە، زاكات بېرىشتە، دىنىي پائالىيەتلەردە مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت ساقلايدۇ، سۈيىقەست قىلىدۇ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ، دىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بايان قىلىشقا، ئەپتى ـ بەشرىسىنى ئېچىشقا، سۈپەتلىرى ۋە خۇي ـ مىجەزىنى تونۇشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سۈرە تۆۋبە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ۋە سۈپەت ـ خاراكتېرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغان. شۇڭا بۇ سۈرە: «رەسۋا قىلغۇچى سۈرە» دەپمۇ ئاتالغان. مۇناپىقلار ھەققىدە يەنە شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەخسۇس بىر سۈرە ـــ سۈرە «مۇناپىقۇن» نازىل بولغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان.

سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا تەقۋادارلار توغرىسىدا ئۈچ ياكى تۆت، كاپىرلار ھەققىدە ئىككى ئايەت نازىل بولغان. ئەمما مۇناپىقلار ھەققىدە 13 ئايەت نازىل بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله ئۇلارغا دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى زاپاس ئېلىپ قويغان: [**إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا  إِلاَّ الَّذِينَ تَابُواْ وَأَصْلَحُواْ وَاعْتَصَمُواْ بِاللهِ وَأَخْلَصُواْ دِينَهُمْ لِلهِ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الْمُؤْمِنِينَ**] [مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تۆۋبە

قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، ئاللاھ (نىڭ كىتابى)غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەللىرىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۇئمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر] [1] .

زامانىمىزدا نۇرغۇن مۇرتەدلەر پەيدا بولدى، ئۇلار ئىلاھىي ۋەھىيگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، شەرىئەتنى ئىدىيە، ھەرىكەت ۋە مۇناسىۋەت قېلىپى دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە دىنىنى، دىن ئەھلىنى، دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى پەس كۆرىدۇ. مانا بۇلار مۇسۇلمان دېگەن ئاتاقتىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن قېلىشنى خالىمايدىغان مۇناپىقلاردۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مۇناپىقلاردىنمۇ يامانراق. چۈنكى ئۇ چاغدىكى مۇناپىقلار نامازنى ھورۇنلۇق بىلەن ئوقۇيتتى، ئەمما ھازىرقىلار زادىلا ئوقۇمايدۇ. ئۇ چاغدىكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ناھايىتى ئاز ياد ئېتەتتى، ھازىرقى مۇناپىقلار نە ئاز، نە كۆپ زادىلا ياد ئەتمەيدۇ. ئۇ چاغدىكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دىن دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلاتتى، ھازىرقى مۇناپىقلار دىن دۈشمەنلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ چاغدىكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن مەسجىدتە بىللە بولاتتى، ھازىرقى مۇناپىقلار ئەيش - ئىشرەت، بەزمىخانىلاردا كاپىرلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئوچۇق جاكارلىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ مەيدانى مۇقىملىشاتتى، بىزمۇ ئارام تېپىپ قالاتتۇق. لېكىن ئۇلار ئاللاھ تائالا مونۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ: [يُخَادِعُونَ اللهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلاَّ أَنفُسَهُم وَمَا يَشْعُرُونَ] [ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ] [2] .

## كاپىرلىق، مۇشرىكلىق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ چوڭ - كىچىكىنى پەرقلەندۈرۈش

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن كاپىرلىق، مۇشرىكلىق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ دەرىجىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭ چوڭى ۋە كىچىكى بار. قەيتىسىز ئېيتىلغاندا، چوڭى مەقسەت قىلىنىدۇ. لېكىن گاھى ئەھۋاللاردا شەرىئەت تېكىستلىرىدە كاپىرلىق، مۇشرىكلىق، مۇناپىقلىق دېگەن سۆزلەردىن گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر، بولۇپمۇ گۇناھى كەبىرلەر مەقسەت قىلىنىدىغان ئىش بار. شۇڭا، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى ئورۇندا، قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا، دوست ـ دۈشمەننى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن بولغان بەزى گۇناھكارلارنى دىنىدىن چىققان كاپىر دەپ قارىلايدىغان، ئۇلارنى دۈشمەن ھېسابلاپ جەڭ ئېلان قىلىدىغان، ئۆزىمىزنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۆزىمىز تالىشىدىغان بولۇپ قالىمىز. گۇناھ قىلغان مۇسۇلمانلار گەرچە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ

[1] سۈرە نىسا، 145 – ۋە 146 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە، 9 – ئايەت.

ئادىمى. كۆتۈم سىېسىق دەپ كېسىۋەتكىلى بولمايدۇ ـ دە!

## چوڭ كاپىرلىق ۋە كىچىك كاپىرلىق

كوممۇنىستلارنىڭ كاپىرلىقىدەك اللهقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە كاپىر بولۇش، يەھۇدىي ۋە ناسارالاردەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىگە كاپىر بولۇش چوڭ كاپىرلىقتۇر. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى توغرا يولنى چۈشەنگەندىن كېيىن ھەققەت بىلەن قانچىلىك قارشىلاشقانلىقىغا قاراپ بولىدۇ: [**وَمَن يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءتْ مَصِيرًا**] [كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!][1].

ئەمما، ئىسلام دەۋىتى يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ياكى ئۇيغا سالغۇدەك تولۇق يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن توغرا يولنى (ئىسلامنى) چۈشىنەلمىگەنلەرنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولاً**] [پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق][2].

مەن شۇنداق قارايمەنكى، يەر شارىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە، ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى بىلمەسلىكىگە، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنى قوبۇل قىلىپ قېلىشىغا مۇسۇلمانلار ناھايىتى زور دەرىجىدە مەسئۇل. مۇسۇلمانلار ئىسلام ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە، ھەر بىر قەۋمگە ئىسلامنى شۇلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دۇنياغا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ساداقەت بىلەن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى.

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ، كىچىك كاپىرلىقتۇر. مەسىلەن: نامازنى ئىنكار قىلماي، ئىستىھزا قىلماي، ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتكەن ئادەم كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە ئاسىيدۇر، پاسىقتۇر، چوڭ كاپىر ئەمەستۇر. گەرچە ئۇ بەزى ھەدىسلەردە كاپىر دېيىلگەن بولسىمۇ: «بىز بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر، نامازنى تەرك ئەتكەن ئادەم كاپىر بولىدۇ»[3]؛ «كاپىرلىق بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»[4].

ئىبنى ھەزمى ئەھلى زاھىرىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نامازنى تەرك ئەتكەن ئادەمنى چوڭ كاپىر

[1] سۈرە نىسا، 115 – ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا، 15 – ئايەت.
[3] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېمەيدۇ. ئىمام ئەھمەد ئۇنى چوڭ كاپىر دەيدۇ، - دەيدىغان بايانغا كەلسەك، ئىمام ياكى قازى نامازنى تەرك ئەتكۈچىنى تۆۋبە قىلىپ ناماز ئوقۇشقا چاقىرسا، ئۇ ئۇنىمىسا، شۇنداق ئەھۋالدا ئىمام ئەھمەد ئۇنى چوڭ كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى قۇددامە نامازنى تەرك ئەتكۈچى نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلمىسا ياكى نامازنى مەسخىرە قىلمىسا، ئۇ گەرچە ناماز ئوقۇمىغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسىمۇ، ئۇنى چوڭ كاپىر دېمەسلىكنى قۇۋۋەتلىگەن. بىر باياندا ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق قارايدۇ دەپ بار. ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى بەتتە مۇشۇ پىكىرنى قوللىغان، ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنى چوڭ كاپىر دېگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان. ئۇ: بۇ مەسىلە ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىدە شۇنداق، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ يوق، - دېگەن.

ئىبنى قۇددامە: مانا بۇ، كۆپىنچە فەقىھلەرنىڭ (يەنى ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، شافىئىي قاتارلىقلارنىڭ) سۆزىدۇر، - دېگەن. ئىبنى قۇددامە بۇ مەسىلىگە: كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقان كىشى دوزاختا كىرمەيدۇ. قەلبىدە بۇغداينىڭ دانىسچىلىك ئىمان بار كىشى دوزاختا قالمايدۇ، - دېگەن مەزمۇندىكى سەھىھ ھەدىسلەرنى ھەم ساھابىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىھادىي پىكىر بىرلىكىنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ھېچقانداق بىر دەۋرىدە بىنامازلارنىڭ يۇيۇلمىغانلىقىنى، نامىزى چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمىغانلىقىنى، مىراس ئالالمىغانلىقىنى ياكى مىراس قالدۇرالمىغانلىقىنى، بىناماز ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرمىدۇق. ناۋادا نامازنى تەرك ئەتكۈچى چوڭ كاپىر بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا بۇ ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىناتتى.

نامازنى تەرك ئەتكۈچىگە نامازنىڭ قازاسى پەرزدۇر. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز. ناۋادا نامازنى تەرك ئەتكۈچى مۇرتەد بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ناماز ۋە روزىنىڭ قازاسى پەرز بولماس ئىدى. نامازنى تەرك ئەتكۈچى كاپىر دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلەرگە كەلسەك، بۇ ھەدىسلەر ئۇنى چوڭ كاپىر دېمەكچى ئەمەس، بەلكى نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى، نامازنى تەرك ئەتكۈچى كاپىرغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ دېمەكچى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى مەسىلىلەرنى ئەنە شۇنداق چىڭ تەلەپپۇز بىلەن بايان قىلغان. مەسىلەن: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش كاپىرلىقتۇر»[1]؛ «بىر كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى كاپىر دېسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كاپىر بولۇپ چىقىدۇ»[2] دېگەندەك ھەدىسلەردە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. مانا بۇ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئىككى خىل پىكىرنىڭ ئەڭ توغرىسىدۇر... الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[3].

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] «مۇغەننا» 3 – جىلد، 351 – دىن 359 – بەتكىچە.

## ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى

ئىمام ئىبنى قەييىم «مدارج السالكين» (توغرا يولدا بولغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلىق چوڭ كاپىرلىق ۋە كىچىك كاپىرلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىلدۇر. چوڭ كاپىرلىق دوزاخقا مەڭگۈلۈك مەھكۇم قىلىدۇ. ئەمما كىچىك كاپىرلىق سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرگەن كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. تۆۋەندىكىدەك ھەدىسلەردە دېيىلگىنى كىچىك كاپىرلىقتۇر: «ئۈممىتىمدىكى ئىككى ئىش ئۇلاردىكى كاپىرلىقتۇر، ئۇ ئىككى ئىش كىشىنىڭ نەسەبىگە تەنە قىلىش ۋە ھازا ئېچىشتۇر»[1]؛ «كىمكى ئايالىنىڭ ئارقىسىغا جىما قىلسا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان شەرىئەتكە كاپىر بولىدۇ»[2]؛ «كىمكى كاھىنىنىڭ ياكى رەممالنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، اللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان نەرسىگە كاپىر بولىدۇ»[3]؛ «مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ كاپىر بولماڭلار»[4].

ئىبنى ئابباس قاتارلىق بارلىق ساھابىلار اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىكى كاپىرلىقنىمۇ ئەنە شۇنداق كىچىك كاپىرلىق دەپ چۈشەندۇرگەن: [**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**] [كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر][5].

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتتە دېيىلگەن كاپىرلىق اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ كاپىرلىقىدەك دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرىكەت بىلەن شەكىللەنگەن كىچىك كاپىرلىقتۇر. تائۇسمۇ شۇنداق دەيدۇ.

ئەتائ مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتلەردە دېيىلۋاتقىنى كىچىك كاپىرلىق، كىچىك زالىملىق، كىچىك پاسىقلىقتۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتە دېيىلۋاتقان كاپىرلىق اللە نازىل قىلغان نەرسىنى ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىققا قارىتىلغان، ـ دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. ئىكرىمە شۇنداق دەيدۇ. بۇ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ئىزاھاتتۇر. چۈنكى، اللە نازىل قىلغان نەرسىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزىلا چوڭ كاپىرلىقتۇر، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، بەرىبىر.

بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتە دېيىلۋاتقان كاپىرلىق اللە نازىل قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىققا، جۈملىدىن تەۋھىد ۋە ئىسلامغا قايىل بولماسلىققا قارىتىلغان، ـ دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ ئابدۇلئەزىز كەنانىينىڭ سۆزى بولۇپ، بۇمۇ ھەم ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ئىزاھاتتۇر. چۈنكى، بۇ ئايەتتە دېيىلگەن: «اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىق» ھەممىسى بىلەن

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[5] سۈرە مائىدە، 44 – ئايەت.

ھۆكۈم قىلماسلىق ۋە بەزىسى بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقنى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقان كاپىرلىق قۇرئان، ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئۇنىڭغا قارشى ھۆكۈم قىلىشقا قارىتىلغان، - دەپ ئىزاھلايدۇ. بەغەۋىينىڭ دېيىشىچە، بۇ كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ ئىزاھاتى ئىكەن.

بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقان كاپىرلىق ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان، - دەيدۇ. بۇ قەتادە، زەھھاك قاتارلىقلارنىڭ سۆزى. بۇ سۆزمۇ ھەم ئايەتنىڭ ئۇچۇق مەنىسىگە توغرا كەلمەيدىغان نامۇۋاپىق ئىزاھات بولغانلىقتىن، قايىل بولغىلى بولمايدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقان كاپىرلىق دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كاپىرلىق، - دەپ قارايدۇ.

توغرىسى شۇكى، اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقتا چوڭ كاپىرلىقمۇ، كىچىك كاپىرلىقمۇ، يەنى ھەر ئىككىلى كاپىرلىق مەۋجۇد، بۇنى ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىشى پەرز ئىدى، مېنىڭ باشقىچە ھۆكۈم قىلغىنىم خاتا بولدى، بۇ قىلمىشىمغا ئاساسەن جازالىنىشقا ھەقلىقمەن دەپ قارىسا، بۇ كىچىك كاپىرلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ اللەنىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ: ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىش پەرز ئەمەس، قانداق قىلىش مېنىڭ ئىختىيارىم، - دەپ قارىسا، بۇ چوڭ كاپىرلىق بولىدۇ. اللەنىڭ ھۆكمىنى بىلمەي سەۋەنلىك بىلەن خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويسا، ئۇ سەۋەنلىك بىلەن خاتالاشقانلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتىمىز شۇكى، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك كاپىرلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، شۈبھىسىزكى گۇناھ ـ مەئسىيەت شۈكرىنىڭ قارشىسىدۇر. اللەقا ئىتائەت قىلغانلىق شۈكرى قىلغانلىقتۇر، ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ياكى شۈكرىدۇر، ياكى كۇفرىدۇر ۋە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچ قايسىسىغا تەۋە بولمىغان ئۈچىنچى خىل بىر ئىشتۇر... اللە ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## كىچىك شېرىك ۋە چوڭ شېرىك

كاپىرلىق ـ چوڭ كاپىرلىق ۋە كىچىك كاپىرلىق دەپ ئىككى خىل بولغاندەك، شېرىكمۇ چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، اللەنىڭ ئوخشىشى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنى اللەنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش چوڭ شېرىكتۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغىنى شۇنداق چوڭ شېرىككە كىرىدۇ. شۇڭا مۇشرىكلار دوزاختا ئۆز ئىلاھلىرىغا مۇنداق دېيىشىدۇ: [**تَاللَّهِ إِنْ كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ**] [اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىكەنمىز. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن

ئوخشاش ئورۇندا قويغان ئىكەنمىز] [1] .

بۇنداق شېرىك تەۋبىسىز مەغپىرەت قىلىنمايدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**إِنَّ اللهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء**] [الله ھەققەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ] [2] .

شېرىكنىڭ مەغپىرەت قىلىنماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، جاھىلىيەتنىڭ، شېرىكنىڭ، قۇرئان ئەيىبلىگەن ۋە سۆككەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن ئادەم شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ قالىدۇ، ئۇنى توغرا كۆرۈپ، ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ قىلمىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياكى ئۇنىڭدىن يامانراق ۋە ياكى تۆۋەنرەك بىر ئىشنى قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەلبىدىن ئىسلام تۈتقىسى ئاجراپ كېتىدۇ؛ ياخشى يامانغا، يامان ياخشىغا، بىدئەت سۈننەتكە، سۈننەت بىدئەتكە ئايلىنىدۇ؛ ئىمانى ساپ، تەۋھىدى خالىس ئادەم كاپىرغا چىقىرىۋېتىلىدۇ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، بىدئەتچىلەرگە قېتىلمىغان ئادەم بىدئەتچىگە چىقىرىۋېتىلىدۇ. كۆڭۈل كۆزى ئوچۇق، قەلبى ئويغاق كىشىلەر بۇنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. اللهتىن ياردەم سورايمىز.

ئەللامە ئىبنى قەييۇم مۇنداق دېگەن: تۆۋەن دەرىجىلىك رىياخورلۇق، مەخلۇق ئالدىدا ياسالمىلىق قىلىش، اللهتىن غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشتەك ئىشلار كىچىك شېرىكتۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:«كىمكى اللهتىن غەيرى بىلەن قەسەم ئىچسە، ئۇ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» [3] . كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دېيىشىدىغان مۇنۇ سۆزلىرىمۇ كىچىك شېرىكتۇر: «اللهمۇ خالىسا، سەنمۇ خالىساڭ»، «بۇ اللهتىن ۋە سەندىن»، «اللهنىڭ ۋە سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن»، «ماڭا اللهتىن ۋە سەندىن باشقا كىشى يوق»، «مەن اللهقا ۋە ساڭا تەۋەككۇل قىلىمەن»، «سەن بولمىغان بولساڭ، مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بولمايتتى». بۇنداق گەپلەر بەزى ئەھۋالدا دېگۈچىگە ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىگە قاراپ چوڭ شېرىك بولۇپمۇ قالىدۇ.

بىر سەھەبە ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ اللهمۇ خالىسا، سەنمۇ خالىساڭ، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنى اللهقا ئوخشاش قىلىپ قويدۇڭمۇ؟! الله خالىسا، دەپلا توختىغىن، ـ دېدى. بۇ سۆز تېخى يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن يېنىكرەك.

مۇرتىنىڭ پىرغا سەجدە قىلىشى سەجدە قىلغۇچىغا ۋە قىلىنغۇچىغا نىسبەتەن ئوخشاش شېرىك. پىرنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن باش چۈشۈرتۈش ھەم شېرىكتۇر. چۈنكى ئۇ اللهتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىش بولىدۇ. باش چۈشۈرتۈش بىلەن ئىبادەت قىلىش پەقەت ھەجدە اللهقىلا خاس. پىرغا تۆۋبە قىلىشمۇ چوڭ شېرىك. چۈنكى، ناماز، روزا، ھەج قۇربانلىق اللهنىڭلا خالىس ھەققى بولغاندەك،

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 97 – ۋە 98 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 38 – ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

تەۋبىمۇ ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر.

مۇسنەد ھەدىستە دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئەسىر كەلتۈرۈلدى، ئۇ:

- ئى ئاللاھ! مەن ساڭا تۆۋبە قىلىمەن، مۇھەممەدگە تۆۋبە قىلمايمەن، - دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تونۇدى، - دېدى.

ئاللاھتىن غەيرىگە نەزىر قىلىشمۇ ئاللاھتىن غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشتىن ئېغىرراق شېرىكتۇر. ئاللاھتىن غەيرى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى مۇشرىك بولغان يەردە، ئاللاھتىن غەيرىگە نەزىر قىلغان كىشى مۇشرىك بولماي قالامدۇ؟! «سۈنەن»دە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نەزىر قىلىش قەسەم ئىچىش بىلەن ئوخشاش» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقۇش، ئاللاھتىن باشقىسىغا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن ئەمەل قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن خۇشۇ - خۇزۇ قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسىدىن رىزىق تەلەپ قىلىش، ئاللاھ بەرگەن نېئمەتكە بىنائەن ئاللاھتىن غەيرىگە ھەمدى ئېيتىش، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ھەمدى ئېيتماسلىق، ئاللاھنىڭ بەرمىگىنىگە ۋە پېشانىسىگە پۈتۈلمىگىنىگە نارازى بولۇش، غۇدۇراش، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئاللاھتىن غەيرىگە نىسبەت بېرىش، كائىناتتا ئاللاھ خالىمىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## چوڭ مۇناپىقلىق ۋە كىچىك مۇناپىقلىق

كاپىرلىق ۋە مۇشرىكلىق چوڭ - كىچىك بولغاندەك، مۇناپىقلىقمۇ ھەم چوڭ - كىچىك بولىدۇ. چوڭ مۇناپىقلىق دېگىنىمىز: تاشقىرى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۆڭلىدە كاپىرلىقنى يوشۇرۇش بولۇپ، بۇنداق ئېتىقادىي مۇناپىقلىق دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قەۋىتىدە مەڭگۈ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بولغان، قۇرئاندا ئەيتى - بەشرىسى ئېچىپ تاشلانغان مۇناپىقلىق ئەنە شۇنداق چوڭ مۇناپىقلىق ئىدى. مۇئمىنلەر بۇنداق مۇناپىقلىقنى ئېنىق چۈشىنىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

ئېتىقادى ساغلام بولسىمۇ، ئىش - ھەرىكەتتە مۇناپىقلارنىڭ خۇيى - مىجەزىنى دوراپ، مۇناپىقانە ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش كىچىك مۇناپىقلىقتۇر. تۆۋەندىكى سەھىھ ھەدىسلەر ئەنە شۇنداق كىچىك مۇناپىقلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان:

«تۆت خىل ئىشنى قىلغان ئادەم قىپقىزىل مۇناپىق بولىدۇ، بۇ تۆت ئىشنىڭ بىرىنى قىلغان ئادەم تاكى ئۇنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر مۇناپىقنىڭ بىر ئىشنى قىلغان بولىدۇ. ئۇ تۆت ئىش: ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، ئەھدى قىلغاندا ئالداش، ئۇرۇشۇپ قالغاندا سەت گەپ قىلىشتىن ئىبارەت» [1].

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

«مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ: يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ». مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «گەرچە ئۇ ناماز ئوقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ، مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ، بەرىبىر».

ساھابىلەر مانا مۇشۇنىڭدەك ھەدىسلەرگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىق بولۇپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەشكەن. ھەتتاكى ھەسەن مۇنداق دېگەن: مۇناپىق بولۇپ قېلىشتىن پەقەت مۆئمىنلا ئەنسىرەيدۇ، مۇناپىق ھەرگىز ئەنسىرىمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇناپىقلارنى تونۇتۇپ قويغان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: مۇناپىقلار قاتارىدا مەنمۇ بارمىكەنمەن؟ - دەپ سورىغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلىملىك مۇناپىقتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن:

- بىلىملىك مۇناپىق قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ:

- ئاغزىدا بىلىم بار، قەلبىدە بىلىم يوق بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ساھابىلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: ئى الله! دەرگاھىڭغا سېغىنىپ مۇناپىقلارچە خۇشۇ قىلىشتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن. ئۇنىڭدىن:

- مۇناپىقلارچە خۇشۇ قىلىش دېگەن نېمە؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ:

- بەدەندە خۇشۇ باردەك كۆرۈنۈش، قەلبىدە خۇشۇ بولماسلىق مۇناپىقلارچە خۇشۇ قىلىش بولىدۇ، - دېگەن.

## گۇناھى كەبىرلەر (چوڭ گۇناھلار)

ھەرخىل دەرىجىدىكى كاپىرلىقتىن تۆۋەن تۇرىدىغان گۇناھ - مەئسىيەتلەر: گۇناھى كەبىر ۋە گۇناھى سەغىر (كىچىك گۇناھ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. گۇناھى كەبىرلەر خەتەرلىك جىنايەتلەر بولۇپ، ئۇنى قىلغۇچى اللهنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە قالىدۇ، دوزاختا كۆيۈشكە ھەقلىق بولىدۇ. بەزى گۇناھى كەبىرلەرنى قىلغۇچىغا دۇنيادا جىنايى جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ گۇناھى كەبىرلەرگە بەرگەن تەرىپ - تەبىرلىرى بىردەك ئەمەس. بۇ تەبىرلەرنىڭ توغرىغا ئەڭ يېقىنراقى شۇ بولسا كېرەككى، گۇناھى كەبىر دېگەن: الله ئۇنىڭغا دۇنيادا جىنايى جازا بەلگىلىگەن ياكى ئاخىرەتتە دوزاختا كىرىدۇ ياكى جەننەتتىن مەھرۇم بولىدۇ ياكى اللهنىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە ھەقلىق بولىدۇ دېگەندەك ئېغىر جازا تەھدىتى بىلەن ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان گۇناھلاردۇر.

بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بىر قانچە گۇناھى كەبىرلەر مۇئەييەن ئىسمى بىلەن سۆزلەنگەن. مەسىلەن، ھالاك قىلغۇچى يەتتە گۇناھ - اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش، پاك، گۇناھتىن بىخەۋەر مۆئمىنە ئاياللارغا قارا سۇۋاش، غازات ئۇرۇشى بولغان كۈنى قېچىش، ئاتا - ئانىنى قاخشىتىش، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان قەسەم ئىچىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، بەچچىۋازلىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، قاراقچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش،

خىيانەت قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش، ئاساسى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش ـ نامازنى تەرك ئېتىش، زاكات بەرمەسلىك، رامىزان تۇتماسلىق، ھەجگە بېرىشقا قادىر تۇرۇقلۇق بارماسلىق قاتارلىق گۇناھى كەبىرلەر ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئىسمى بىلەن تۇتۇپ بايان قىلىنغان.

ھەدىسلەردە يەنە گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭراقىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىر دەپ سانىغان[1] .

يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىشى گۇناھى كەبىر جۈملىسىدىن، - دېگەندى، ساھابىلەر:

- كىشى قانداقمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىدۇ؟! – دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، تىللانغۇچى ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ، دادىسىنىمۇ تىللايدۇ، - دېدى.

يەنى، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنى تىللىشى ئۇلارنىڭ بىرگە ئىككىنى ياندۇرۇپ بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ئۇ خەقنىڭ دادىسىنى تىللىسا، خەق ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ، ئانىسىنىمۇ تىللايدۇ. بۇ ھەدىس ئاتا ـ ئانىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇشنى ھارام، گۇناھى كەبىر دەپلا توختىماستىن، بەلكى ئۇنى ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىن دەپ ھېسابلىدى. ئەمدى ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆز ئاغزى بىلەن تىللايدىغانلار، ئۆز قولى بىلەن ئۇرىدىغانلار، ئاتا ـ ئانىغا ئازار بېرىپ، جاپا سېلىپ، قاخشىتىپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاياتىنى تاقەت قىلغۇسىز ئازابلىق ھاياتقا ئايلاندۇرىدىغانلارنىڭ قىلمىشى قانداق ئېغىر جىنايەت بولۇپ كېتەر ـ ھە؟!

شەرىئەتتە ئىنسانىي ئاجىزلىقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلىپ سالىدىغان گۇناھلار بىلەن قېنىغا پاتماي قىلىدىغان گۇناھلار پەرقلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن: زىنا قىلىش ئىنسانىي ئاجىزلىقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلىپ سالىدىغان گۇناھتۇر، جازانىخورلۇق قېنىغا پاتماي قىلىدىغان گۇناھتۇر. شۇڭا، جازانىخورلۇق اللهنىڭ نەزىرىدە زىنا قىلىشتىن ئېغىرراق جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ھېچقانداق بىر جىنايەت توغرىسىدا جازانىخورلۇق ھەققىدە دېيىلگەندەك ئۇنداق ئېغىر سۆزلەر دېيىلگەن ئەمەس: [يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُواْ فَأْذَنُواْ بِحَرْبٍ مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ] [ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقى) مۇئمىن بولساڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئېلان قىلدۇ] [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانە يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، پۈتۈكچىسىگە، گۇۋاھچىسىغا لەنەت قىلغان ۋە: «جازانە 70 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنىنىڭ گۇناھى ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاش» دېگەن [2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر تەڭگە جازانىنى بىلىپ تۇرۇپ يېيىش 36 قېتىم زىنا قىلغاندىنمۇ ئېغىر گۇناھ» [3].

## قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر

گۇناھى كەبىرلەر ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان گۇناھلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. قەلبىي گۇناھى كەبىرلەرنىڭ گۇناھى ئەڭ ئېغىر.

قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى جىسمانىي ئەمەللەرنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولغىنىدەك، قەلب بىلەن قىلىنىدىغان جىنايەتلەرنىڭ خەتىرى ۋە جازاسىمۇ جىسمانىي جىنايەتلەرنىڭ جازاسىدىن ۋە خەتىرىدىن ئېغىر ۋە چوڭ بولىدۇ.

## ئادەم ئاتىنىڭ گۇناھى ۋە ئىبلىسنىڭ گۇناھى

قۇرئان كەرىمدە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىپ جەننەتكە جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ يۈز بەرگەن ئىككى جىنايەت بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭ بىرى: ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ يېيىش چەكلەنگەن دەرەختىن يەپ قويۇشى بولۇپ، بۇ ﷲ تۆۋەندىكى ئايەتتە ئېيتقاندەك، ئۇنتۇش ۋە ئىرادىسىزلىكنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىنغان جىسمانىي جىنايەت ئىدى: [**وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَى آدَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُ عَزْمًا**] [بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق] [4].

ئىبلىس مەلئۇن بۇ يادىدىن چىقىرىش ۋە ئىرادىسىزلىكتىن پايدىلىنىپ، ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ جۈپتىگە چەكلەنگەن دەرەختىن يېيىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، يالغان قەسەملەر بىلەن ئۇ ئىككىسىنى ئالداپ، ئاخىرى ئۇلارنى گۇناھ پاتقىقىغا پاتتۇردى.

لېكىن، ھايال ئۆتمەي ئادەم ۋە ئۇنىڭ جۈپتىدە يوشۇرۇنغان ئىمان دەررۇ ئاشكارىلاندى ـ دە،

---

[1] سۈرە بەقەرە، 278 – ۋە 279 – ئايەتلەر.

[2] تەبەرانىي، ھاكىم، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

[3] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە تاھا، 115 – ئايەت.

ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، پەرۋەردىگارىغا تەۋبە قىلدى، پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى: [وَعَصَى آدَمُ رَبَّهُ فَغَوَى ثُمَّ اجْتَبَاهُ رَبُّهُ فَتَابَ عَلَيْهِ وَهَدَى] [ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى][1]؛ [قَالاَ رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ] [ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى][2]؛ [فَتَلَقَّى آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ] [ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر][3].

يەنە بىرى، الله ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ئۆز روھىنى كىرگۈزگەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرىغان چاغدا، ئىبلىسنىڭ قىلغان چوڭچىلىق ـ تەكەببۇرلۇق جىنايىتىدۇر: [فَسَجَدَ الْمَلآئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَى أَن يَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ قَالَ يَا إِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلاَّ تَكُونَ مَعَ السَّاجِدِينَ قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ قَالَ فَاخْرُجْ مِنْهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٌ وَإِنَّ عَلَيْكَ اللَّعْنَةَ إِلَى يَوْمِ الدِّينِ] [پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. الله: «ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟» دېدى. ئىبلىس: «قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى. الله ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ. ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە ھەقىقەتەن لەنەت بولسۇن»][4]؛ [وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ] [ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى][5].

ئىبلىس كۆرەڭلىك قىلىپ، پەرۋەردىگارىغا يۈزى قېلىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى: [أَنَاْ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ] [مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ][6].

---

[1] سۈرە تاھا، 121 – ۋە 122 – ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئراف، 23 – ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 37 – ئايەت.
[4] سۈرە ھىجر، 30 – دىن 35 – ئايەتكىچە.
[5] سۈرە بەقەرە، 34 – ئايەت.
[6] سۈرە ئەئراف، 12 – ئايەت.

بۇ ئىككى خىل جىنايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ ئىدىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھى جىسمانى گۇناھ ئىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ناھايىتى تېزلا تەۋبە قىلىۋالدى. ئەمما ئىبلىسنىڭ گۇناھى كۆرگىلى بولمايدىغان قەلبىي گۇناھ ئىدى، قەلبىي گۇناھ بەك خەتەرلىك بولغاچقا، ئۇنى يامان ئاقىۋەتكە قويدى. اﷲنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ بۇنداق گۇناھلاردىن پاناھ تەلەپ قىلىمىز.

گۇناھى كەبىرلەر ــ ھالاك قىلغۇچى گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندا، قەلبىي گۇناھلاردىن ئالاھىدە، قايتا–قايتا، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچلىكى يوق. چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋالدا كۆرگىلى بولمايدىغان قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر كۆرگىلى بولىدىغان جىسمانىي گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ.

## تەكەببۇرلۇق جىنايىتى

ئادەم بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسىدە تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىبلىسنى اﷲنىڭ ئەمرىنى رەت قىلىشقا ئۈندىگەنلىكىنى كۆردۇق: [قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُ مِن صَلْصَالٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ] [ئىبلىس: «قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى][1]؛ [قَالَ أَنَا خَيْرٌ مِّنْهُ] [ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق» دېدى][2].

شۇڭا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قەلبىدە زەررىچە كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3]؛ «غالىپلىق اﷲقا خاستۇر، چوڭلۇق اﷲنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر، كىمكى اﷲتىن چوڭلۇق تالىشىدىكەن، اﷲ ئۇنى ئازابلايدۇ»[4]؛ «بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزگە ئىلماسلىقى يېتەرلىك جىنايەتتۇر»[5]؛ «تەكەببۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىيىم كىيگەن كىشىگە اﷲ قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ»[6].

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە تەكەببۇرلۇق سۆكۈلدى، تەكەببۇرلار قامچىلاندى، تەكەببۇرلۇقنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسۇپ، ئاخىرى ئۇلارنى جەھەننەمگە يولغا سالغانلىقى بايان قىلىندى:

---

[1] سۈرە ھىجر، 33 – ئايەت.

[2] سۈرە ساد، 76 – ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[5] يۇقىرىقى مەنبە.

[6] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[وَجَحَدُوا بِهَا وَاسْتَيْقَنَتْهَا أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا] [ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى][1]؛ [فَادْخُلُواْ أَبْوَابَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا فَلَبِئْسَ مَثْوَى الْمُتَكَبِّرِينَ] [سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!][2]؛ [إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْتَكْبِرِينَ] [اللّٰه تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ][3]؛ [كَذَلِكَ يَطْبَعُ اللَّهُ عَلَى كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ] [تەكەببۇرلۇق قىلغان، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىلىنى اللّٰه مۆھۈرلەپ قويىدۇ (يەنى يۈرىكىنى) ئوخشاش پېچەتلىۋېتىدۇ][4]؛ [سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ] [يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلغۇزمايمەن][5] .

## ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك

قۇرئاندا بىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدى، بۇ ۋەقەلىكتە ھەسەتخورلۇق بىر قېرىنداشنىڭ يەنە بىر قېرىنداشنى قەتلى قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ:

[وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِن أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ لَئِن بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقْتُلَنِي مَا أَنَاْ بِبَاسِطٍ يَدِيَ إِلَيْكَ لَأَقْتُلَكَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ إِنِّي أُرِيدُ أَن تَبُوءَ بِإِثْمِي وَإِثْمِكَ فَتَكُونَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ وَذَلِكَ جَزَاء الظَّالِمِينَ فَطَوَّعَتْ لَهُ نَفْسُهُ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُ فَأَصْبَحَ مِنَ الْخَاسِرِينَ فَبَعَثَ اللَّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِي الأَرْضِ لِيُرِيَهُ كَيْفَ يُوَارِي سَوْءَةَ أَخِيهِ قَالَ يَا وَيْلَتَا أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَذَا الْغُرَابِ فَأُوَارِيَ سَوْءَةَ أَخِي فَأَصْبَحَ مِنَ النَّادِمِينَ] [(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل)نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى، بىرسى (يەنى ھابىل)نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (يەنى قابىل)نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: «اللّٰه سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى» دېدى. ھابىل ئېيتتى: «اللّٰه پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰەتىن قورقىمەن. «مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھىنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك

[1] سۈرە نەمل، 14 – ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 29 – ئايەت.
[3] سۈرە نەھل، 23 – ئايەت.
[4] سۈرە غافىر، 35 – ئايەت.
[5] سۈرە ئەئراف، 146 – ئايەت.

گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشىڭنى تىلەيمەن، كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر». ئۇ (يەنى قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. الله ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەستىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي مەن قېرىندىشىمنىڭ جەستىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى][1].

قۇرئان كەرىم ھەسەتخورنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تەلەپ قىلىشقا بۇيرىدى: [**وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ**] [ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (الله)غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن][2].

ھەسەتخورلۇق يەھۇدىيلار (جوھۇتلار)نىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر: [**أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ**] [ياكى ئۇلار الله ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟][3].

ھەسەتخورلۇق ئىماندىن توسىدۇ، ئىسلامغا سۇيىقەست قىلغۇزىدۇ: [**وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّن بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّاراً حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ**] [ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ][4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ بۇرۇنقى مىللەتلەردىن قېلىپ قالغان، دىنغا ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتكۈچى كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە: «بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەتخورلۇق كېسىلى سىلەرگە يۇقتى، ئۆچمەنلىك چاچنى ئەمەس، بەلكى دىننى چۈشۈرۈپ تاشلايدىغان ساتىراچتۇر»[5]؛ «بىر بەندىنىڭ قورسىقىدا ئىمان بىلەن ھەسەتخورلۇق جەم بولمايدۇ»[6]؛ «كىشىلەر ئۆزئارا ھەسەت قىلىشمىسىلا، ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ قالمايدۇ»[7] دېگەن.

---

[1] سۈرە مائىدە، 27 – دىن 31 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە فەلەق، 5 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 54 – ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە، 105 – ئايەت.

[5] بەززار، ھەيسەمى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[6] نەسائى، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[7] تەبەرانى ۋە ھەيسەمى رىۋايەت قىلغان.

## قاتتىق بېخىللىق

قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر ئىچىدە ھالاك قىلغۇچى ئۈچ گۇناھ بار. تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىپ بۇ ئۈچ گۇناھدىن ئاگاھلاندۇرغان: «ھالاك قىلغۇچى ئۈچ گۇناھ باردۇر، ئۇ بولسىمۇ قاتتىق بېخىللىق، نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش، ئۆزىنى چوڭ چاغلاشتىن ئىبارەت»[①].

بېخىللىق نۇرغۇن ھەدىسلەردە سۆكۈلگەن: «بىر بەندىنىڭ قەلبىدە بېخىللىق بىلەن ئىمان زادىلا جەم بولمايدۇ»[②]؛ «ئىنساندىكى ئەڭ يامان خۇسۇسىيەت قاتتىق بېخىللىق ۋە زىيادە قورقۇنچاقلىقتۇر»[③]؛ «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلۇم قىلغۇچىغا زۇلمەتتۇر؛ بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، بېخىللىق سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ھالاك قىلغان، بېخىللىق ئۇلارنى قان تۆكۈشكە، ھارامنى ھالال ساناشقا مەجبۇر قىلغان»[④]؛ «بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر بېخىللىق سەۋەبىدىن ھالاك بولغان، ئۇلار بېخىللىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەن، خەيرى ـ ئېھسان قىلمىغان، پاسىقلىق قىلغان»[⑤].

ئالىملار مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىسلەردە دېيىلگەن «**الشح**» (قاتتىق بېخىللىق) ئۆز ئىگىسىنى ئىقتىسادىي، ماددىي ۋە مەنىۋىي خەيرى ـ ئېھسانلارنىڭ ھەممىسىدىن توسىدىغان، مالنىڭ ھەققىنى بېرەي، خەيرى ـ ئېھسان قىلاي دەپ ئويلىغاندا، ئۇنى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق قورقۇتۇپ، قولىدىن بىر نەرسە چىقارغۇزمايدىغان پىخسىق تەبىئەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پىخسىقلىق اللەنى تونۇش بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. چۈنكى، خەيرى ـ ئېھساندىن توسۇۋاتقان نەرسە كەمبەغەللىكتىن قورقۇش تۇر. كەمبەغەللىكتىن قورقۇش اللەنى تونۇمىغانلىق ۋە اللەنىڭ ۋەدىسى ۋە كاپالىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتۇر. دېمەك، بېخىللىق بىلەن اللەنى تونۇش زادىلا چىقىشالمايدىغان بولغاچقا، ھەدىستە بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ جەم بولمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

## نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش

يۇقىرىقى ھەدىستە نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشنىڭ ھالاك قىلغۇچى گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى سۆزلەندى، قۇرئاندىمۇ كۆپ ئورۇندا بۇ گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان:

[**وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ الله**] [نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللەنىڭ يولىدىن

---

[①] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىمام بۇخارى، ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[④] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[⑤] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئازدۇرىدۇ][1]؛ [**وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا**] [بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەفسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن][2]؛ [**وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللهِ**] [اللہ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇنراق ئادەم بارمۇ؟][3]؛ [**أُوْلَئِكَ الَّذِينَ طَبَعَ اللهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءهُمْ**] [ئەنە شۇلار اللہ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكەنلەردۇر، نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەنلەردۇر][4].

قۇرئاندا يەنە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىنى قارىغۇ، پاك قىلىپ قويىدىغانلىقى، بىلىملىكىنىمۇ ئازدۇرىدىغانلىقى، كۆڭۈل كۆزىنى كور قىلىپ كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ئاڭقىرمايدىغان قىلىۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان:

[**أَفَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ وَأَضَلَّهُ اللهُ عَلَى عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَى سَمْعِهِ وَقَلْبِهِ وَجَعَلَ عَلَى بَصَرِهِ غِشَاوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِن بَعْدِ اللهِ**] [(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەفسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، اللہ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، اللہ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، اللہ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟][5].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدىكى مەبۇدنىڭ ئەڭ يامىنى نەپسى خاھىشتۇر.

قۇرئاندا يەنە جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى قاتارىدا نەپسى خاھىشقا ئەگەشمەسلىك شەرت قىلىنغان: [**وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى**] [پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ][6].

## ئۆزىنى چوڭ چاغلاش

يۇقىرىقى ھەدىستە سۆزلەنگەن ھالاك قىلغۇچى ئۈچ گۇناھنىڭ ئۈچىنچىسى ئۆزىنى چوڭ چاغلاشتۇر. ئۆزىنى چوڭ چاغلىغان ئادەم ئۆزىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئەيىبلىرىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ياخشىلىقىغا مىكروسكوپ بىلەن قاراپ ئۇنى ناھايىتى چوڭ، يوغان كۆرىدۇ.

قۇرئاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۈنەيىن غازىتىدا ئۆزىنى مەن چاغلاپ مەغلۇپ بولغانلىقى، كېيىن بۇ

---

[1] سۈرە ساد، 26 – ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 28 – ئايەت.

[3] سۈرە قەسەس، 50 – ئايەت.

[4] سۈرە مۇھەممەد، 16 – ئايەت.

[5] سۈرە جاسىيە، 23 – ئايەت.

[6] سۈرە نازىئات، 40- ۋە 41 – ئايەتلەر.

خاتالىقىنى تونۇپ، اللهقا تۆۋبە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

[لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ ثُمَّ أَنَزلَ اللهُ سَكِينَتَهُ عَلَى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا] [الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرەڭلەپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار)، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)][1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يامانلىق قىلىپ قويۇپ خاپا بولۇش اللهنىڭ نەزىرىدە ياخشىلىق قىلىپ كۆرەڭلەپ يۈرگەندىن ياخشىراق.

ئىبنى ئەتا ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدە بۇ مەزمۇننى مۇنداق ئىپادىلىگەن: الله ساڭا تائەت ـ ئىبادەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرسىمۇ، تائەت ـ ئىبادىتىڭنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن؛ الله ساڭا ئاسىيلىقنى تەقدىر قىلسىمۇ، ئاسىيلىقىڭ سەۋەبىدىن اللهقا يېتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن: كۆڭۈلنى شىكەستىلىگەن گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆرەڭلىك ۋە مەنمەنلىك پەيدا قىلغان تائەت ـ ئىبادەتتىن ياخشىدۇر.

## رىياخورلۇق

رىياخورلۇقمۇ قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئەمەلنى يوق قىلىۋېتىدۇ، كىشىلەرگە تولىمۇ ئۇز ـ چىرايلىق كۆرۈنگەن ئەمەل رىياخورلۇق سەۋەبىدىن اللهنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولمايدۇ. الله تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

[وَإِذَا قَامُواْ إِلَى الصَّلاَةِ قَامُواْ كُسَالَى يُرَآؤُونَ النَّاسَ وَلاَ يَذْكُرُونَ اللهَ إِلاَّ قَلِيلاً] [ئۇلار (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكالىق قىلىدۇ)، اللهنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ][2]؛ [فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ] [شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ][3].

رىياخورنىڭ خەيرى ـ ئېھسانى قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: [فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ

[1] سۈرە تەۋبە، 25 – ۋە 26 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 142 – ئايەت.

[3] سۈرە مائۇن، 4 – دىن 7 – ئايەتكىچە.

فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لاَّ يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ﴾ [بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ].

نۇرغۇن ھەدىسلەردە رىياخورلۇقنىڭ بىر تۈرلۈك شېرىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. رىياخور ئەمەلنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلمايدۇ، بەلكى مەخلۇقنىڭ رازىلىقىنى، ماختىشىنى، مەمنۇن بولۇشىنى كۆزلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ھەدىسى قۇددۇستا مۇنداق دەيدۇ: «شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت كىشى مەندۇرمەن، كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنىڭدا ماڭا باشقىلارنى شېرىك قىلسا، ئۇنىڭ ئەمىلىنى شېرىكىگە تاشلاپ بېرىمەن»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا: «ئۇنىڭ ئەمىلى شېرىك كەلتۈرگەن كىشىسىگە بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئەمىلىدىن بىزار» دېيىلگەن[2].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر مەشھۇر ھەدىستە رىياخورلۇق بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولغان مۇجاھىدنىڭ، رىياخورلۇق بىلەن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئالىمنىڭ، رىياخورلۇق بىلەن خەيرى ـ ئېھسان قىلغان بايىنىڭ قىيامەت كۈنى نىيەتلەرنى ۋە سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ئالدىدا، جىھاد قىلىپ شېھىت بولغانمەن، ئىلىم ئۆگىتىپ ئالىم بولغانمەن، خەيرى ـ ئېھسان قىلىپ سېخى بولغانمەن دېگەن گەپلىرى يالغانغا چىقىپ، پۈتۈن مەخلۇقات ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، يۈزىچە سۆرۈلۈپ جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئادەمگە ساختىلىق قىلىشى ئەڭ رەزىل قىلمىش ۋە ئەڭ قەبىھ جىنايەتتۇر. مەخلۇق خالىققا (ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا) ساختىلىق ئىشلەتسە، ساختىلىقنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ يامانلىشىدۇ، تېخىمۇ قەبىھلىشىدۇ. رىياخور ئەنە شۇنداق قەبىھ جىنايەتنى قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئادەملەرنى رازى قىلىش نىيىتى بىلەن بىر ئىشنى قىلىدۇ ـ يۇ، باشقىلارغا ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك ساختا تۈيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا، پاك ئاللاھنىڭ ئۇنى سىرلار ئاشكارا بولىدىغان كۈنى رەسۋا قىلىپ، دوزاختا دەۋم تاشلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا بۇنداق گۇناھلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## دۇنياپەرەسلىك

دۇنياپەرەسلىك قىلىش، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل كۆرۈش قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇ گۇناھ ھەرقانداق خاتالىقنىڭ بېشىدۇر. مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش خەتەرلىك ئەمەس، ئەمما، مال ـ دۇنياغا بەك ھېرىس بولۇش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

كەلگەندە، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل كۆرۈش ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئىككىلى ئالەمدە ھالاكەتكە يولۇقۇشقا ۋە ۋەيران بولۇشقا سەۋەبتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[فَأَمَّا مَن طَغَى وَآثَرَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا فَإِنَّ الْجَحِيمَ هِيَ الْمَأْوَى] [كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ][1]؛ [مَن كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لاَ يُبْخَسُونَ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ إِلاَّ النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُواْ فِيهَا وَبَاطِلٌ مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ] [(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ][2]؛ [فَأَعْرِضْ عَن مَّن تَوَلَّى عَن ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلَّا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ذَلِكَ مَبْلَغُهُم مِّنَ الْعِلْمِ] [بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئاندىن) باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرىگىن. ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ][3]؛ [وَمَا أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَزِينَتُهَا وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى أَفَلَا تَعْقِلُونَ] [سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟][4].

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان ھەدىستە، ئىسلام ئۈممىتى سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بوشىشىپ كېتىدىغانلىقى، بۇنىڭغا: «دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى ياقتۇرماسلىق»نىڭ سەۋەب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## دۇنياپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، مەنسەپپەرەسلىك

دۇنياپەرەسلىك مال ـ دۇنياغا مۇھەببەت باغلاشتا؛ ئابروي، مەرتىۋە، شان ـ شەرەپكە ھېرىس بولۇشتا؛ پۇل – مالنى ۋە مەنسەپ ـــ مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قىممەتقاراش ۋە پرىنسىپلاردىن ۋاز كېچىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق دۇنياپەرەسلىك دىننى ۋە ئىماننى يوق قىلىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «دۇنياپەرەسلىك ۋە

[1] سۇرە نازىئات، 37 – دىن 39 – ئايەتكىچە.
[2] سۇرە ھۇد، 15 – ۋە 16 – ئايەتلەر.
[3] سۇرە نەجم، 29 – ۋە 30 – ئايەتلەر.
[4] سۇرە قەسەس، 60 – ئايەت.

ئابروييپەرەسلىك دىنىنى بۇزۇشتا قوي پادىسىغا قويۇۋېتىلگەن ئاچ بۆرىدىنمۇ يامان»[1].

ئادەمدە ھېرىسمەنلىك بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆز يولىدا بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئۇ بەك چەكتىن ئېشىپ كەتسە، روھىيەتنى بۇزىدۇ؛ خۇددى ئىگىسى خەۋەر تاپمىغان قوي پادىلىرى ئاچ بۆرىلەرگە يەم بولغاندەك، دىن ـ دىيانەت نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن ھېرىسمەنلىككە يەم بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ھېرىسمەنلىك شەرىئەتتە قامچىلىنىدىغان چوڭچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنى پەيدا قىلىدۇ:

[**تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ**] [ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر][2].

دۇنياپەرەسلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى مەنسەپپەرەسلىك، ھوقۇقپەرەسلىك، نام چىقىرىشقا قىزىقىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قالماي ھوقۇققا ھېرىسمەن بولۇپ قالىسىلەر، ھوقۇق قىيامەت كۈنى نادامەت ۋە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھوقۇق نېمىدېگەن ياخشى سۈت ئىمىتكۈچى ۋە نېمىدېگەن يامان ئەمچەكتىن ئاجراتقۇچى ـ ھە؟!» دېگەن[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوقۇقتىن كېلىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتنى ئىنىكئانىنىڭ سۈت بەرگىنىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ، ھوقۇقتىن ئايرىلغاندا ھوقۇقتىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىنى ئەمچەكتىن ئاجرىتىشقا ئوخشىتىۋاتىدۇ. شۇنداق، ھوقۇق ھوقۇقدارغا دەماللىققا بىر قىسىم مەنپەئەت ۋە لەززەتلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا لەززەت تۈگەپ ھەسرەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېشىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەقلى بار ئادەم ھەسرىتى بار لەززەتكە ھېرىس بولماسلىقى كېرەك.

ﷲنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولۇشمۇ قەلبىي گۇناھى كەبىرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [**وَلاَ تَيْأَسُواْ مِن رَّوْحِ اللهِ إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ**] [ﷲنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ﷲنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلىنىدۇ][4]؛ [**قَالَ وَمَن يَقْنَطُ مِن رَّحْمَةِ رَبِّهِ إِلاَّ الضَّآلُّونَ**] [ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى][5].

ﷲنىڭ مىكرىسىدىن قورقماسلىق ھەم قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىندۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [**أَفَأَمِنُواْ مَكْرَ اللهِ فَلاَ يَأْمَنُ مَكْرَ اللهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْخَاسِرُونَ**] [ئۇلار ﷲنىڭ مىكرىدىن

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە قەسەس، 83 – ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە يۇسۇف، 87 – ئايەت.
[5] ھىجر، 56 – ئايەت.

(يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا اللهنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا اللهنىڭ مىكرىدىن قورقمايدۇ][1] .

مۇئمىنلەر ئارىسىغا بۇزۇقچىلىقنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرۇش ھەم قەلبىي گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ] [مۇئمىنلەر ئارىسىدا بۇزۇقچىلىقنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ][2] .

يۇقىرىدا بىز ھالاك قىلغۇچى بەزىبىر قەلبىي گۇناھى كەبىرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ گۇناھلار بىلەن كارى بولماي، پۈتۈن دىققىتىنى جىسمانىي ئەمەللەرگە قارىتىپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ياكى گۇناھىدىن ئۆزىنى يىغىدۇ. ھالبۇكى، بۇ گۇناھلارنى ئىمام غەززالىي «ھالاك قىلغۇچى گۇناھلار» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ «**إحياء علوم الدين**» (دىنىي ئىلىملەرنى ئەھيا قىلىش) ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ ئۈچىنچى تومىنى مۇشۇ گۇناھلارنى تونۇتۇشقا ئاجراتقان. شۇڭا، دىندارلار ۋە دەۋەتچىلەر شەرىئەت سەل قارىمىغان بۇ گۇناھلارغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىدە ئۇنى دىققەت مەركىزىنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقى كېرەك.

## گۇناھى سەغىرلەر

گۇناھى سەغىرلەر (كىچىك گۇناھلار)نىڭ جىنايەت دەرىجىسى گۇناھى كەبىرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. گۇناھى سەغىرلەردىن ھېچقاچان ھېچكىم تولۇق ساقلىنالمايدۇ. گۇناھى سەغىرلەر بەش ناماز، جۈمە نامىزى، رامىزان روزىسى، رامىزان كېچىلىرى ئوقۇلغان ناماز قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. گۇناھى سەغىر خۇسۇسىيەت جەھەتتىن گۇناھى كەبىرگە ئوخشىمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «گۇناھى كەبىرلەردىن ساقلىنىلسىلا، بەش ۋاقىت ناماز جۈمەدىن جۈمەگىچە، رامىزاندىن رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدۇ»[3]؛ «بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆستەڭ بولسا، ئۇ بىرىڭلار شۇ ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ بەش نامازنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، الله ناماز بىلەن ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تۇرىدۇ»[4]؛ «كىمكى رامىزان ئېيىدا ئىمان بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»؛ «كىمكى رامىزان ئېيىدا

---

[1] سۈرە ئەئراف، 99 – ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 19 – ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمان بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامىزان كېچىلىرى ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

قۇرئان كەرىمدە گۇناھى كەبىرلەردىن يىراق بولۇشنىڭ ئۇزىلا گۇناھى سەغىرلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقى بايان قىلىندى: [إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا] [ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرەممىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز][2].

ئەمما چوڭ گۇناھلارنى سەممىي تۆۋبىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۆچۈرەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەم گۇناھى سەغىرلەردىن ساقلىنالمايدىغان بولغاچقا، الله ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى سۆپەتلىگەندە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ دەپ سۆپەتلىدى: [وَمَا عِندَ اللهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى لِلَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ] [ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا... اللهنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر][3]: [وَلِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ لِيَجْزِيَ الَّذِينَ أَسَاؤُوا بِمَا عَمِلُوا وَيَجْزِيَ الَّذِينَ أَحْسَنُوا بِالْحُسْنَى الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ] [ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ مۈلكىدۇر، (الله يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ. ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ، كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغفىرىتى كەڭدۇر][4].

دېمەك، ياخشى ئاقىۋەتكە مۇيەسسەر بولىدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈپىتى چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىشتۇر. بىر تۈركۈم سەلەپ ئۆلىمالىرى: بىر گۇناھنى بىر قېتىم قىلىش، قايتا قىلماسلىق گەرچە ئۇ چوڭ گۇناھ بولسىمۇ، كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئەبۇ سالىھ مۇنداق دېگەن: بىرەيلەن مەندىن:

ـ يۇقىرىقى ئايەتتىكى كىچىك گۇناھ نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ـ بىر گۇناھنى قايتا قىلماسلىق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ جاۋابىمنى ئىبنى ئابباسقا ئېيتسام، ئۇ:

ـ بىر ئۇلۇغ پەرىشتىنىڭ ئىلھامى بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىپسەن، ـ دېدى.

كۆپ سانلىق ئالىملار چوڭ گۇناھلاردىن باشقا گۇناھ كىچىك گۇناھ دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئابباسمۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نىسا، 31 – ئايەت.

[3] سۈرە شۇرا، 36 – ۋە 37 – ئايەتلەر.

[4] سۈرە نەجم، 31 – ۋە 32 – ئايەتلەر.

شۇنداق قارايدۇ دېگەن بايان ئەڭ سەھى بايانـدۇر. «سەھىھۇلبۇخارىي»دا ئىبنـى ئابباسـنىڭ: تۆۋەندىكى ھەدىستە ئېيتىلغانلىرىغا ئوخشىغىنى گۇناھى سەغىردۇر، ـ دېگەنلىكى بايـان قىلىنغـان: «اللە ئادەم پەرزەنتىنىڭ زىنادىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنى ئالللىبۇرۇن پۈتـۈپ بولغـان. ئـادەم پەرزەنتـى چوقۇم شۇ نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ. كۆز زىناسى قاراشتۇر، تىل زىناسى سۆزلەشتۇر، كۆڭۈل زىناسى ئـارزۇ قىلىش ۋە خالاشتۇر، ئەۋرەت ئۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ياكى ئاشۇرمايدۇ»؛ «ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاشتۇر، تىل زىناسى سۆزلەشتۇر، قول زىناسى تۇتۇشـتۇر، پـۇت زىناسى مېڭىشتۇر».

ئىمام ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: كـۆپ سـانلىق ئۆلىمالارنـىڭ نـامەھرەمگە قـاراش، قـاش ئېتىش، سۆيۈشكە ئوخشاش گۇناھلارنى كىچىك گۇناھ دېگىنـى تـوغرا. كـۆپ سـانلىق سـاھابىلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر شۇنداق قارايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، مەسرۇق، شەئبىي قاتارلىقلارمۇ شۇنداق قارايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە بىر بايانىدا گۇناھى كەبىرنى بىر قېتىملا قىلىپ، قايتا قىلماسلىق گۇناھى سەغىر دېگەنلىكى ئۇلارنىڭ يـۇقىرىقى گېپـى بىـلەن زىـت ئەمەس. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى گۇناھى سەغىر ھېسابلىنىشى مۇمكىن ياكى ساھابىلەرنىڭ ئىلمى ۋە چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولغاچقا، ئەبـۇ ھـۇرەيرە بىـلەن ئىبنـى ئاببـاس گۇنـاھى كەبىرنـى پەقەت ئۆمرىدە بىر قېتىملا قىلىپ سالغان كىشى گۇناھى سەغىر قىلغانلار قاتارىدا، گۇناھى كەبىرنـى قايتـا ـ قايتا قىلغان كىشى گۇناھى كەبىر قىلغانلار قاتارىدا بولىدۇ، دەپ قارىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدا شەك يوقكى، اللە بەندىسىنى بىرەر ئىككى قېتىم ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ، ئەمما قايتـا ـ قايتـا جىنـايەت قىلـىپ گۇناھقا ئادەتلىنىپ قالغـان كىشـىنىڭ ھـالى چاتـاق [1]. شـەرىئەتتە كىچىـك گۇنـاھلار گەرچە ئەپـۇ قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنى كىچىك ساناشتىن ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. چـۈنكى، كىچىـك گۇناھ كىچىك گۇناھقا قوشۇلسا چوڭ گۇناھقا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىچىك گۇناھ چوڭ گۇناھقـا سۆرەيدۇ، چوڭ گۇناھ كاپىرلىققا سۆرەيدۇ، كىچىك بىر ئۇچقۇن چـوڭ بىـر ئـوت ئـاپىتىنى كەلتـۈرۈپ چىقىرىدۇ ئەمەسمۇ!

شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، كىچىـك گۇناھلارنـىڭ مىسـالى بىـر قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇلار بىر جىلغىغـا چۈشـكۈن قىلـدى، بىرسـى بىـر تەمەچ تېرىـپ كەلدى، يەنە بىرسى يەنە بىر تەمەچ تېرىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نان پىشـۇرغىدەك ئوتـۇن دۆۋىلـــدى. كىچىـــك گۇنـــاھلاردىن ھېســـاب ئېلىنســـا، كىچىـــك گۇنـــاھمۇ گۇناھكـــارنى ھـــالاك قىلىۋېتەلەيدۇ» [2]. بۇ ھەدىسنىڭ ئىبنـى مەسـئۇد رىـۋايەت قىلغـان ۋارىيانتـىدا مۇنـداق كەلـگەن: «كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بىر ئادەمنىڭ كىچىك گۇنـاھى يىغىلسـا، ئـاخىرى ئـۇنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا باياۋانغا چۈشكۈن قىلغان بىر قەۋمنىڭ ئـۇ

[1] «توغرا يولدا بولغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى» 1 – جىلد، 316 – ۋە 317 – بەتلەر.

[2] ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ھەيسەمى رىۋايەت قىلغان.

يەر ـ بۇ يەردىن تەمەچ تېرىپ بىر دۆۋە ئوتۇن جۇغلاپ، گۈلخان ياققانلىقىنى، تاماق پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى».

بۇ ئوخشىتىشنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، چېچىلىپ ياتقان تەمەچىلەر توپلانسا، گۈلخان ياندۇرغىدەك بىر دۆۋە ئوتۇنغا ئايلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كىچىك گۇناھلار يىغىلىپ قالسا، ئېغىر گۇناھلار شەكىللىنىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: مۇئمىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە يىقىلىۋاتقان تاغدەك كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ؛ مۇناپىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بۇرنىغا قونغان چىۋىندەك كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمايدۇ[1].

ئىمام غەززالىي: «الإحياء» (ئەلئىھيائ) ناملىق كىتابىنىڭ تەۋبە بابىدا گۇناھى سەغىرلەرنى گۇناھى كەبىرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان، گۇناھى كەبىرلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىدىغان بىرقانچە ئىشنى سۆزلەپ ئۆتكەن. گۇناھنى كىچىك ساناش، گۇناھقا پەرۋا قىلماسلىق ئەنە شۇ ئىشلار جۈملىسىدىن. بەزى سەلەپلەر مۇنداق دېگەن: گۇناھكارغا كىچىك بىلىنىدىغان گۇناھنىڭ كەچۈرۈم قىلىنماسلىق خەۋپى بار.

گۇناھنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىش، گۇناھ قىلالىغانلىق بىلەن كۆرەڭلەش ئەنە شۇنداق گۇناھلار جۈملىسىدىندۇر. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «گۇناھنى ئوچۇق ــ ئاشكارا قىلغان ئۈممىتىمدىن باشقا ھەرقاندىق ئۈممىتىمنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ»[2].

ئىبنى قەييىم مۇندىق دېگەن: بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، گۇناھى كەبىرگە قوشۇلۇپ كەلگەن نومۇس، قورقۇش، جىنايىتىنى چوڭ ھېسابلاش گۇناھنى كىچىكلىتىدۇ؛ گۇناھى سەغىرگە قوشۇلۇپ كەلگەن نومۇسسىزلىق، پەرۋاسىزلىق، قورقماسلىق، جىنايىتىنى يېنىك ھېسابلاش كىچىك گۇناھنى چوڭايتىدۇ. بەلكى، كىچىك گۇناھنى ئەڭ ئېغىر گۇناھى كەبىرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ[3].

جىنايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ۋە شارائىتقا قاراپ بىر خىل جىنايەتنىڭ گۇناھى ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن: نىكاھلانمىغان ئادەم بىلەن نىكاھلانغان ئادەمنىڭ، قېرى بىلەن ياشنىڭ زىناسى ئوخشىمايدۇ؛ قوشنىنىڭ ئايالى بىلەن ياكى ئېرى جىھادقا كەتكەن ئايال بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ مەھرىمى بىلەن ياكى رامىزاندا ۋە ياكى ھەرەمدە زىنا قىلىش باشقا شارائىتتىكى زىنالارغا ئوخشىمايدۇ. اللهنىڭ نەزىرىدە ھەرخىل زىنانىڭ جىنايىتى ھەرخىل بولىدۇ.

ئەللامە ئىبنى رەجەبنىڭ بۇ ھەقتە بىر ئېغىز ناھايىتى ئېسىل سۆزى بار. ئۇ سۆز ئىنتايىن پايدىلىق بولغاچقا، بۇ يەردە نەقىل قىلماقچىمەن. الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: كەسكىن ھاراملار قۇرئان ۋە ھەدىستە سۆزلەنگەن: [قُلْ تَعَالَوْاْ أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ أَلاَّ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى، بەيھەقى ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[3] «توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى» 1 – جىلد، 328 – بەت.

وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَلاَ تَقْتُلُواْ أَوْلاَدَكُم مِّنْ إمْلاَقٍ] [ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، اللە هارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر اللەقا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار][1]؛ [قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَن تُشْرِكُواْ بِاللهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ] [(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بۇزۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (اللەنىڭ شېرىكى بولۇشقا) اللە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى اللە نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»][2].

بەزى ئايەتلەردە خاس بىر تۈردىكى هاراملار سۆزلەنگەن. مەسىلەن، بىر قانچە ئورۇندا يېمەك ـ ئىچمەك تۈردىكى هاراملار مەخسۇس سۆزلەنگەن:

[قُل لاَّ أَجِدُ فِي مَا أُوْحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَى طَاعِمٍ يَطْعَمُهُ إِلاَّ أَن يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَّسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللهِ بِهِ] [(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى (چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىندۇر) ۋە اللەتىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن][3]؛ [إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللهِ] [اللە سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللەتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى][4]؛ [إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةَ وَالْدَّمَ وَلَحْمَ الْخَنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ اللهِ بِهِ] [اللە سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، اللەتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى][5]؛ [حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ] [سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، اللەتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان(نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى، لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ

---

[1] سۈرە ئەنئام، 151 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 33 – ئايەت.

[3] سۈرە ئەنئام، 145 – ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە، 173 – ئايەت.

[5] سۈرە نەھل، 115 – ئايەت.

ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان هايۋانلار هارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاهىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىشلار هارام قىلىندى]① .

بەزى ئايەتلەردە مەخسۇس نىكاھ تۈرىدىكى هاراملار سۆزلەندى: [حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ] [سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى... ئېلىشىشلار هارام قىلىندى]② .

بەزى ئايەتلەردە مەخسۇس هارام كەسپلەر سۆزلەندى: [وَأَحَلَّ اللهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا] [الله سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى]③ .

ھەدىستىمۇ نۇرغۇن هاراملار سۆزلەندى: «الله هاراقنى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسىنى، چوشقىنى ۋە بۇتلارنى سېتىشنى هارام قىلدى»④ ؛ «الله بىر نەرسىنى هارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ هارام قىلىدۇ»⑤ ؛ «ھەرقانداق مەست قىلغۇچى نەرسە هارامدۇر»⑥ ؛ «شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش، قانلىرىڭلارنى، ئابرويلىرىڭلارنى تۆكۈش سىلەرگە هارامدۇر»⑦ .

ئەلهاسىل، قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق هارام قىلىنغان نەرسە هارامدۇر.

گاهىدا جازادىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىللە كەلگەن نەهىيدىنمۇ هارام ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، اللهنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە شۇنداق بولغان:

[إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ] [هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟]⑧ .

ئەمما جازا تەهدىتىدىن خالىي كەلگەن نەهىيلەر هارامنى ئىپادىلەمدۇ ياكى ئىپادىلىمەمدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بار. ئىبنى ئۆمەر ئۇنداق نەهىينىڭ هارامنى ئىپادىلىشىنى ئىنكار قىلغان. ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: سەلام ئىبنى ئەبىي مۇتىئى ئىبنى ئەبىي دەخلەدىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ

---

① سۈرە مائىدە، 3 – ئايەت.

② سۈرە نىسا، 23 – ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە، 275 – ئايەت.

④ ئىمام بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

⑤ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

⑥ ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

⑦ ئىمام بۇخارى، ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

⑧ سۈرە مائىدە، 90 – ۋە 91 – ئايەتلەر.

مۇنداق دەپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھوزۇرىدا ئىدىم، ئۇ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېتىشتىن توستى، - دېدى. ئارقامدىكى بىر ئادەم مەندىن:

- ئىبنى ئۆمەر نېمە دېدى؟ - دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېتىشنى ھارام قىلىپتۇ، - دېدىم. ئىبنى ئۆمەر:

- يالغان ئېيتتىڭ، دېدى. مەن:

- سەن ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توسقانلىقىنى دېمىدىڭمۇ؟ توسقاندىكەن ھارام بولمامدۇ؟ - دېدىم. ئىبنى ئۆمەر:

- سەن بۇ توسۇشنى ھارام دېيەلەمسەن؟ - دېدى. سەلام مۇنداق دېدى: قارىغاندا، ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى نەھيلىرىنىڭ ھارامنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى دېمەكچى بولسا كېرەك.

بىز ئىلگىرىكى سەھىپىلىرىمىزدە ئىمام ئەھمەد، ئىمام مالىكتەك پەرھىزكار ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھاراملىقى كەسكىن بولمىغان، ھالال ـ ھاراملىقىدا شۈبھە ۋە ئىختىلاپ بولغان نەرسىلەرگە ھارام دېگەن نامنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

نەخەئى مۇنداق دېگەن: ئۇلار بىرمۇنچە نەرسىنى مەكرۇھ دەيدۇ، ھارام دېمەيدۇ.

ئىبنى ئەۋن مۇنداق دېگەن: مەكھۇل مەندىن:

- كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا مېۋە تاشلانسا، ئۇلار ئۇنى بۇلاپ ـ تالاپ ئالسا، سىلەرچە قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- بۇ بىزنىڭ قارىشىمىزچە مەكرۇھ بولىدۇ، - دېدىم. ئۇ:

- ھارام بولىدۇ، - دېدى. مەن:

- مەكرۇھ بولىدۇ، - دېدىم. ئۇ:

- ھارام بولىدۇ، - دېدى. بىز مەكھۇلنىڭ بۇ گېپىنى ياقتۇرمىدۇق.

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: مەن بىر ئادەمنىڭ قاسىم ئىبنى مۇھەممەددىن:

- نەغمە ـ ناۋا ھاراممۇ؟ - دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. قاسىم جاۋاب بەرمىدى. سورىغۇچى سوئالنى قايتىلىدى. قاسىم يەنە جاۋاب بەرمىدى. سورىغۇچى سوئالنى ئۈچىنچى قېتىم قايتىلىۋېدى، قاسىم ئۇنىڭغا:

- قۇرئاندا ھارام دېيىلگىنى ھارام، سەن دەپ باقە، ھەق بىلەن ناھەق اللهنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسە، نەغمە ـ ناۋا ئۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ قاتارىدا بولىدۇ؟ - دېدى. سوئال سورىغۇچى:

- ناھەق قاتارىدا بولىدۇ، - دېگەندى، قاسىم:

- مانا، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ پەتۋا بەردىڭ، - دېدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان بەزى نەرسىلەر ھارام، يەنە بەزى نەرسىلەر ھارام ئەمەس. مەسىلەن،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ هامما ئاچىسىنى نىكاھتا جەملەشتىن توسقانلىقى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىشلىتىشتىن توسقانلىقى ھارامنى ئىپادىلەيدۇ[1].

## ئېتىقادىي ۋە ئەمەلىي بىدئەتلەر

ئىسلام شەرئىتىدە «بىدئەت» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل جىنايەت بار. بىدئەت دېگەن، كىشىلەر دىنىي ئەمەللەردە ئۆزى پەيدا قىلىۋالغان ئىشلاردۇر. بىدئەت ئېتىقادىي بىدئەت ۋە ئەمەلىي بىدئەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىدئەت ئادەتتىكى گۇناھلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ھارام گۇناھتۇر. بىدئەتنىڭ خەتىرى شۇ يەردىكى، بىدئەتچى ئۆزىنىڭ بىدئەتچىلىك جىنايىتىنى ﷲقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇ ﷲ تائالاغا بىدئەت ئارقىلىق يېقىنلاشماقچى بولىدۇ.

ﷲ ئۆزىنىڭ كىتابىدا نازىل قىلغان، پەيغەمبىرىدىن ئەۋەتكەن ھەقىقەتكە قارشى ئېتىقادلاردا بولۇش ئېتىقادىي بىدئەتتۇر. بۇ بىدئەت ﷲنىڭ نامىدىن بىلمىگەن نەرسىلەرنى قالايمىقان سۆزلەشتىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەڭ ئېغىر ھارامنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَن تُشْرِكُواْ بِاللهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ**] [(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بۇزۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، ﷲ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ﷲ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»][2].

ﷲ ھالال قىلغان نەرسىنى پاكىتسىز ھارام قىلىش ئېتىقادىي بىدئەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ﷲ تائالا تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [**قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلاَلاً قُلْ اللهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى اللهِ تَفْتَرُونَ**] [ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ﷲ چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار، ﷲ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى ﷲقا يالغاننى چاپلامسىلەر؟][3].

ﷲقا ئىبادەت قىلىشتا ﷲ بەلگىلەپ بەرمىگەن، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولۇپ قالغان قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئىبادەت قىلىش ھەم ئېتىقادىي بىدئەتتۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [**أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُم مِّنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَن بِهِ اللهُ**] [ئۇلارنىڭ ﷲ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟][4].

---

[1] ئىبنى رەجەب: «ئىلىم ۋە ھېكمەت خەزىنىسى» 2 – جىلد، 157 – دىن 160 – بەتكىچە.

[2] سۈرە ئەئراف، 33 – ئايەت.

[3] سۈرە يۇنۇس، 59 – ئايەت.

[4] سۈرە شۇرا، 29 – ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر يېڭى پەيدا بولغان بىدئەتلەردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»[①]؛ «كىمدە كىم بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلىسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[②].

كۆپ ھاللاردا ئېتىقادىي بىدئەت بىلەن ئەمەلىي بىدئەت زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالماق ناھايىتى تەس بولىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: ئېتىقادىي بىدئەت بىلەن ئەمەلىي بىدئەت تويلاشتى ۋە ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام ئەللىرىنى پاراكەندە قىلغان ھارامزادىلەر پەيدا بولدى. بۇ ھارامزادىلەر يۇرت ۋە يۇرت خەلقىنى قان قاخشاتتى.

ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: كۇفرانى مەۋجۇدىيەت پاسىق خوتۇن — بىدئەت بىلەن تويلاشتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زىيانكارلىقى تۇغۇلدى.

بىدئەتچىلىك دىنغا زىتتۇر، بىدئەتچى بىدئەتتىن تۆۋبە قىلمايدۇ ۋە يانمايدۇ، بەلكى باشقىلارنى بىدئەتچىلىككە چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىدئەتچىلىكتە اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى رەت قىلغاننى قوبۇل قىلىش، قوبۇل كۆرگەننى رەت قىلىش؛ دۈشمەن تۇتقاننى دوست تۇتۇش، دوست تۇتقاننى دۈشمەن تۇتۇش؛ ئىنكار قىلغاننى ئىسپاتلاش، ئىسپاتلىغاننى ئىنكار قىلىش بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبلىس بىدئەتچىلىكنى باشقا گۇناھ - مەئسىيەتتىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ.

ھەممە بىدئەت ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. بەزىسى ئېغىر بىدئەت، بەزىسى يېنىك بىدئەت بولىدۇ. بەزى بىدئەتلەردە تالاش - تارتىش بار، بەزى بىدئەتلەردە تالاش - تارتىش يوق.

ئېغىر بىدئەتلەرنىڭ بەزىلىرى بىدئەتچىنى كاپىر قىلىۋېتىدۇ. (اللە بۇنداق بىدئەتتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!) مەسىلەن، دىنىنىڭ تۈپكى قائىدىلىرىگە قارشى چىقىپ، ئىسلام ئۈممىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن نۇسەيرىيە، دەرۇز، شىئەلەرنىڭ چەكتىن ئاشقانلىرى، ئىسمائىلىيەنىڭ باتىنىيە پىرقىلىرى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق بىدئەتچىلەردۇر. ئىمام غەززالىي ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى راپىزىلىق، ئىچكى دۇنياسى قىپقىزىل كاپىرلىقتۇر.

ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ئۇلار يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىنمۇ بەك كاپىردۇر. شۇڭا يەھۇدىي ۋە ناسارانىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئالغىلى، ئۇلار بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىلى بولسىمۇ، ئەمما ئاۋۋالارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئالغىلى، سويغان ماللىرىنى يېگىلى بولمايدۇ.

بەزى ئېغىر بىدئەتلەر بىدئەتچىنى كاپىر قىلمايدۇ، لېكىن ئۇنى ئېتىقادىي پاسىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق بىدئەتچى نامازنى ئۆزۈن ئوقۇيدىغان، روزىنى كۆپ تۇتىدىغان، قۇرئاننى كۆپ تىلاۋەت قىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خاۋارىجلار شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا قاراپ، نامىزىڭلارنى ئاز ئىكەن دەپ قالىسىلەر، تۇتقان روزىسىغا قاراپ، روزاڭلارنى ئاز ئىكەن دەپ

---

① ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قالىسىلەر، تىلاۋەت قىلغان قۇرئانىغا قاراپ تىلاۋەتىڭلارنى ئاز ئىكەن دەپ قالىسىلەر. ئۇلارنىڭ نىيىتىدە مەسىلە يوق ئىدى، بەلكى ھەممە مەسىلە ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى ۋە قاتماللىقىدا ئىدى، ھەتتا ئۇلار ئەھلى ئىسلامنى ئۆلتۈرۈپ، بۇتپەرەسلەر بىلەن كارى بولمايتتى.

راپىزىلار، قەدەرىيەلەر، مۇئتەزىلەلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋە جەھەمىيلىكتە چەكتىن ئاشمىغان بەزى جەھەمىيلەر خاۋارىجلارغا ئوخشاش پاسىق دەرىجىسىدىكى بىدئەتچىلەردۇر.

يېنىك بىدئەت دېگىنىمىز، ئىجتىھادتىكى سەۋەنلىكتىن ياكى دەلىلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان بىدئەتلەردۇر. بۇ بىدئەتلەر گۇناھى سەغىرلەرگە تەۋەدۇر.

بەزى بىدئەتلەردە پىكىر ئىختىلاپى بار. ئۇنى بەزىلەر بىدئەت دەيدۇ، بەزىلەر بىدئەت ئەمەس دەيدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە اللەنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى ۋەسىلە قىلىشقا ئوخشاش. بۇ شاخچە ئەمەل مەسىلىلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئېتىقادىي، تۈپكى مەسىلىلەر جۈملىسىدىن ئەمەس. ئىمام ھەسەن بەننا ۋە ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابمۇ شۇنداق دېگەن.

ئۆزگە ئىبادەت ۋەزىپىسى بەلگىلىۋېلىشنىڭ بىدئەت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار.

دېمەك، بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. بىدئەتچىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزى بىدئەتچىلەر بىدئەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەزىلىرى ئەگەشكۈچى بىدئەتچى بولۇپ بىدئەتنى ئۆزى قىلىدۇ، باشقىلارنى بىدئەتكە چاقىرمايدۇ. بۇ ئىككى خىل بىدئەتچىنىڭ ھۆكمىمۇ ئوخشىمايدۇ.

## شۈبھىلەر

شۈبھىلەر گۇناھى سەغىرلەردىن تۆۋەنرەك تۇردىغان گۇناھتۇر. شۈبھە دېگىنىمىز، كۆپلىگەن كىشىلەر ھۆكمىنى بىلمەيدىغان، ھالال ياكى ھاراملىقىدا شۈبھىلىنىپ قالىدىغان ئىشلاردۇر. بۇنداق شۈبھىلەر كەسكىن ھاراملارغا ئوخشىمايدۇ.

مۇجتەھىدلىك سالاھىيتى بار كىشىلەر شۈبھىلىك نەرسىلەرنىڭ ھالال ـ ھاراملىقى مەسىلىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھاد نەتىجىلىرىگە ئەمەل قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ پىكرىنى دەپ ئۆز ئىجتىھادلىرىدىن ۋاز كەچسە بولمايدۇ. چۈنكى الله مۇجتەھىدلەردىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىجتىھادتا خاتالاشسا، ئۆزرىلىكتۇر، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتتىكى خاتالىقلىرىغىمۇ بىر ئەجىر بېرىلىدۇ.

مۇجتەھىدلىك سالاھىيتى يوقلار ئۆزى ئىشەنچ قىلغان ئۆلىمالارغا ئەگەشسە بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئەگەشكەن ئادەمنىڭ دىنىغا ۋە بىلىمگە ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇلارنىڭ ئەگىششى ئەيب ئەمەس.

شۈبھىلىك ئىشلاردا توغرا ـ خاتانى ئېنىق بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانلار دىنىنى ۋە ئابرويىنى پاك ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىن يولماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ

ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ھالالمۇ ئېنىق، ھارامىمۇ ئېنىق؛ ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بار. ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغانلار دىنىنى ۋە ئابرويىنى پاك ساقلىيالايدۇ، شۈبھىلەرگە چۈشكەن كىشى ھاراملارغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خۇددى چېگرا ئەتراپىدا مال باققان پادىچى چېگراغا كىرىپ قېلىشقا ئاران تۇرغاندەك بىر ئىش»[1].

شۈبھىلىك ئىشلاردا توغرا ـ خاتانى بىلمىگەنلەر ئىشەنچلىك ئالىملاردىن سوراپ، ھۆكمىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى لازىم. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ**] [بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار][2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىلمىگەنىدىكىن سورىسا بولماسمىدۇ، بىلمەسلىكنىڭ داۋاسى سوراشقۇ!»[3].

بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن خۇي ـ مىجەزلىرى، ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن پەرھىزكارلىقتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ شۈبھىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

بۇ يەردە كىچىككىنە باھانە تاپسىلا شۈبھە پەيدا قىلىشنى ئىزدەپ يۈرىدىغان خىيالپەرەس ئادەملەرمۇ بار. مەسىلەن، غەرب ئەللىرىدىكى گۆشلەرگە يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن شەك كەلتۈرۈۋاتقانلار ئەنە شۇنداق ئادەملەردۇر. ئۇلار يىراقنى يېقىن دەپ پەرەز قىلىدۇ، يىراق مۇمكىنچىلىكنى رېئاللىق دەپ خىيال قىلىدۇ. ئۇلار سوئال سوراۋېرىپ، اللە ئۇلارغا كەڭ قويغان يولنى ئۆزلىرىگە تارايتىدۇ. ھالبۇكى، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: [**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَسْأَلُواْ عَنْ أَشْيَاء إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ**] [ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق سورىماڭلار][4].

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- بىرقەۋم بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گۆشنى بوغۇزلىغاندا: بىسمىللاھ! ـ دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىنى بىلمەيمىز، ـ دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەر: بىسمىللاھ دەپ يەۋېرىڭلار، ـ دەپ جاۋاب بەردى[5].

ئىمام ئىبنى ھەزم بۇ ھەدىستىن: «ئۇزۇمنى يەڭ، ساپىقىنى سورىماڭ» دېگەن قائىدىنى خۇلاسىلەپ چىققان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر ھەمراھى

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەت.

[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە مائىدە، 101 – ئايەت.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بىلەن بىللە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۆمەرنىڭ ئۈستىگە نودىن سۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ ھەمراھى نونىڭ ئىگىسىدىن:

- سۇيۇڭ پاكىزمۇ ياكى پاسكىنىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال:

- ھەي نونىڭ ئىگىسى، بۇنى بىزگە دەپ بەرمە، بىز بۇنداق زورۇقۇشتىن توسۇلغانمىز، - دېدى.

مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم نامازدا ياكى مەسجىدتە تۇرغاندا، تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەندەك سېزىم بولۇپ قالىدىكەن. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم ئاۋازنى ئاڭلىغانغا ياكى پۇراقنى پۇرىغانغا قەدەر قايتىپ كەتمىسۇن!» دېگەن. بۇ ھەدىستىن ئالىملار مۇنداق قائىدىنى ئالغان: «جەزمىيەت شەك بىلەن يوقالمايدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي چاقىرغان چايغا بارغان، ئۇنىڭ تائامىنى يېگەن. ئەمما: «ئۇنىڭ تائامى ھالالمۇ ياكى ھالال ئەمەسمۇ؟ قاچىسى پاكىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟» دەپ سوراپ باقمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى كاپىرلار توقۇغان كىيىملەرنى كىيگەن، قاچىلارنى ئىشلەتكەن، ئۇرۇشتا غەنىمەتكە چۈشكەن قاچا - قۇچىلارنى، كىيىم - كېچەكلەرنى تەقسىم قىلىشقان ۋە ئىشلەتكەن. مۇشرىك ئايالنىڭ تۇلۇمدىكى سۇنى ئىشلەتكەن.

بەزىلەر تۆۋەندىكى سەھىھ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، بۇ مەسىلىدە چىڭ يول تۇتىدۇ: چوشقا گۆشى يەيدىغان، ھاراق ئىچىدىغان ئەھلى كىتابنىڭ قاچىلىرى توغرىسىدا سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇندق دېگەن: «ناۋادا ئۇنىڭدىن باشقا قاچا تاپالمىساڭلار، ئۇنى سۇ بىلەن يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا تائام يەڭلار»[1].

ئىمام ئەھمەد شۈبھىنى ساپ ھالال بىلەن ساپ ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسە دەپ چۈشەندۈرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: شۈبھىدىن ساقلانغان ئادەم دىنىنى پاك ساقلىيالايدۇ. ئىمام ئەھمەد شۈبھىنى ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلاشمىسى دەپمۇ چۈشەندۈرگەن.

ئەللامە ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: بۇنىڭدىن مىلىدا ھالال - ھارام ئارىلاش كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھۆكمى شاخلاپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىلىنىڭ كۆپرەكى ھارام بولسا، ئىمام ئەھمەدنىڭ دېيىشىچە: بەك ئاز نەرسە بولسا ياكى بىلگىلى بولمىسا مەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىز ئۇنىڭ ھاراملىقى ياكى مەكرۇھلىقىدا بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ مىلىنىڭ كۆپرەكى ھالال بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش ۋە ئۇنىڭ مىلىدىن يېيىش جايىزدۇر. ھارىس ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پادىشاھلارنىڭ تارتۇقلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: ئۇنى ئالساڭلار بولىدۇ، پادىشاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نەرسىلىرىدە ھارامدىن ھالال كۆپرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئەھلى كىتابنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ ھارامدىن تولۇق قاچمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلار بىلەن

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇئامىلە قىلىشاتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ مېلىدىكى ھالال بىلەن ھارامنىڭ نىسبىتىنى بىلگىلى بولمىسا، شۈبھە دېگەن شۇ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش پەرھىزكارلىقتۇر. سۇفيان: ئۇنى تەرك ئەتكىنى ياخشىراق، - دەيدۇ. زۆھرىي ۋە مەكھۇل مۇنداق دەيدۇ: ھارام ئۆز ئەينى بىلەن بىلىنمىسە، ئۇنىڭدىن يېيىشكە بولىدۇ؛ بىر مالدا ھارامنى ئۆز ئەينى بىلەن بىلگىلى بولمىسا، لېكىن ئۇنىڭدا شۈبھە بارلىقى ئېنىق بولسا، ئۇنىڭدىن يېيىشكە بولىدۇ. ھەنبەلىنىڭ رىۋايىتىدە ئىمام ئەھمەد شۇنداق دېگەن ئىكەن. ئىبنى مەسئۇد، سەلمان قاتارلىق ساھابىلەر ئۇنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. ھەسەن ۋە ئىبنى سىيرىن: جازانە ۋە قىماردىن تۆلەنگەن قەرزنى ئېلىش دۇرۇس، - دېدى. ئىسھاق ئىبنى راھەۋى بۇ قاراشنى قوللىدى.

ئىمام ئەھمەد ھالال ـ ھاراملىقىدا شۈبھە بار مال توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر مال كۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن ھارام قىسمى چىقىرىۋېتىلىپ، قالغان قىسمى تەسەررۇپ قىلىنىدۇ؛ ئەگەر مال ئاز بولسا، ئۇنىڭغا زادىلا يېقىن كېلىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئاز مالدىن بىر نەرسە ئالغاندا ھارامدىن ساقلىنىش تەس، ئەمما كۆپ مال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇستازلىرىمىزنىڭ بەزىسى ئىمام ئەھمەدنىڭ بۇ سۆزىنى پەرھىزكارلىققا قارىتىپ، ھاراملىققا قاراتماي، ئاز مالدىمۇ، كۆپ مالدىمۇ ئۇنىڭ ھارام قىسمى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، تەسەررۇپ قىلىش دۇرۇس دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر شۇنداق قارايدۇ. بىر تۈركۈم پەرھىزكارلار، جۈملىدىن بىشرۇلھافىي شۇ قاراشنى تۇتىدۇ.

بىر تۈركۈم سەلەپلەر مادامىكى ھارامنىڭ ئۆز ئەينى بىلىنمىسە، مېلىغا ھارام ئارىلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ قولىدىن تائام يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. مەكھۇلنىڭ، زۆھرىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. فۇزەيل ئىبنى ئىيازنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە سەلەپلەرنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرى بار.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

- بىر ئادەمنىڭ ئاشكارا جازانىخورلۇق قىلىدىغان، ھارام مالدىن قاچمايدىغان خوشنىسى بار ئىكەن، خوشنىسى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىدىكەن، قانداق قىلىدۇ؟ - دەپ سورالغاندا، ئىبنى مەسئۇد:

- ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىڭلار! ھاللىق سىلەرنىڭ، ھارىمى ئۇنىڭ، - دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە سوئال سورىغۇچى:

- ئۇنىڭ ھالال مېلى بارلىقىنى زادىلا بىلمەيمەن، - دېگەندىمۇ، ئىبنى مەسئۇد:

- ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىڭلار، - دېگەن. ئىمام ئەھمەد ئىبنى مەسئۇدتىن قىلىنغان بۇ بايانىنى سەھىھ دېگەن. لېكىن ئىمام ئەھمەد بۇ بايانغا ئىبنى مەسئۇدنىڭ: «كۆڭۈلنى تاتىلىغان نەرسە ـ گۇناھتۇر» دېگەن سۆزى بىلەن تاقابىل تۇرغان.

ھەر ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، كۆپلىگەن كىشىلەر ھالال ـ ھاراملىقىنى ئېنىق ئۇقالمايدىغان شۈبھىلىك ئىشلارنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى بەزى ئادەملەر ئىلمى زىيادە

بولغانلىقتىن ئېنىق بىلەلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمەيدۇ» دېگەن سۆزى: كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ، ئاز كىشىلەر بىلىدۇ، ـ دېگەنگە دالالەت قىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئادەم شۈبھىلىك ئىشلارنى بىلمەيدۇ:

بىرى، شۈبھىلىك ئىشلاردىكى توغرا ـ خاتانى ئايرىيالماي توختاپ تۇرغانلار.

ئىككىنچىسى، شۈبھىلىك ئىشلارنى خاتا تونۇپ قالغانلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى سۆزى: شۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقىلار شۈبھىلىك ئىشلاردا ھالال ـ ھارامنى ئېنىق بىلەلەيدۇ، ـ دېگەنگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق دەلىلكى، ھالال ـ ھاراملىقىدا شۈبھە بار، ئىختىلاپ بار ئىشلاردا اللهنىڭ نەزىرىدىكى توغرا ھۆكۈمنى تاپالايدىغىنى پەقەت بىرلا تەرەپتۇر. قارشى تەرەپتىكىلەر گەرچە گۇمانىي دەلىللەر ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلىپ ئەجىرگە ئېرىشسىمۇ، ئەمما ئۇلار اللهنىڭ نەزىرىدىكى توغرا ھۆكۈمنى تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقى قەستەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىنىدۇ.

«شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغانلار دىنىنى ۋە ئابرويىنى پاك ساقلىيالايدۇ، شۈبھىلەرگە چۈشكەن كىشى ھاراملارغا چۈشۈپ قالىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى شۈبھىلىك ئىشلاردا توغرا ـ خاتانى بىلەلمىگەن كىشىلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىدى. ئەمما، شۈبھىلىك ئىشلاردا توغرا ـ خاتانى بىلەلىگەنلەر ئۈچىنچى بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ھۆكمى ئاشكارا بولغاچقا بۇ ھەدىستە سۆزلەنمىدى. بىلەلىگەنلەر كىشىلەرگە شۈبھىلىك بولغان ئىشلاردا اللهنىڭ ھۆكمىنى بىلەلىگەنلىكى ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل يول تۇتقانلاردۇر.

شۈبھىلىك ئىشلاردا اللهنىڭ ھۆكمىنى بىلەلمىگەنلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى تۈردىكىلەر، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئابرويىنى پاك ساقلاشنى ئىستىگەنلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەدىستە ماختالدى. بۇنىڭدا ئابرويىنى ساقلاشنىڭمۇ قەرزىدىن ساقلانغانغا ئوخشاش ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. شۇڭا: «ئابرويىنى ساقلاش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل سەدىقە» دېگەن گەپ بار.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر، شۈبھىلىك ئىشلارنى توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماي قىلىدىغانلاردۇر. ئەمما خەق شۈبھە دەپ قارىغان ئىشتا ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھالاللىقىنى بىلىپ ئۇنى قىلسا، اللهنىڭ ئالدىدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە، ئابرويىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى قىلمىغان ياخشى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆھمەتكە قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەفىيە بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرگە: «بۇ، مېنىڭ ئايالىم سەفىيە بولىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش ئىش بولىدۇ[1]. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمەگە چىقسا، كىشىلەر جۈمە ئوقۇپ يانغان ئىكەن، ئۇ خىجىل بولۇپ ئادەم كۆرمەيدىغان بىر يەرگە كىرىۋالغان ۋە مۇنداق دېگەن: ئىنسانلاردىن ھايا قىلمىغان كىشى اللهتىنمۇ ھايا قىلمايدۇ.

شۈبھىلىك ئىشنى ئۆلچەملىك ئىجتىھاد بىلەن ياكى ئۆلچەملىك تەقلىد بىلەن ھالال بىلىپ

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلسا، ئۇنىڭ تونۇشى ئەمەلىيەتتە خاتا چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما، ئىجتىھاد ئۆلچەمسىز بولسا ياكى تەقلىد ئۆلچەمسىز بولسا، ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىپلا شۈبھىلىك ئىشنى قىلغان بولسا، ھەدىستە قامچىلانغان شۈبھىلىك ئىش قىلغۇچى قاتارىدا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستە: «شۈبھىلىك ئىشنى قىلغان كىشى ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېگىنىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىسى: شۈبھىلىك ئىشنى شۈبھە دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ قىلىش تەدرىجى ھالدا ئوچۇق ھارامنى قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەزكۇر ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق كەلگەن: «ئۆزى شۈبھىلەنگەن گۇناھنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەم ئوچۇق گۇناھنى قىلىشقا يېقىنلاپ قالىدۇ».

ئىككىنچىسى: بىر ئىشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ قىلغان ئادەم ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا ئەمەلىيەتتە ھارامنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن.

ئۇلۇغ الله بۇ ھاراملارنى چېگرا بىلەن ئايرىدى، بەندىلەرنى چېگراغا يېقىنلىشىشتىن توستى. چېگرا ئەتراپىدا پادا باققان كىشى ئۆز پادىسىنىڭ چېگرا سىزىقىغا دەسسەپ قېلىشىدىن ساقلىنالمىغاندەك، ھالالدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شۈبھىلىك ئىشنى قىلغان ئادەم ھارامغا ناھايىتىمۇ يېقىنلاپ قالىدۇ. بۇنداق يېقىنلاپ قالغاندا قىپقىزىل ھارامنى قىلىپ سېلىشى تۇرغان گەپ! شۇڭا ھارام ئىشتىن ساقلىنىپ، ھارام بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا بىر توساق قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندە ھېچقانداق شۈبھە يوق ئىشنى شۈبھە بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تەرك ئەتمىگىچە تەقۋالىق ماقامىغا يېتەلمەيدۇ». ئەبۇ دەردا مۇنداق دېگەن: بەندە ھەممە ئىشتا، ھەتتا زەررىچىلىك ئىشلاردىمۇ اللهتىن قورققاندىلا، ھالال دەپ قارىغان بەزى ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭ ھارام بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تەرك ئەتكەندىلا، ئۆزى بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىغا بىر پەردە تارتقاندىلا ئاندىن ئۇ كامىل تەقۋا بولغان بولىدۇ.

ھەسەن مۇنداق دېگەن: تەقۋادارلىقتىن ئايرىلمىغان مۇتتەقىيلەر نۇرغۇن ھالالنى ھارام بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تەرك ئەتكەن.

سەۋرىي مۇنداق دېگەن: تەقۋادارلارنىڭ ‹تەقۋادار› (ساقلانغۇچى) دەپ ئاتىلىشى ئۇلارنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان نەرسىلەردىنمۇ ساقلانغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: مەن ئۆزۈم بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالالدىن تارتىلغان پەردىنى يىرتماي ساقلىسامكەن دەيمەن.

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم ئۆزى بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھالالدىن پەردە تارتمىغىچە ھالال ساق قالمايدۇ.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: بەندە ئۆزى بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھالالدىن پەردە تارتمىسا، گۇناھ ۋە شۈبھىلەرنى تەرك ئەتمىسە، ئۇ ھەقىقى ئىمانغا ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلىدە ھەممە ئادەمگە ئۆزىنىڭ دەرىجىسىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

هاراملارغا غەرق بولغان، گۇناھى كەبىر قىلىۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ شۇبھىلىك ئىشلىرى بىلەن ھەپىلەشمەسلىك كېرەك. شۇبھىلىك ئىشلارنى ئۇزىنىڭ شەرىئەتتىكى دەرىجىسىدىن ھالقىتىپ، ئوچۇق ياكى كەسكىن هاراملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. شەرىئەتنى يولغا قويغۇچى زات نەتىجە ئېتىبارى بىلەن پەرقلىق قىلغان شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ دەرىجە پەرقىنى يوق قىلىۋېتىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## مەكرۇھ ئىشلار

الله توسقان ئىشلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكى مەكرۇھ تەنزىھىدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، مەكرۇھ: مەكرۇھ تەھرىيمى ۋە مەكرۇھ تەنزىيھى دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. هارامغا يېقىنراق بولغىنى مەكرۇھ تەھرىيمى، ھالالغا يېقىنراق بولغىنى مەكرۇھ تەنزىھىدۇر. مەكرۇھ دېگەن سۆزنى قەيتسىز ئىشلەتكەندە، مەكرۇھ تەنزىيھى مەقسەت قىلىنىدۇ.

مەكرۇھنىڭ مىسالى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇردۇر. ئىمام نەۋەۋىينىڭ «ياخشىلار باغچىسى» ناملىق بىر كىتابىنى ئوقۇغان كىشىگە مەكرۇھنىڭ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن مىساللىرى ئۇچرايدۇ: يۆلىنىپ تاماق يېيىش مەكرۇھ، تولۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ قاچىلىرىدىن بىۋاستە سۇ ئىچىش مەكرۇھ، پۈۋلەپ ئىچىش مەكرۇھ، ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىش مەكرۇھ، ئەۋرەتنى ئوڭ قول بىلەن ئۆزرىسىز تۇتۇش مەكرۇھ، يەكپاي ئاياغ بىلەن مېڭىش مەكرۇھ، مەسجىددە جېدەل قىلىش، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەش مەكرۇھ، جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا پەللىكىنى يەرگە چاپلاپ چاتىرقىنى كېرىپ ئولتۇرۇش مەكرۇھ، تەپ كېسىلىنى تىللاش مەكرۇھ، خورازنى تىللاش مەكرۇھ، سۆز قىلغاندا ئېغىزىغا توشقۇزۇپ ئېلىپ قايرىپ سۆزلەش مەكرۇھ، دۇئا قىلغاندا: ئى الله! خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلارسەن، - دېيىش مەكرۇھ، الله خالىسا ۋە پالانىمۇ خالىسا، - دېيىش مەكرۇھ، خۇپتەندىن كېيىن پاراڭ سېلىش مەكرۇھ، تاماق پىشقاندا ناماز ئوقۇش مەكرۇھ، جۈمە كۈننى روزا تۇتۇشقا، جۈمە كېچىسىنى قىيام قىلىشقا خاس قىلىۋېلىش مەكرۇھ، خۇشپۇراقنى ئۆزرىسىز رەت قىلىش مەكرۇھ...

مەكرۇھنى تەرك ئەتسە ساۋاب بولىدۇ. قىلىپ سالسا، گۇناھ بولمايدۇ. مەكرۇھى تەنزىھىنى قىلغان ئادەمگە جازا كەلمەيدۇ. ئەمما مەكرۇھنى قىلسىمۇ كايىشقا ئۇچرايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلەرگە، بولۇپمۇ ئۈلاردىن مەكرۇھنى قايتا - قايتا سادىر قىلغانلارغا كايىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا قاتتىق گۇناھ ئارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكىچە گۇناھ ئارتقىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەڭ مۇھىمى كىشىلەر ئوچۇق هاراملارنى قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى مەكرۇھ جېڭى بىلەن كاشىلا قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

# توققۇزىنچى باب

# ئىسلاھات ساھەسىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك

## تۇرمۇم ئۆزگەرتىشتىن ئاۋۋال ئىدىيە ئۆزگەرتىش كېرەك

ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شەخس قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، تۇرمۇم ۋە تۇزۇلمە ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئىسلاھات ساھەسىدە ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئەڭ ياخشىسى قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى ئىبارىسىگە قارايلى: [إِنَّ اللهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ] [ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ][1].

دېمەك، ھەر قانداق ئىسلاھات، ئۆزگەرتىش ياكى ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى شەخستىن باشلىنىدۇ. شەخس ھەرقانداق ئىجتىمائىي بىنانىڭ ئاساسىدۇر. ئۇل مۇستەھكەم بولمىغاندا، كېسەكلەر پىششىق، چىڭ بولمىغاندا، ساغلام، مۇستەھكەم بىنا بەرپا قىلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

شەخس جەمئىيەت بىناسىنىڭ ئۇلتېشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخس قۇرۇلۇشى ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈر مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەقىقىي مۇسۇلمان شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى مۇكەممەل ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەش يەنى ئىدىيە ئۆزگەرتىش باشقا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ياراملىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى ۋە ۋارىسلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

شەخس قۇرۇلۇشى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىمان قۇرۇلۇشىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىگە ساغلام ئېتىقاد كۆچەتى تىكىشتىن باشلىنىدۇ. ئېتىقاد ئۇنىڭدا ئالەم ۋە ئادەم، ھاياتلىق، ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىسى ھەققىدە توغرا قاراش تىكلەيدۇ؛ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ باشلىنىشىنى، ئاخىرلىشىشىنى ۋە ۋەزىپىسىنى تونۇتىدۇ؛ دىنسىزلارنى گاڭگىرىتىدىغان مۇنۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ: مەن كىم؟ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟ نېمە ئۈچۈن يارالدىم؟ ھايات نېمە؟ ئۆلۈم نېمە؟ ھاياتلىقتا كېلىشتىن بۇرۇن قانداق ئىدىم؟ ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىمەن؟ ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن باشلاپ بېشىمغا ئۆلۈم كەلگىچە بۇ پىلانېتىدا مېنىڭ ۋەزىپەم نېمە؟

پەقەت ئىمانلا كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ چوڭ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ،

[1] سۇرە رەئد، 11 – ئايەت.

هاياتلىققا نىشان بەلگىلىيەلەيدۇ، مەنە ۋە قىممەت بېرەلەيدۇ. ئىنسان ئىمان بولمىغاندا بۇ ۋۇجۇد ئالەمدە نىشانسىز ئۇچۇپ يۈرگەن چاڭ ـ توزانلارغا ياكى ئەرزىمەس بىر زەررىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ چوڭ كائىنات ئالدىدا ئۇ ھەجىم جەھەتتىن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ئۇزۇنغا سوزۇلغان گېئولوگىيىلىك زامانلار ۋە چەكسىز كەلگۈسى دەۋرلەر ئالدىدا ئۇ ئۆمۈر جەھەتتىن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئىنسانلار گەرچە ئىلىم ـ پەنگە، ئىرادىگە ۋە تەرەققىي قىلغان پەن ـ تېخنىكىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىۋاتقان يەر تەۋرەش، يانار تاغ، بوران، ۋەيران قىلغۇچى ۋە جان ئالغۇچى تاشقىنلار قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئالدىدا بىقۇۋۋەل، كۈچسىز ۋە ئامالسىز.

پەقەت ئىمانلا دائىملىق نىجاتلىق قولۋىقىدۇر. ئىمان ئارقىلىق ئىنساننى ئىچىدىن ئۆزگەرتكىلى، ئۇنى تېگى ـ تېگىدىن ئۇيغىتىشقىلى بولىدۇ. ئادەم دېگەننى ھايۋانلارنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ماڭغىلى، تۆمۈر ـ مېتاللاردىن ئۈسكۈنە ـ سايمانلارنى ياسىغاندەك ياسىۋالغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەقلى ۋە قەلبى ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ قايىل قىلىنسا قايىل بولىدۇ، ھىدايەتكە باشلانسا، ھىدايەت تاپىدۇ، قىززىقتۇرۇلسا ۋە قورقۇتۇلسا، قىزىقىدۇ ۋە قورقىدۇ. ئىمان ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇنىڭدا ئىمانسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغان ناھايىتى زور ئېنېرگىيىلەرنى پەيدا قىلالايدۇ ۋە بەلكى ئۇنى يېڭى روھ، يېڭى ئەقىل، يېڭى ئىرادە ۋە يېڭى پەلسەپە بىلەن يېڭى مەخلۇق قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ. پىرئەۋننىڭ سېھرىگەرلىرى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن شۇنداق بولغان، پىرئەۋننىڭ زوراۋانلىقىغا تىز پۈكمىگەن، ئۇنىڭغا قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ مەغرۇرانە ھالدا مۇنداق دېيەلىگەن: [فَاقْضِ مَا أَنتَ قَاضٍ إِنَّمَا تَقْضِي هَذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا] [(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ][1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا ـــ بۇتقا چوقۇنۇشتىن، قوي بېقىشتىن ئۈممەتلەرنى تەربىيىلەشكە، ئىنسانلارنى ﷲنىڭ ھىدايىتىگە يېتەكلەشكە، زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىشقا يۈكسەلدۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرغان 13 يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ۋە خىزمىتىنى ـ تەبلىغ ۋە دەۋىتىنى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى ئىمانىي خىسلەتلەر بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا قاراتقان. ئەنە شۇ يىللاردا جەمئىيەتكە تۈزۈم تۇرغۇزىدىغان، ئائىلىۋىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، قانۇننىڭ سىرتىغا چىققانلارنى جازالايدىغان شەرئىي قانۇنلار نازىل بولمىغان، بەلكى قۇرئاننىڭ خىزمىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتى بىر ئەۋلاد ساھابىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش، تەربىيىلەش ۋە يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ جەھەتتە ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەمنىڭ ئۆيى ناھايىتى ياخشى رول ئوينىغان. ﷲنىڭ كىتابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ پارچە ـ پارچە نازىل بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] سۈرە تاھا، 72 – ئايەت.

ئۇنى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ تۇرغان، مۇشرىكلارنىڭ سوئاللىرىغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيە ـ مەيدانىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرغان. بۇ مۆئمىنلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنزِيلاً] [قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق][1]؛ [وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ الْقُرْآنُ جُمْلَةً وَاحِدَةً كَذَلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهِ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلًا وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ إِلَّا جِئْنَاكَ بِالْحَقِّ وَأَحْسَنَ تَفْسِيرًا] [كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلدۇق. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق][2].

بىز ھازىر ئۆز ھالىمىزنى ئىسلاھ قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ھەممىدىن ئاۋۋال توغرا باشلىنىش نۇقتىسى تېپىشىمىز كېرەك. شەكلەن ئەمەس، ھەقىقەتەن ئادىمىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىش توغرا باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. بىز ئادەملەرنى ئەقلىي، روھىي، جىسمانىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەڭ يېتىشتۈرىشىمىز؛ ھېچقايسى تەرەپنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز ۋە كەم قويماسلىقىمىز كېرەك. ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن، روھىنى ئىبادەت بىلەن، جىسمانىيىتىنى تەنتەربىيە بىلەن، ئەخلاقىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ھەربىي جەھەتتە غورىگۈل تۇرمۇش بىلەن چېنىقتۇرۇپ، ئىجتىمائىيەتكە قاتناشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئاڭلىقلاشتۇرۇپ، دىنىي ۋە دۇنيالىق جەھەتتىن تەڭ يېتىلدۈرۈپ، ئۆزى توغرا يولدا ماڭىدىغان، ئۆزگىلەرنى توغرا يولغا سالالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى الله سۈرە ئەسىردە بايان قىلغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ زىيانكارلىقىدىن قۇتۇلغۇچىلاردىن قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك: [وَالْعَصْرِ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ] [زامان بىلەن قەسەمكى ،ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر][3].

ئومۇمىي دۇنيا قاراش، روشەن ھاياتلىق پەلسەپىسى، مۇكەممەل بىر ھازارەت پىلان ـ لايىھىسى بولغاندىلا؛ پۈتۈن ئۇممەت ئۇنىڭغا ئىشەنگەندىلا؛ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئۇنىڭغا چىن پۈتىدىغان، ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش كۆرىدىغان، ئۇنىڭ يوليورۇقى بويىچە ماڭىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەندىلا؛

[1] سۈرە ئىسرا، 106 – ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان، 32 – دىن 34 – ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ئەسىر.

بۇنىڭغا ھەممە ئورگان ـــ مەكتەپ، مەسجىد، گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزور ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندىلا؛ بىرسى ئالدىغا تارتسا، يەنە بىرسى ئارقىغا تارتمىغاندىلا؛ بىرسى قۇرسا، يەنە بىرسى چاقمىغاندىلا، ئاندىن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولاتتى. لېكىن بىز ھازىر قەدىمكى بىر شائىر ئېيتقاندەك ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز:

سەن قۇرساڭ، ئۇ ئۆرسە جايىغا،
قاچان پۈتۈپ بىنا يېتەر ۋايىغا!

## تەربىيە جىھادىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئىسلاھات باشلامچىلىرى بۇ كۈنلەردە تەربىيەنى جىھادنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش زۆرۈر دەپ تەشەببۇس قىلماقتا.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تەربىيە دەۋەتنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ۋە ئىسلام ئەلچىلىكىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، مالنىمۇ ۋە جاننىمۇ ئايىمايدىغان، الله يولىدا يەتكەن مۇسىبەتلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىنىڭ قىممەتقاراشلىرىنى ۋە ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈلگە بولۇپ كىشىلەرگە ئىسلامنى جانلىق ھالەتتە ھېس قىلدۇرالايدىغان، ئىمانلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش كېرەك. يېڭى بىر دىنغا ياكى يېڭى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان يېڭى بىر ئۈممەتكە ئۇل سالماقچى بولغاندا، دىن ئاجىزلاشقاندا، ئۈممەت بوشاشقاندا، دىننى يېڭىلاشقا، ئۈممەتنى جانلاندۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئىسلاھات ۋە يېڭىلاش ئۈچۈن زۆرۈر بىر باشلىنىش نۇقتىسى كېرەك بولغاندا، يەنى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ ئۈممەتكە سەركە ـ باشلامچى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك.

ئىسلاھات ۋە ئۆيغىنىش بايرىقىنى كۆتۈرۈش سالاھىيىتى ھازىرلىغان، ھەقىقىي ئىمانلىق بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق كۈرەشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئالدىدا ئورۇندىلىپ بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن 13 يىل داۋامىدا مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئەنە شۇنداق باشلامچى سەركىلەرنى ئىمانىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۈلگە بولغان: [لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ الله أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ] [سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر][①].

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر تۈپكى ئېتىقادلارنى مۇستەھكەملەش، تۈپكى گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساغلام ۋە توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى يېلتىز تارتقۇزۇش،

---

[①] سۈرە ئەھزاب، 21 – ئايەت.

جاھىلىيەت ئېتىقادلىرىنى تازىلاش، ئىدىيىۋى ۋە ئەمەلىي رەزىللىكلەرنى يىلتىزىدىن يوقىتىش، ئىنسانىنى پەرۋەردىگارىغا ئۆزۈلمىگىدەك رىشتە بىلەن باغلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان ئىدى.

قۇرئانىنىڭ دەسلەپتە نازىل بولغان ئايەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولغان سۈرە مۇززەممىلدە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: [يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ قُمِ اللَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا نِصْفَهُ أَوِ انقُصْ مِنْهُ قَلِيلًا أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا] [ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىنىڭ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن. قۇرئانىنى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئانىنى نازىل قىلىمىز][1].

قۇرئانىنىڭ ئۇلارنى ئەنە شۇنداق كېچە ـ كۈندۈز تەربىيىلىشى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئېغىر سۆز يەنى ئېغىر بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىدى. قۇرئان ئايەتلىرى مۇشۇ رەۋىشتە نازىل بولۇپ تۇردى، ئەقىدە ۋە چۈشەنچە كۆچەتلىرىنى تىكىپ، قىممەتقاراش ۋە پەزىلەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ تۇردى، ئەقىل ۋە قەلبلەرنى جاھىلىيەتنىڭ نىجىسلىرىدىن پاكلاپ، سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، بەل قويۇۋەتمەسلىك، ھەققە ياردەم بېرىشتە ۋە ناھەققە قارشى تۇرۇشتا پىداكار بولۇش، ئەقىل ـ كاللىلارنى ئاتا ـ بوۋىلارغا ياكى خوجايىن ـ چوڭلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن تازىلاش قاتارلىق ئىمانىي خىسلەتلەر ۋە ئىمانىي تەلەپلەر بىلەن تەربىيەلەپ تۇردى. مۇشۇ تەربىيە پۈتكىچە قوراللىق كۈرەشكە، مۇشرىكلارغا ۋە تاغۇتقا چوقۇنغۇچىلار بىلەن قانلىق ئېلىشىشقا بۇيرۇيدىغان بىرمۇ ئايەت نازىل بولمىدى. ساھابىلەرنىڭ بىرسى تاياق يېگەن، بىرسى يارىلانغان، يەنە بىرىنىڭ باش ـ كۆزى قانغا بويالغان. ئۇلار شۇ ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا دەرت ئېيتىپ كېلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرئانىنىڭ مۇنۇ ھۆكمىنى ئېيتقان: [كُفُّواْ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ] [(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار][2].

بۇ، جىھادنى كىچىك كۆرگەنلىك ئەمەس، چۈنكى جىھاد ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. لېكىن بىز ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز، بۇ يەردە ئاۋۋال تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. تەلىم ـ تەربىيە ياخشى ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئاندىن جىھادنىڭ ۋاقتى كەلگەندە جانىنى پىدا قىلالايدىغانلار يېتىشىپ چىقىدۇ. اللە تائالا سۈرە مۇززەممىلدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرْضَى وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ] [اللە بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر اللەنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ][3].

[1] سۈرە مۇززەممىل، 1 – دىن 5 – ئايەتكىچە.

[2] سۈرە نىسا، 77 – ئايەت.

[3] سۈرە مۇززەممىل، 21 – ئايەت.

بىز تەربىيەنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ دەۋاتقان جىھاد پەقەت قوراللىق جىھادتۇر. ئەمما، دەۋەت بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد ياكى قۇرئان بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد بىرىنچى كۈنىلا باشلىنىشى ۋە مەۋجۇد بولۇشى كېرەك. اللہ تائالا سۈرە فۇرقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: [**فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُم بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا**] [كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن][1].

شۇنىڭدەك، سەۋر قىلىش، بەل قويۇۋەتمەسلىك، دەۋەت يولىدا كەلگەن ئازار ـ كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈش بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد ھەم كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. اللہ سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ ئاۋۋالقى ئايەتلىرىدە بۇ جىھادنى كۆككە كۆتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: [**أَحَسِبَ النَّاسُ أَن يُتْرَكُوا أَن يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ مَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ اللهِ فَإِنَّ أَجَلَ اللهِ لَآتٍ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ وَمَن جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللهَ لَغَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ**] [ئىنسانلار: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، ـ دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اللہ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ... كىمكى اللہقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) اللہنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، اللہ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، اللہ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر][2].

بىز دەۋاتقان تەربىيە جىھادىنىڭ مۇشۇ تۈرىگە تەۋە.

ئىمام ئىبنى قەييىم: «**زاد المعاد**» (ئاخىرەت ئوزۇقى) دېگەن كىتابىدا جىھادنىڭ 13 دەرىجە بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن تۆت دەرىجە نەپس بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە، ئىككى دەرىجە شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە، ئۈچ دەرىجە بىدئەتچىلەر ۋە يامان ئىش قىلغانلار بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد ھەققىدە، تۆت دەرىجە كۇففارلار بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدە، جىھادنىڭ قەلب، تىل ۋە مال بىلەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەن. بىز كېچىكتۈرىمىز دەۋاتقىنىمىز شۇ 13 خىل جىھادنىڭ پەقەت قوراللىق قىسمىدۇر. اللہ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرگۈچى ئالدىدا ھەق سۆزلەش، مەسىلەن، زوراۋانلىق قىلىشىدىن ۋە ئازار يەتكۈزۈشىدىن قورققان ئادەمنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزلەش ئەڭ ئەۋزەل جىھادتۇر. پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا اللہنىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن) بۇ خىل جىھادتىن تولۇق نېسىۋە ئالغان. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ جىھادنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان.

اللہنىڭ رېئال دۇنيادىكى دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلىش بەندىنىڭ ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد

[1] سۈرە فۇرقان، 52 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 2 – دىن 6 – ئايەتكىچە.

قىلىشنىڭ سەمەرىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي مۇجاھىد ئۆز نەپسى بىلەن اللهقا ئىتائەت قىلىش بارىسىدا جىھاد قىلغان كىشىدۇر، ھەقىقىي مۇھاجىر الله توسقان ئىشنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر» [1]. شۇ ۋەجىدىن رېئال دۇنيادىكى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش كېرەك. شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ، كۈرەش قىلىپ، نەپسىنى بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلغۇزالمىغان، توسۇلغان ئىشلاردىن ياندۇرالمىغان ئادەمنىڭ رېئال دۇنيادىكى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ دۈشمەن بىلەن قانداقمۇ جىھاد قىلالىسۇن؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى دۈشمەن ئۇنى باشقۇرۇپ ۋە كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتسا، ئۇ بۇ دۈشمەن بىلەن ئېلىشمىغان ۋە كۈرەش قىلمىغان تۇرسا!... راست، ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلمىغىچە دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

نەپسمۇ دۈشمەن، اللهنىڭ دۈشمىنىمۇ دۈشمەن، بەندە بۇ ئىككى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن سىنالدى. ئۇ بۇ ئىككى دۈشمەننىڭ قېشىغا بارغىچە ئۈچىنچى بىر دۈشمەنگە يولۇقىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلماي تۇرۇپ، مەزكۇر ئىككى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلالمايدۇ. ئۈچىنچى دۈشمەن بەندىنى ئىككى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىن يالتايتىدۇ، بوشاشتۇرىدۇ ۋە قورقۇتىدۇ؛ ئۇ ئىككى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، نېسىۋىلەرنى تەرك ئېتىشنى، راھەت ـ پاراغەتلەردىن مەھرۇم بولۇشنى بەندىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالىدۇ. بەندە بۇ ئۈچىنچى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلماي تۇرۇپ ئاشۇ ئىككى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلالمايدۇ. دېمەك، ئۈچىنچى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىش ئۇ ئىككى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ يىلتىزىدۇر. ئۈچىنچى دۈشمەن شەيتاندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [**إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا**] [شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار] [2].

دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇش پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ بوشاشمايدىغان دۈشمەن بولۇپ، بەندە بىلەن ھەر تىنىقتا توختىماي قارشىلىشىدۇ.

بەندە ئەنە شۇ ئۈچ دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا ۋە كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇلدى، بۇ بۇيرۇق بىلەن سىنالدى. بۇ ئۈچ دۈشمەن بەندىگە سىناق ۋە ئىمتىھان ئۈچۈن مۇسەللەت قىلىندى... الله ئۆزىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى دوست تۇتىدىغانلارنى شەيتاننى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى دوست تۇتىدىغانلاردىن ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن بۇ كۈرەش سىنىقىنى ئورۇنلاشتۇردى. مۆئمىنلەرنى خۇددى اللهتىن لايىقىدا قورقۇشقا بۇيرىغاندەك، الله ئۇچۈن لايىقىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرىدى. اللهقا ئىتائەت قىلىسا، ئاسىي بولمىسا؛ اللهنى ياد ئەتسە، ئۇنتۇپ قالمىسا؛ شۈكرى قىلسا، تۇزكورلۇق قىلمىسا، اللهتىن لايىقىدا قورققان بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بەندە ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىپ، قەلبىنى،

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە فاتىر، 6 – ئايەت.

تىلىنى ۋە ھەرىكىتىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرسا؛ بارلىقىنى ئۆزىگە ئەمەس، ئاللاھقا بېغىشلىسا؛ شەيتاننىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەي، بۇيرىغىنىنى قىلماي، توسقىنىنى قىلىپ، شەيتان بىلەن كۈرەش قىلسا؛ شەيتاننىڭ قۇرۇق ۋەدىلىرىگە، ئالداشلىرىغا ئىشەنمەي، قورقۇتۇشلىرىدىن قورقماي، تەقۋالىقتىن، ھىدايەتتىن، ئىپپەتلىك، سەۋرلىك بولۇشتىن ـ بارلىق ئىمانىي ئەخلاقلاردىن توسۇشلىرىغا ئۇنىمىسا؛ شەيتان ۋە نەپسى بىلەن ئەنە شۇنداق جىھاد قىلسا؛ بۇ ئىككى جىھادتىن پەيدا بولغان كۈچ بىلەن ئاللاھنىڭ رېئال دۇنيادىكى دۈشمىنى بىلەن جىھاد قىلسا؛ قەلبىدىمۇ، تىلىدىمۇ، قولىدىمۇ، مېلىدىمۇ ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن تىرىشسا، ئاللاھ ئۈچۈن لايىقىدا جىھاد قىلغان بولىدۇ.

بۇ جىھاد نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش، كۇففارلار بىلەن جىھاد قىلىش ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بولىدۇ.

نەپس بىلەن جىھاد قىلىش ھەم تۆت باسقۇچ بولىدۇ:

1 – باسقۇچ، نەپس بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۇنى ھىدايەت ۋە ھەق دىنىنى ئۆگىنىشكە كۆندۈرۈش. ھەق دىنىنى ئۆگەنمىگەن نەپس ئىككىلى دۇنيادا بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، نىجات تاپالمايدۇ.

2 – باسقۇچ، نەپس بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلگەن دىنىغا ئەمەل قىلىشقا كۆندۈرۈش. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەمەلسىز ئىلىم ئۇنىڭغا زىيان قىلمىسى دېگەندىمۇ پايدا قىلمايدۇ.

3 – باسقۇچ، نەپس بىلەن جىھاد قىلىپ، ئۇنى ھەق دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا، بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈشكە كۆندۈرۈش. ھەق دىنىنى ئۆزى بىلىپ باشقىلارغا ئۆگەتمىگەنلەر، ئاللاھ نازىل قىلغان ھىدايەتنى ۋە ئوچۇق پاكىتلارنى يوشۇرغانلار ئىلمى پايدا قىلمىغانلار قاتارىدا بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

4 – باسقۇچ، نەپس بىلەن جىھاد قىلىپ، دەۋەت مۇشكۈلاتلىرىغا، خەقنىڭ ئازار ـ كۈلپەتكە سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن كۆتۈرۈشكە كۆندۈرۈش. مۇشۇ تۆت باسقۇچتىكى جىھادنى تولۇق قىلغان كىشى «رەببانىي»لىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، ئالىم بولغان كىشى ھەقنى تونۇسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتسە، ئاندىن ئۇ «رەببانىي» دېگەن نامغا لايىقتۇر. كىمكى ھەقنى بىلسە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا ۋە ئۇنى ئۆگەتسە، ئۇ ئاسمانلار ئالىمىدە «بۈيۈك كىشى» دەپ چاقىرىلىدۇ.

شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش ئىككى باسقۇچلۇق بولىدۇ:

1 – باسقۇچ، شەيتان كۆڭۈلگە تاشلىغان ئىمانغا دەخلى قىلغۇچى شەك ـ شۈبھىلەرنى دەپئى قىلىشقا تىرىشىش.

2 – باسقۇچ، شەيتان كۆڭۈلگە تاشلىغان بۇزۇق نىيەت ۋە شەھۋانىي خىياللارنى دەپئى قىلىشقا تىرىشىش. شەيتان بىلەن قىلىنىدىغان بىرىنچى باسقۇچتىكى جىھاد جەزمىي ئىمان بىلەن، ئىككىنچى باسقۇچتىكى جىھاد سەۋر قىلىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: [**وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ**] [ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز

بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق][1] .

الله مانا بۇ ئايەتتە شۇنى خەۋەر قىلىدىكى، سەۋرچانلىق ۋە جەزمىي ئىمان بىلەن دىنىي پېشۋالىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەۋرچانلىق شەھۋانىي خىياللار ۋە بۇزۇق نىيەتلەرنى دەپنى قىلىدۇ، جەزمىي ئىمان شەك ـ شۈبھىلەرنى دەپنى قىلىدۇ.

كۇففارلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد تۆت باسقۇچتۇر: ئۇلار بىلەن قەلب، تىل، مال، جان ئارقىلىق جىھاد قىلىنىدۇ. قوراللىق جىھاد پەقەت كاپىرلارغىلا قارىتىلىدۇ، مۇناپىقلار بىلەن پەقەت تىل ئارقىلىقلا جىھاد قىلىنىدۇ.

بىدئەتچىلەر ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلار بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد ئۈچ باسقۇچلۇق بولىدۇ:

1 ـ باسقۇچ قول بىلەن، 2 ـ باسقۇچ تىل بىلەن، 3 ـ باسقۇچ قەلب بىلەن. ئاۋۋالقى باسقۇچتىن ئاجىز كەلگەندە، كېيىنكى باسقۇچلارغا يۆتكىلىدۇ. مانا بۇ، جىھادنىڭ 13 باسقۇچىدۇر. «كىمكى جىھاد قىلمىغان، جىھاد قىلىشنىمۇ ئويلاشمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، بىر تۈرلۈك مۇناپىقلىق بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ»[2] .

شۇنىڭدا شەك يوقكى، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەلىم ـ تەربىيە نەپس بىلەن ۋە شەيتان بىلەن قىلىنىدىغان مەزكۇر ئالتە خىل جىھادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، تەلىم ـ تەربىيە 13 خىل جىھادنىڭ ئاۋۋالقى ئالتە باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك

نېمە ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە جىھادنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ؟ بىز بۇ سوئالغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلار بويىچە جاۋاب بېرەلىشىمىز مۇمكىن:

1 – نۇقتا، ئىسلامدىكى جىھاد قانداقلا قىلسا بولۇۋېرىدىغان جىھاد ئەمەس، بەلكى ئۇ ساپ نىيەت بىلەن مەخسۇس بىر غايە ئۈچۈن قىلىنىدىغان جىھادتۇر. ئۇ «الله يولىدىكى» جىھادتۇر. بىر ئادەم مىللىتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر ئادەم نام ـ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر ئادەم ئولجا ـ غەنىمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇلارنىڭ قايسىسى اللهنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ بۇ سوئال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويۇلغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەقەت اللهنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىلا الله يولىدا جىھاد قىلغان بولىدۇ»[3] . ھەر قانداق دۇنيالىق غەرەزدىن ئەنە شۇنداق خالىي بولۇش ئۆزلۈكىدىن روياپقا چىقىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇزۇن مەزگىل تەربىيىلەنگەندىلا ئاندىن دىنىنى الله ئۈچۈن

[1] سۈرە سەجدە، 24 – ئايەت.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

خالىس قىلىدىغان ئىخلاسمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

2 – نۇقتا، مۇسۇلمان مۇجاھىد غەلىبە قازىنىشقا كۆز تىكىدۇ. ۋەھالەنكى، غەلىبە مېۋىسى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان، غەلىبە قىلىش سالاھىيىتى ھازىرلىغان، ساداقەتمەن مۇئمىنلەرنىڭ قولى بىلەنلا بارلىققا كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ**] [كىمكى اللهنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. (اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ][1]؛ [**وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا...**] [الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ...][2].

پىششىق تەربىيىلەنمەي تۇرۇپلا غەلىبە قازىنىپ قالغانلار تېزگەندىن بەكرەك بۇزۇپ قويىدۇ.

3 – نۇقتا، اللهنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلار ئاۋۋال سىناق بوتىلىرىدا ئېرىتىلىدۇ، مېھنەت بازغانلىرى بىلەن تاۋلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق الله ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكىنى ئاشكارىلاپ، ياخشى بىلەن يامانىنى بىر - بىرىدىن ئوچۇق ئايرىيدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ، ھەر دەۋردىكى دەۋەتچىلەرمۇ بۇ خىل ئەمەلىي تەربىيەنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ئىمام شافىئىيدىن:

- مۇئمىنىنىڭ سىنالغىنى ياخشىمۇ ياكى غەلىبە قازانغىنى ياخشىمۇ؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن:

- سىنالماي تۇرۇپ غەلىبە قازىنىدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟! الله تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئاۋۋال سىناپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلغان: [**وَكَذَلِكَ مَكَّنِّا لِيُوسُفَ فِي الأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا حَيْثُ يَشَاءُ**] [بىز يۇسۇفنى (مىسىر زېمىنىداخالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق][3].

[1] سۈرە ھەج، 40 – ۋە 41 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇر، 55 – ئايەت.

[3] سۈرە يۇسۇف، 56 – ئايەت.

غەلىبە قولغا ئوڭاي كېلىپ قالسا، غەلىبە قازانغۇچىلار ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىكى، ئۇنى ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار غەلىبە قازىنىش يولىدا جان ـ ماللىرىدىن، راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ۋە قورقۇنچلارغا يولۇقۇپ بەدەل تۆلىسە، ئۇنداق بولمايدۇ.

## ئاۋۋال ئىدىيە جېڭى قىلىش كېرەك

ئىسلاھات ساھەسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، ئىدىيەنى توغرىلاشقا، پىكرنى تۈزىتىشكە، نەزەرىيۋى ۋە ئەمەلىي ئۇسۇلنى ئوڭشاشقا ئالاقىدار ئىشلار بىلەن ئاۋۋال تۇتۇشۇش كېرەك. شەكسىزكى بۇ، نەتىجە بېرىش ئۇمىد قىلىنغان ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئىدىيە توغرا بولمىسا، ساغلام ئۇسۇل بىلەن توغرا ئىش قىلىشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئاخىرىمۇ لاي بولىدۇ ـ دە؟!

مەلۇم بىر ئىشتا توغرا تونۇشقا ئىگە بولالمىغان ئادەمنىڭ ئۇ ئىشتا خاتا ھەرىكەت قىلىپ قويۇشى تۇرغان گەپ. چۈنكى، ھەرىكەتنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى ئىدىيەگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتا پىكىرلەرنى ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىدىيۋى جەڭ باشقا ھەر قانداق ئىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىدىيۋى جەڭ مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ــ سۈرە فۇرقاندا تىلغا ئېلىنغان «چوڭ جىھاد»نىڭ بىر قىسمىدۇر؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بايان قىلغان تىل بىلەن قىلىنىدىغان جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر: «مۇشرىكلارغا قارشى جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار»[1].

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىدىيۋى جەڭ

ئىدىيۋى جەڭ ئاساسلىقى ئىككى مەيداندا بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ئىسلام سىرتىدىكى دىنسىزلار، ناساراالاشتۇرغۇچىلار ۋە شەرقشۇناسلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان مەيدان. ئۇلار ئىسلام ئېتىقادىغا، شەرىئەتكە، مىراسىغا، ھازارىتىگە ھۇجۇم قوزغايدۇ؛ ئىسلام ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق گۈللىنىش ياكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە دىنغا خىزمەت قىلىش يۈزلىنىشىنى توغرىلاش، دىنىي خىزمەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە دىنى ھەرىكەتلەرنى توغرا يولغا سېلىش، توغرا نىشانغا بۇراشنى چۆرىدىگەن ھالدا قىلىنىدىغان جەڭ. بىز ئىككىنچى مەيداندىكى جەڭ توغرىسىدىلا توختالماقچى. چۈنكى ئىچكى ئىسلاھات ئاساس بولۇپ، ئاۋۋال ئىچكى ئىسلاھات بىلەن

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

شۇغۇللىنىش كېرەك.

بىزنىڭ ئىچىمىزدە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئېقىم بار:

## خۇراپات ئېقىمى

بۇ ئېقىم تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. خۇراپىي ئېتىقادتا بولۇش.
2. ئىبادەتتە بىدئەتچىلىك قىلىش.
3. پىكىردە قاتماللىق قىلىش.
4. فىقھىدا قارىغۇلارچە ئەگىشىش.
5. ھەرىكەتتە پاسسىپلىق قىلىش.
6. سىياسىي جەھەتتە ھاۋا رايىغا ماسلىشىش، مەۋقەسىزلىك.

## تەرەپبازلىق ئېقىمى

بۇ ئېقىمدىكىلەر گەرچە دىنىي ئىشلاردا ۋە دىنىي مۇداپىئە قىلىشتا چىڭ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئېقىمغا ئەگەشكەنلەرنى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەر بېسىپ كەتكەن. بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە قاراپ، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئايرىۋالغىلى بولىدۇ:

1. ئېتىقادتا جېدەلخورلۇق قىلىش.
2. ئىبادەتتە شەكىلۋازلىق قىلىش.
3. فىقھىدا زاھىرىۋازلىق قىلىش.
4. ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىش.
5. روھىي قۇرغاقلىق.
6. دەۋەتتە قوپاللىق قىلىش.
7. ئىختىلاپتا يول قويماسلىق.

## رادىكال ئېقىمدىكىلەر

بۇ ئېقىمدىكىلەر گەرچە قىزغىن ۋە ئىخلاسمەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېچكىمنى ياراتمايدۇ. ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. دىنغا ئەمەل قىلىشتا كەسكىن بولۇش.
2. ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دېيىش.
3. باشقىلارغا يامان گۇماندا بولۇش.
4. دىنىنى، رېئاللىقنى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىشتە نەزەر دائىرىسى تار

بولۇش.
5. ۋاقتى كەلمىگەن ئىشلارغا ئالدىراش.
6. كاپىر دېيىشكە ئالدىراش.
7. ئىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زوراۋان كۈچكە تايىنىش.

## ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەر

ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەر دىننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا دىنىي ۋە ھاياتلىقنى ئوتتۇرا مەيداندا تۇرۇپ چۈشىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىپ چىڭ تۇتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1. دىننى ئەتراپلىق، چوڭقۇر، نورمال چۈشىنىش.

2. رېئاللىقنى — مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ رېئاللىقىنى ئەمەلىي ھالىتى بويىچە چوڭايتماي، كىچىكلەتمەي چۈشىنىش.

3. اللهنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش.

4. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش، قاتماللىق قىلماسلىق.

5. ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش.

6. باشقا ئىسلامىي گۇرۇپپىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش قائىدىسىنى چۈشىنىش، يەنى ئوخشاش پىكىرلەردە ھەمكارلىشىپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەردە يول قويۇشنى بىلىش.

7. كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنى ياكى ئەسلىيەتچىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش.

8. شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكۈملىرى بىلەن دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان مەسىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى ساقلاش.

9. ئىدىيىۋىي، روھىي، ئەخلاقىي ئۆزگىرىشنىڭ ھەر قانداق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

10. ئۈممەتنى ئويغىتىشتا، ئىنسانلارنى زامانىمىزدىكى ماددىي پەلسەپەلەردىن قۇتقۇزۇشتا ئىسلامنى مۇكەممەل بىر ھازارەت پىلانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش.

11. پەتىۋادا ئوڭايلاشتۇرۇش، دەۋەتتە بېشارەت بېرىش يولىنى تۇتۇش.

12. ئىسلامدىكى ئەركىنلىك، ھۆرمەت، كېڭەش، ئىجتىمائىي ئادالەت، ئىنسان ھوقۇقلىرى قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتقاراشلارنى گەۋدىلەندۈرۈش.

13. باشقىلار بىلەن، يەنى دىنسىزلار ياكى ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولغان غەيرىي پىكىردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىش.

14. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى قوغداشتا جىھاد ئۇسۇلىنى قوللىنىش.

بىز مۇشۇ ئېقىمغا ئىشىنىمىز، ئۇنى تەشەببۇس قىلىمىز، ئۇ اللە ئۆزىنىڭ كىتابىدا نازىل قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۈننىتى ۋە سىيرىتىدە كۆرسەتكەن، توغرا يولدا بولغان ساھابىلەر چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلغان، مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ياخشى دەۋرلىرىدە ياشىغان تابىئىنلار چۈشەنگەن ھەقىقى ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايمىز.

## ئوتتۇرا ئېقىمنىڭ مەجبۇرىيىتى

كەلگۈسى ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىز مۇشۇ ئېقىمغا باغلانغان، بۇنىڭدا شەك يوق. بۇ ئېقىم ئۆز چاقىرىقىنى ئاشكارىلاشقا، قوللىغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە، رىقابەتچىلىرىنى قايىل قىلىشقا، قارشى مەيداندىكىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە، ئۆزى خالىمايدىغان توزاقتا دەسسەپ سالماسلىققا بار كۈچى بىلەن تىرىشىشى كېرەك.

ھازىر تولۇق پاكىتلار بىلەن ئېنىق مەلۇم بولىدىكى، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ھەممىدىن بەك مۇشۇ ئېقىمدىن قورقىدۇ، ئۇنى يامان كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇلار بۇرۇن رادىكال ئېقىمدىن بەك قورقاتتى، ئەمما ھازىر: مۆتىدىل ئىسلامدىن پەخەس بولۇڭلار، ئۇ ئەڭ خەتەرلىك، باشقا ئېقىملارنىڭ ئۆمرى كوتا، ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، ئەمما بۇ ئېقىم ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ، ـ دەيدىغان يېڭى سادا پەيدا بولدى. ئۇلار دەل بۇ ئېقىمنىڭ مۆتىدىللىقىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئېقىم دەسلەپتە مۆتىدىل بولغان بىلەن كېيىن رادىكاللىشارمىش. چۈنكى رادىكاللىق ئىسلامنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن يوشۇرۇن بارمىش.

شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بېسىپ كەلگەن ئىسلام خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشماقتا، ئىسلامنى «يېشىل خەتەر» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياۋروپادىن كوممۇنىزمنىڭ يوقۇلىشىغا ئەگىشىپ يوقالغان «قىزىل خەتەر»نىڭ ئورنىغا دەسسىگەن يېڭى دۈشمەن دەپ قارىماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنساپلىقلىرى بۇ قاراشقا رەددىيە بېرىپ، «ئىسلام خەتىرى» دېگەن ھەقىقەت ئەمەس، گۇمان دېيىشمەكتە.

ئوتتۇرا ئېقىم بۇلارغا تاقابىل تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆتىدىللەر بىلەن سۆزلىشىشى كېرەك.

ئوتتۇرا ئېقىم يەنە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى شايىكلىرىغا ۋە قۇيرۇقچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. بۇ قۇيرۇقچىلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدۇ، لېكىن بار كۈچى بىلەن ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، دىن دۈشمەنلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ.

تۆۋەندىكى ھەدىستە تونۇشتۇرۇلغىنى دەل شۇ قۇيرۇقچىلاردۇر. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جەھەننەمگە چاقىرىدىغانلار بار، ئۇلار گېپىگە كىرگەنلەرنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرسەڭ، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئۇلار ئۆز ئىچىمىزدىن چىقىدىغان ۋە بىز بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر، - دېدى[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇممەت مەپكۇرىسىنى بۇزىدىغان، ئۇممەتنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن بەزدۈرىدىغان، ئۇممەتكە شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئاتىدىغان، كىتاب - ماتېرىيال، ئۇن - سىن ھەسەللىرىگە زەھەر سېلىپ بېرىپ، ئۇممەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى جان ئالغۇچى ۋابا كېسەللەر تەننى ۋەيران قىلغاندەك ۋەيران قىلىۋاتقان بۇ شايكىلارغا تاقابىل تۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان بۇ غەربپەرەسلەر يۇرتىمىزدىن كەتكەن جاھانگىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدۇ، شەرقشۇناسلار ۋە ناسارالاشتۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ نىجىس چۈشەنچىلىرىنى بازارغا سالىدۇ. شەرقشۇناسلار ھېچقاچان بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە ئىخلاس قىلىپ باققان ئەمەس، ئىخلاس قىلغانلىرىمۇ مەدەنىيىتىمىزنى، مەدەنىيەت مەنبەيىمىزنى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى توغرا چۈشىنىش قورالىغا ئىگە بولالىغان ئەمەس. ئەڭ مۇھىم قورال تىل ۋە تىل ئىقتىداردۇر.

بىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ھەقىقىي جېڭىمىز ئاشۇ چەكتىن ئاشقان سېكولارىزمچىلار ۋە ماركىسىزمنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن بولۇشى كېرەك. ئۇلار ھازىر لىبىرالىزم تونىغا ئورىنىۋالدى؛ قەلەم كۈچى ۋە ئەلەم كۈچىنى تەشكىللەپ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە، ئىسلام گۈللىنىشىگە قارشى تۇردى؛ ئىسلام دەۋىتىنى بۇرمىلىدى؛ دەۋەتچىلەرنى قارىلىدى؛ «ئىسلام سىياسىيسى»، «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى» دېگەندەك يېڭى ئاتالغۇلارنى توقۇپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈردى؛ مۇسۇلمانلار بىلەن ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىپ، يۇرتىمىزنى تۇرلۇك ناملار ۋە تۇرلۇك شەكىلدىكى ئايىغى چىقماس قانلىق ئىچكى توقۇنۇشلار پاتقىقىغا پاتتۇرۇپ قويدى.

جەڭنى مۇشۇ يۆنىلىشتىن بۇراش، فىقھىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە ياكى ئېتىقادنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە ياكى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ۋە ياكى قىسمەن مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە... ئوخشىمىغان پىكىردە بولغان مۇسۇلمانلاردىن دۈشمەن پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇش ھەقىقىي دۈشمەندىن قاتتىق غاپىل بولغانلىقتۇر. ھەقىقىي دۈشمەن ھەممىمىزگە خاپىلىق كېلىشىنى كۈتمەكتە، ئۆزىمىزنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۆزىمىز تالاشساق، تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپ ئاخىرىدا ھەممىمىزگە ئەجەللىك زەربە بېرىشنى قەستلىمەكتە. دەۋەتچىلەر ئىچىدىن كىمدە كىم ھەقىقىي دۈشمەننى پەرقلەندۈرەلمەي، جەڭنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرىۋەتسە، بۇ چوڭ بىر مۇسىبەتتۇر، چۈنكى بۇنداق مەسىلىدە پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئېغىر خەتەردۇر. كىمدە كىم ھەقىقىي دۈشمەننى بىلىپ تۇرۇپ جەڭنىڭ يۆنىلىشىنى مەقسەتلىك بۇرىۋەتسە، بۇ تېخىمۇ چوڭ مۇسىبەتتۇر، تېخىمۇ چوڭ خەتەردۇر. چۈنكى بۇ ئىسلامغا، ئىسلام ئۇممىتىگە ۋە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە خىيانەت قىلغانىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. الله شائىرغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىلمەي قىلسا زىيانكەشلىك بولۇر مۇسىبەت،
بىلىپ قىلسا بولۇر تېمۇ ئېغىر تالاپەت.

مەن ئۆتتۇرا ئېقىمنىڭ ئورۇنداشقا، كۆڭۈل بۆلۈشكە، كۈرەش قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايمەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام سېپىنى ـــ ئىسلامغا خىزمەت قىلىۋاتقانلار سېپىنى ئىختىلاپ بولمايدىغان تۈپ قائىدىلەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە چىن ئىخلاس بىلەن ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئىختىلاپ بولمايدىغان تۈپ قائىدىلەر دېگىنىمىز ئىماندىكى اللهقا، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالتە رۈكنى؛ ئىسلامدىكى شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئۆتەش، زاكات بېرىش، رامىزان تۇتۇش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش رۈكنى؛ گۈزەل ئەخلاقتىكى ئاساسىي قائىدىلەر؛ ھاراملارغا بولۇپمۇ گۇناھى كەبىرلەرگە يېقىن يولىماسلىقتۇر.

بىز مۇشۇ تۈپ قائىدىلەردە ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلسەكلا كۇپايە، جۇزئىي مەسىلىلەردە، تەپسىلاتلاردا، شاخچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپلاشساق ھېچقىسى يوق؛ پوزىتسىيىدە، ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە ئىختىلاپلاشساق، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى، بۇنداق ئىختىلاپ دىن ، ئىنسان، كائىنات ۋە ھاياتلىق خاراكتېرىنىڭ تەقەززاسىدۇر. مەن بۇ مەسىلىنى «ئىسلام ئېڭى» ناملىق كىتابىمدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

مەن نۇرغۇن كىتابلىرىمدا دەپ ئۆتتۈمكى، دىنغا خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ خىل بولسا، ئۆزئارا زىددىيەتلەشمىسە، زەربە بېرىشمىسە بولۇۋېرىدۇ. كۆپ خىللىق تېخىمۇ بېيىشقا ۋە ئۇلغىيىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزئارا زىددىيەتلىشىش يەمچۈك بولۇشقا ۋە يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىشىشىنى قوللايدىغانلارنى ۋە دىنغا خىزمەت قىلىغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئىدىيىۋىي ۋە ئەمەلىي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئارىنى يېقىنلاشتۇرۇش؛ ئىشەنچ ئورۇۋقى تېرىش؛ ئۆزئارا يول قويۇش روھىنى يېتىلدۈرۈش؛ باشقىلارغا ياخشى گۇماندا بولۇش؛ روھىيەتنى مەنمەنچىلىك، مەغرۇرلۇق، باشقىلارنى قارىلاش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق ئاپەتلىرىدىن تازىلاش كېرەك: «بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كۆزگە ئىلماسلىقى (ئۇنىڭ ئۈچۈن) يېتەرلىك جىنايەتتۇر»[1] .

مېنىڭچە، بۇ خىزمەت زامانىمىزدىكى ئىسلامىزم ساھەسىدە ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىسلامىزمچىلار بۆلۈنۈش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ بۆلۈنۈشنىڭ خەتىرىگە دىققەت قىلمىسا، ئۇزۇنغا قالماي ھەممىسى دىن دۈشمەنلىرىگە يەم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا يەنجىلىدۇ، ھەرقايسى ئېقىملار، تopلار بىر ـ بىرلەپ زەربە يەپ، ئاخىرى ھەممىسى تۈگىشىدۇ.

بۇ كۈنلەردە پۈتۈن دۇنيادىكى بۈيۈك ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۈچلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قۇربىمىز يەتمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئىسلام ئۈيغىنىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، سۆزلەشكىلى ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان چوڭ گۇرۇپپىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا تىرىشايلى! دۆڭلەرنى تۈزلەپ، تەرەپبازلىقلارنى پەسەيتسەك، چۈشەنچىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ، مەيدانلارنى ماسلاشتۇرساق، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەردە بىر سەپتە تۇرساق، ئوخشاش پىكىرلەردە ھەمكارلىشىپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەردە يول قويۇشساق، ئاندىن ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ. ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، ھەمكارلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش دىنىمىزدا پەرزدۇر، ياشىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر. بىز شەۋقىي ئېيتقاندەك، بىر ئىدىيە ئاساسىدا بىرلىشەلمىسەك، ئورتاق قايغۇ ئاساسىدا بولسىمۇ بىرلىشەيلى:

بولمىساق دوستلىرىم مەسلەكتە سەپداش،
قايغۇدا ئۆزئارا بولايلى قاياش.

## شەرىئەت قانۇنىنى ئاۋۋال ئىجرا قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئاۋۋال تەربىيە ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەكمۇ

بۇ جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلگەن ئىشلارنىڭ بىرسى شۇكى، ئىسلام ئېكىنزارلىقىدا تەر تۆكۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىزىققانلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇنىغا، جىنايى جازالارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

شەرىئەت قانۇنى ئىسلامنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا شەك يوق. ئۇنىڭغا سەل قاراش ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش توغرا ئەمەس. لېكىن، بۇ جەھەتتە بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، جازاپەرەسلىك قىلىش، ھەممە ئىشنىڭ بېشى، ئۇۋۇلۇكى ۋە يۇقىرى پەللىسى شۇ دەپ تۇرۇۋېلىش ئىسلام مەپكۇرىسىگە، ئىسلام خىزمىتىگە قارىتا يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسلام دۈشمەنلىرى، شەرىئەت دۈشمەنلىرى ۋە دەۋەت دۈشمەنلىرى پايدىلىنىپ كېتىدۇ. مەن ئۇزۇندىن بېرى دەپ كېلىۋاتىمەنكى، قانۇن ئۆزى يالغۇز ھالدا جەمئىيەت بەرپا قىلالمايدۇ، ئۈممەت قۇرۇپ چىقالمايدۇ. جەمئىيەتنى، ئۈممەتنى پەقەت تەربىيە ۋە ساپا قۇرۇپ چىقىدۇ. قانۇن قۇرۇپ چىقىلغان نەرسىنى قوغدايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

شۇڭا، بىز بۇ مەسىلىگە ئىدىيىۋىي ۋە ئەمەلىي جەھەتلەردە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرەيلى! «زامانىۋىيلاشقان مۇكەممەل ئىسلام تەربىيىسى»گىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرەيلى! مۇسۇلمان گۆدەكلەرنى سەبىيلىكىدىن باشلاپ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگىچە ئىزچىل تەربىيىلەيلى! مۇۋاپىق ئۇسۇل، قىزىقارلىق ئۇسلۇب، ئۇن ـ سىن ۋاستىلىرى ۋە ئۇستۇن پەن — تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، دىنىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايلى! ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكىنى، ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنى، پەيغەمبەرنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، ئىسلام

مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋازىنەتلىك، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەيلى!

دىنىي دەرسلەردە پاكى ئىسلام تەربىيىسىدىلا شۇنداق قىلىپ توختاپ قالماستىن، بەلكى ھەممە دەرسلەردە شۇنداق قىلايلى! تەبىئىي پەنلەردىمۇ، ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ ، تىل ـ ئەدەبىياتتىمۇ، مەكتەپ پائالىيەتلىرىدىمۇ، ئومۇمىي كەيپىياتتىمۇ شۇ خىل تەربىيىنى قوغلىشايلى! شۇنداق قىلىپ، ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، دىنى ۋە ئۇممىتى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان، روھىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ۋىجدانىي جەھەتتىن تەڭ كامالەت تاپقان، رەببىگە ئىخلاس قىلىدىغان، ۋەتىنىگە خىزمەت قىلىدىغان، باشقىلارغا يول قويىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى ئاپىرىدە قىلىشقا ياردەم بېرەيلى!

سىرتتىن ئىمپورت قىلىنغان، دىنىي روھتىن خالىي، ئىسلامنىڭ ئاللاھ، ئىنسان، ھاياتلىق، دۇنيا ۋە دىن توغرىسىدىكى پەلسەپىسىگە زىت كېلىدىغان ماتېرىيالىزمچە دىنسىز پەلسەپىلەرنىڭ ئالدىنى چوقۇم توسۇش كېرەك!

تەشۋىقات كىشىلىك تۇرمۇشىمىز ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان؛ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئاۋام خەلقنىڭ روھىنى، ئىدىيۋىي يۈزلىنىشىنى، قىزىقىشىنى، ئەقىل ـ كاللىسىنى كونترول قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا تەشۋىقات مەسىلىسىگىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن ئاجرىتىش كېرەك.

تەشۋىقات خىزمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئىسلام جامائىتىنىڭ مۇئامىلات، پىكىر ۋە مەسىلەكلىرىدە ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي مەنبە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قولىدا قالسا زادىلا بولمايدۇ.

بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان تۆۋەندىكى ئاساسىي ئىككى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچى، ھەر ساھەدە ئىسلامغىمۇ، دەۋرگىمۇ ۋەكىللىك قىلالايدىغان ساپالىق ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك! ناخشا ـ مۇزىكا، تىياتىر قاتارلىق گۈزەل ـ سەنئەت پەنلىرىدىمۇ شۇنداق تەشۋىقاتچىلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك! تېكىست يازىدىغانلار، ئۇنى سېنارىيلەشتۈرىدىغانلار، فىلىم ئىشلەيدىغانلار، رول ئالغۇچىلار، ئوپېراتورلار، مونتاژلارمۇ بولۇشى كېرەك!

بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇنىڭدا شەرىئەت تەرىپىدىن ۋە باشقا تەرەپلەردىن توسالغۇغا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، بۇ توسالغۇلارنى يېڭىش كېرەك. ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالغۇچە، كەم يېرىمىزنى تولۇقلىۋالغۇچە نىشانى ئېنىق، ۋاستىلىرى ئېنىق، قەدەم ـ باسقۇچلىرى مەلۇم بولغان بىر ۋاقىتلىق پىلان تۈزۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىپ بولسىمۇ، ئۇ توسالغۇلارنى يېڭىش كېرەك.

ئىككىنچى، ھازىر تەييار بار سەنئەتچىلەرنى ۋە تەشۋىقاتچىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش كېرەك! ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان مۇسۇلمانلىرى بار. لېكىن ئۇلاردا ئىسلام تەربىيىسى كەم بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى ئىسلامغا زىت كېلىدىغان، ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان ئىش دەپ ئويلىمايدۇ، گاھىلىرى بۇنى ئاز ـ تولا بىلسىمۇ، لېكىن كۆنگەن تۇرمۇشتىن ۋاز كېچەلمەيدۇ.

بۇ يەردىكى مەجبۇرىيەت ئاشۇنداقلارغا ئۇلار دىنىنى چۈشەنگىچە، رەببىگە تۆۋبە قىلغۇچە،

ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچى كارىۋانلارغا كېلىپ قوشۇلغۇچە كۈچ چىقىرىشتۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قانچە ئەر ـ ئايال سەنئەتچى تەۋبە قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە دىننى ساقلاش ئۈچۈن سەنئەت ۋە سەنئەت ئەھلىدىن ئۆزىنى تارتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار بۇ مۇشەققەتلىك جەڭگاھتىن چېكىنمەسلىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دېگەن مۇنۇ سۆزنى دېيىشى كېرەك ئىدى:

الله بىلەن قەسەمكى، مەن جاھىلىيەتنى تەشۋىق قىلغان ھەر قانداق بىر ئورۇننى قالدۇرماي، ھەممىسىدە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىمەن.

ھەممىمىز ئۆزئارا ھەمكارلاشساق، ساناقسىز توساقلارنى يەڭسەك، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ!

## ئونىنچى باب

## مىراسلىرىمىزدىكى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك چۈشەنچىسى

ئۆممىتىمىزنىڭ مول مىراسلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە پەيدا بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئەسكەرتىش بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەقتە ھەرقايسى مەنبەلەردە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن سۆزلەنگەن ۋەقەلەر چېچىلىپ ياتىدۇ:

### «ئېھرام باغلىغۇچى چۈبىن ئۆلتۈرسە بولامدۇ» دەپ سورىغۇچىلار

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىگە تۈنجى بولۇپ ئەھمىيەت بەرگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ئېھرام باغلىغۇچى پاشا ئۆلتۈرسە بولامدۇ؟ - دەپ سورىغان. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ:

- ئىراقلىقمەن، - دېگەن. ئىبنى ئۆمەر:

- قاراڭلار بۇنىڭغا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرگەن بۇ خەق پاشا ئۆلتۈرسە قانداق بولىدىغانلىقىنى سوراۋاتىدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۇ ئىككىسى (يەنى ھەسەن بىلەن ھۈسەين) مېنىڭ دۇنيادىكى خۇشاللىقىم»[1].

ھافىز ئىبنى ھەجەر «**فتح الباري**» (فەتھۇل بارى)دا بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۆمەر بۇ ھەدىسنى ئىراقلىقلارنىڭ چوڭ ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغىنى بىلەن كارى يوق، كىچىك ئىشنى زىغىرلىغانلىقىغا تەئەججۇپ قىلىش يۈزىسىدىن كەلتۈرگەن.

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىراقلىقلارنىڭ ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەمدەم بولۇش جىنايىتىگە ئىستىغفار ئېيتىشنى تەرك ئېتىپ، پاشا ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا سوئال سورىغىنىنى خاتاغا چىقاردى، بۇنىڭغا كايىدى. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسە ئېلىنىدۇكى، دىنىي ئىشلاردا ئەڭ مۇھىمىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش كېرەك.

دېمەك، بۇ يەردە سوئال سورىغان مۇئەييەن بىر شەخسنى ئەيىبلەش مەقسەت ئەمەس، بەلكى مەقسەت كىچىك ئىشلادا زىغىرلاش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى يوقلاڭ ئىشلار بىلەن كاشىلا قىلىش، چوڭ ئىشلار بىلەن كارى بولماسلىقتىن ئىبارەت يۈزلىنىشنى ئەيىبلەشتۇر.

ئىبنى ئۆمەرگە ئۇچرىغاندەك بىر ۋەقە يەنە شۇ ئىراقلىقلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئوغلى سالىمغىمۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئۇچرىغان. ئۇلار ئۆزئارا قەتلى قىلىش، قان تۆكۈش قاتارلىق چوڭ گۇناھلارنى قىلىشۋەرگەن. مۇنۇ ھەدىستىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشقا پەرۋا قىلمىغان: «مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ كاپىر بولماڭلار»[1]. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار سالىمدىن بەزىبىر كىچىك ئىشلار توغرىسىدا سوئال سورىغاچقا، سالىم ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: ئەي ئىراقلىقلار! كىچىك ئىشلار توغرىسىدا سوئال سوراشقا نېمانچە ئامراق سىلەر!؟ ئەمما چوڭ ئىشلارنى سورىماي قىلىۋېرىسىلەر. دادام ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن: «پىتنە ئىراق تەرەپتىن كېلىدۇ، ئۇ يەردە شەيتانلار كۆكلەيدۇ»[2]. سىلەر ئىراقلىقلار بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋاتىسىلەر، الله سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ مۇنداق دېگەن: [**وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجَّيْنَاكَ مِنَ الْغَمِّ وَفَتَنَّاكَ فُتُونًا**] [سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق][3].

بىزنىڭ مىراسلىرىمىزدىكى ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى چۈشەنچىسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا يازغان بىر شېئىرىي مەكتۇبىنى ئەسلەپ قالىمىز. ھاپىز ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەبىي سەكىينەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك تارسۇستا ماڭا بىر شېئىرىي مەكتۇپ يېزىپ بەردى، ھىجرىيە 170 ـ يىلى (يەنە بىر باياندا 177 ـ يىلى) ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى بارسام، ئۇ ماڭا بۇ مەكتۇپنى فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تاپىلىدى:

ئىككى ھەرەم خادىمى، كۆرسەڭ بىزنى مۇشۇ ئان،
ھېس قىلاتتىڭ ئۆزۈڭنى ئىبادەتتە ئوينىغان.
بەيتۇللادا بىراۋنىڭ مەڭزىنى ياش بويىسا،
بويىماقتا بىزنىڭكى كۆكرەكلەرنى قىزىل قان.
ياكى كىمدۇر ئېتىنى گۇمراھ يولدا چاپتۇرسا،
ئاتلىرىمىز بىزنىڭكتى چاپماقتا جەڭگاھ تامان.
ئىپار ـ ئەتىر ھىدلىرى گۈپۈلدىسە سىلەردىن،
خۇشپۇراقراق بىزلەرگە ئاتتىن چىققان چاڭ ـ توزان،
قۇلاق سېلىپ باقايلى، ئول مۇستاپا سۆزىگە،
سۆزى بەرھەق، يالغاننى توقۇماس ئۇ ھېچقاچان.
پۇرىمايدۇ دوزاخنىڭ ئاچچىق تۈتۈن ـ ھىدىنى
جىھادگاھتىن ئۆرلىگەن چاڭ ـ توزاننى پۇرىغان.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم: «پىتنىلەر» بابىدا رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە تاھا، 40 – ئايەت.

شېھىدلەرنى ئۆلۈك دەپ ئويلىماڭلار ھەرگىزمۇ،
ئۇلار مەڭگۈ تىرىك دەپ خىتاب قىلار ھەق قۇرئان.

مەن بۇ مەكتۇپنى فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئىچىدە تاپشۇردۇم. ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇغاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى ۋە: مۇھەممەد ئىبنى مۇبارەك راست ئېيتىپتۇ ۋە ماڭا نەسىھەت قىپتۇ، - دېدى. ئاندىن ماڭا:

- سەن ھەدىس خاتىرىلەيدىغانلاردىنمۇ؟ - دېدى. مەن:

- ھەئە، - دېدىم. ئۇ:

- ساڭا بىر ھەدىس دەپ بېرەي، خاتىرىلىۋال! بۇ مەكتۇپنى بىزگە ئېلىپ كەلگىنىڭنىڭ تاپان ھەققى بولۇپ قالسۇن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! ماڭا بىر ئەمەلنى تەلىم بەرگىنكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ ساۋابىغا ئېرىشكەيمەن؟ - دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

- سۇسلاپ قالماي ناماز ئوقۇشقا، ئېغىز ئاچماي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇ كىشى:

- ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! ئۇنداق قىلالمايمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سەن شۇنداق قىلالىساڭمۇ، الله يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىغا يېتەلمەيسەن. بىلمەمسەنكى، مۇجاھىدنىڭ ئېتى ئۇزۇن باغلىنىپ قېلىپ ئويناقشىسىمۇ، مۇجاھىدقا بۇنىڭ بەدىلىدە ئەجىر يېزىلىدۇ، - دېگەن.

بۇ ۋەقەلىك ئالجىرىيىدە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئۇچرىشىش يىغىنىدا سۆزلىنىۋېدى، بىر چوڭ دەۋەتچى: بۇ ئاساسسىز گەپ بولسا كېرەك، چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىككى ھەرەمدىكى ئىبادەتنى قانداقمۇ ئويۇن دېسۇن؟! - دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

ھەق گەپ شۇكى، بۇ ۋەقەلىك راست، ئۇنى ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تەرجىمىھالىدا سەنەد بىلەن سۆزلىگەن، «تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ مۇسەننىپى ئۇنى سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىدا سۆزلىگەن ۋە ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يەنە ھاپىز زەھەبىي ئۆزىنىڭ: «بايراقدار ئالىيجانابلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى» ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىسىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ تەرجىمىھالىدا سۆزلىگەن. بۇ ۋەقەلىكتە ئىسلامنىڭ توپ قائىدىلىرىگە ياكى قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت كېلىدىغان گەپ يوق. ئىبنى مۇبارەك مەزكۇر شېئىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرگەن؛ زاھىد، ئابىد فۇزەيل ئىبنى ئىياز مەكتۇپ ئېلىپ كەلگۈچىگە يازدۇرغان ھەدىسى ئارقىلىق ئۇنى قۇۋۋەتلىگەن.

بۇ ۋەقەلىكنى پېشىۋايىمىز بەھى خەۋلىي ئۆزىنىڭ: «دەۋەتچىلەر قوللانمىسى» ناملىق يېتەكچى كىتابىدا سۆزلىگەن ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق ئىلاۋە بەرگەن: ئىبنى مۇبارەك بۇ سۆزنى دوستى فۇزەيلگە يازغان ۋاقىتتا جىھاد پەرز ئەيىن ئەمەس ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ، ئۇنىڭ ئىبادىتىنى

«ئويۇن» دەپ ئاتىدى، ۋەھالەنكى، ئۇ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر جايدا قىلىنىۋاتقان ئىبادەت ئىدى. سىنىڭچە، جىھاد پەرز ئەين بولغان بولسا ئىدى، ئىبنى مۇبارەك دوستىغا نېمە دەر ئىدى!؟ دوستىنىڭ ئىبادىتى ھەرەم مەسجىدىدىن باشقا جايدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇ يەنە نېمە دەر ئىدى!؟

## جاھان بۇزۇلغاندا كىشىلەرگە ئارىلىشىش ياخشىمۇ ياكى ئارىلاشماسلىق ياخشىمۇ؟

جاھان بۇزۇلۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر كەڭ تارقالغان پىتنە زامانىدا جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنغان ياخشىمۇ ياكى ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئۆزىنىلا قۇتقۇزغان ياخشىمۇ؟ بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىز بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن.

سوپىلارنىڭ كۆپ سانلىقلىرى ئىككىنچى يولنى ياخشى دەپ تاللىۋالغان. ئەمما، رەببانىيلىق خىسلىتى ھازىرلىغان مۇجاھىد ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى ياخشى دەپ تاللىغان. ئۇ يول كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، جىھاد قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپەتلىرىگە سەۋر قىلىشتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە سەۋر قىلغان مۆئمىن كىشىلەرگە ئارىلاشمىغان، ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە سەۋر قىلمىغان مۆئمىندىن ياخشىدۇر»[1].

ئىمام غەززالىينىڭ: «إحياء علوم الدين» (دىنىي ئىلىملەرنى ئەھيا قىلىش) ناملىق كىتابىدا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، ئارىلاشماسلىق ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەھس قىلىدىغان بىر باب بار.

دۇنيانىڭ قايناملىرىغا كىرىش، مال ـ دۇنيا ئىزدەپ جاھان كېزىش، اللەنىڭ ھۆدۇدلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا بۇ دۇنيانىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ياخشىمۇ ياكى مال ـ دۇنيادىن، زىبۇ ـ زىننەتتىن ۋە دۇنياپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ زاھىد بولغان ياخشىمۇ؟ بۇ توغرىدىمۇ ئالىملار بەھس قىلغان. سوپىلارنىڭ كۆپ سانلىقلىرى ئىككىنچىسىنى تاللىغان. ئەمما، رەببانىيلىق خىسلىتى ھازىرلىغان مۇجاھىد ئالىملار بىرىنچىسىنى تاللىغان. بىرىنچىسى يۈسۈپ، داۋۇد، سۇلايماندەك پەيغەمبەرلەرنىڭ؛ ئوسمان، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، تەلھە، زۇبەير، سەئد قاتارلىق كاتتا ساھابىلەرنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىدۇر.

سوپىلار مال ـ دۇنيانى مۇتلەق سۆكىدۇ، ئۇنى يامانلىق ۋە ئاپەت دەپ ھېسابلايدۇ، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشنى ۋە بايلىق ئىزدەشنى گەرچە ھالال يول بىلەن بولسىمۇ خاتا دەيدۇ. ئەللامە ئەبۇلفەرج ئىبنى جەۋزىي (ھىجرىيە 597 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ: «ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشى» ناملىق مەشھۇر تەنقىد كىتابىدا قۇرئاندىن، ھەدىستىن، ساھابىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ۋە شەرىئەتنىڭ توپ قائىدىلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ، سوپىلارنىڭ مەزكۇر قارىشىغا رەددىيە بەرگەن.

---

[1] ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

## گۇناھنى تەرك ئەتكەن ياخشىمۇ ياكى تائەت ـ ئىبادەت قىلغان ياخشىمۇ؟

ﷲنىڭ نەزىرىدە هاراملارنى ۋە گۇناھلارنى تەرك ئېتىش ياخشىمۇ ياكى تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ياخشىمۇ؟ بۇ توغرىدىمۇ ئالىملار بەھس قىلغان.

بەزى ئالىملار تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن گۇناھنى تەرك ئېتىش مۇھىمراق دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان، ئىمام نەۋەۋىي «قىرىق ھەدىس»تە سۆزلىگەن، ئىبنى رەجەب شەرھىلىگەن مۇنۇ سەھىھ ھەدىسنى دەلىل قىلىشىدۇ: «مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسسام، ئۇنىڭغا يېقىن يولىماڭلار؛ مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرىسام، ئۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار». ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇ ھەدىستىن ‹نەھيى ئەمردىن مۇھىمراق› دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. چۈنكى نەھيىدە قىلىشقا زادىلا يول قويۇلمىدى؛ ئەمردە بولسا، كۈچنىڭ يېتىشى شەرت قىلىندى.

ئىمام ئەھمەدنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگىنى بايان قىلىنغان. بەزى ئالىملارنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ شۇ مەنىدە: ياخشى ئىشلارنى ياخشىمۇ قىلىدۇ، يامانمۇ قىلىدۇ؛ ئەمما گۇناھ ـ مەئسىيەتنى پەقەت ئىماندا راستچىل كىشىلا تەرك ئېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «هاراملاردىن ساقلانغىن، شۇنداق قىلساڭ، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئابىد كىشى بولىسەن»[①].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كىمكى تىرىشچان، دائىم ئىبادەت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشنى خالىسا، ئۇ گۇناھلاردىن قول ئۈزسۇن!»[②]. ھەسەن مۇنداق دېگەن: ئابىدلارنىڭ ئىبادىتى ئىچىدە ﷲ توسقان هارامنى تەرك ئېتىشتىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەت يوق.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، هارام ـ گۇناھلارنى تەرك ئېتىش تائەت ـ ئىبادەت قىلغاندىن ياخشى دېگەندە، نەپلە تائەت ـ ئىبادەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، پەرز ئەمەللەرنى قىلىش ئومۇمەن هاراملارنى تەرك ئەتكەندىن ياخشىراق. ئەمەللەر بىۋاستە مەقسەت، هاراملار بولسا، يوقىتىش تەلەپ قىلىنغان نەرسە. شۇڭا هارامنى تەرك ئېتىشكە نىيەت كەتمەيدۇ. لېكىن پەرز ئەمەلنى قىلىشقا نىيەت كېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بەزى ئەمەللەرنى تەرك ئەتسە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، تەۋھىدنى تەرك ئەتسە ياكى ئىسلام رۇكنىلىرىنى ۋە ياكى ئۇنىڭ بەزىسىنى تەرك ئەتسە، كاپىر بولىدۇ. ئەمما، گۇناھ قىلغان بىلەنلا كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىبنى

① ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

② ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

ئۆمەرنىڭ مۇنۇ سۆزى شاھىد: بىر مىسقال ھارامنى تەرك ئېتىش ئاللاھ يولىدا يۈز مىڭ تەڭگە خەجلىگەندىن ياخشىراق.

بەزى سەلەپلەر مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يامان كۆرىدىغان بىر مىسقال نەرسىنى تەرك ئېتىش ماڭا 500 قېتىملىق ھەجدىن ياخشىراق.

مەيمۇن ئىبنى مېھران مۇنداق دېگەن: ئاللاھنى تىل بىلەن ياد ئەتكەن ياخشى، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقى شۇكى، بەندە گۇناھ قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھنى ياد ئېتىپ گۇناھتىن توختاپ قالغاي!

ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: شۈبھىلىك بىر دەرھەم پۇلنى ئالماسلىق ماڭا نىسبەتەن يۈز مىڭلاپ سەدىقە قىلغاندىن ياخشى. ئۇ، يۈز مىڭلاپ دېگەن سۆزنى ئالتە قېتىم تەكرارلىغان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن: تەقۋالىق دېگەن، كېچە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش، كۈندۈزى روزا تۇتۇش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارلا ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق دېگەن، ئاللاھ پەرز قىلغاننى ئادا قىلىش، ھارام قىلغاننى تەرك ئېتىشتۇر، شۇنىڭدىن كېيىن قىلىنغان ئەمەل ياخشىلىققا قوشۇلغان ياخشىلىق بولىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: بەش ۋاخ پەرز ناماز ۋە ۋىتىر نامىزىدىن باشقىنى ئوقۇمىسام، زاكاتنى تولۇق بەرسەم، ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەڭگىمۇ سەدىقە قىلمىسام، پەرز روزىنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىن باشقا بىر كۈنمۇ نەپلە روزا تۇتمىسام، پەرز ھەجنى قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ھەج قىلمىسام، ئاندىن قولۇمدا ئاشقان ئىقتىسادىمنى ئاللاھ ماڭا ھارام قىلغان ئىشتىن يېنىشقا سەرپ ئەتسەم دەيمەن.

يۇقىرىدىكى سۆزنىڭ ھاسىلى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاز ھارامدىن يېنىش نەپلە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلغاندىن ياخشىراق. چۈنكى، ھارامدىن ساقلىنىش پەرز، نەپلە ئەمەل قىلىش پەرز ئەمەس.

كېيىنكى دەۋردىكى ئۆلىمالارنىڭ بىر تۈركۈمى مۇنداق قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسسام، ئۇنىڭغا يېقىن يولماڭلار؛ مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار» دېيىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەمرنى بىجا كەلتۈرۈش ئەمەلسىز ھاسىل بولمايدۇ، ئەمەلنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى شەرتلەرگە ۋە سەۋەبلەرگە قاراشلىق بولىدۇ، بەزى شەرت ۋە سەۋەبلەر گاھىدا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا تەقۋالىقنى كۈچىنىڭ يېتىشى بىلەن قەيت قىلغاندەك، ئەمرنىمۇ كۈچىنىڭ يېتىشى بىلەن قەيت قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [فَاتَّقُوا اللهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا وَأَنفِقُوا خَيْرًا لِّأَنفُسِكُمْ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ] [تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىدىگە ئېرىشكۈچىدۇر][1] ؛ [وَلِلهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً] [قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا

[1] سۈرە تەغابۇن، 16 – ئايەت.

پەرز قىلىندى][1] .

ئەمما نەھيى دېگەن يوق بولۇشى تەلەپ قىلىنغان نەرسە. يوقلۇق ئەسلىي بولۇپ، نەھيىدىن مەقسەت شۇ ئەسلىي يوقلۇقنى داۋام ئەتتۈرۈشتۇر. بۇ مۇمكىندۇر، ئۇنىڭدا كۈچ يەتمەيدىغان ئىش يوق.

بۇ ئانچە توغرا بولمىغان پىكىردۇر. چۈنكى، گاھىدا گۇناھ قىلىشقا ئۇنىدىگۈچى سەۋەب بەك كۈچلۈك بولىدۇ، بەندە ئۇنى يېڭەلمەي، گۇناھتىن ئۆزىنى توختىتالماي قالىدۇ. بۇ چاغدا گۇناھتىن توختاش ئۈچۈن، شىددەتلىك جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئەھۋالدا گۇناھدىن يېنىش ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش نەپسى بىلەن ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىن تەسراقتۇر. شۇڭا، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلالىسمۇ، هاراملاردىن يانالمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ گۇناھ قىلغۇسى كەلسىمۇ، گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم قانداق ئادەم؟ ـ دەپ سورالغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ ئۇ الله دىلىنى تەقۋالىق ئۈچۈن سىنىغان ئادەمدۇر، ئۇ مەغپىرەت ۋە بۈيۈك ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، ـ دېگەن[2] .

يەزىد ئىبنى مەيسەرە مۇنداق دېگەن: بەزى كىتابلاردا الله مۇنداق دېگەن دەپ بار: «ئەي شەھۋانىي نەپسىنى مەن ئۈچۈن تەرك ئېتىپ، ياشلىقىنى پايخان قىلغان يىگىت! سەن مېنىڭ ئالدىمدا بەزى پەرىشتىلىرىمگە ئوخشاشتۇرسەن»[3] .

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: شەھۋانىي نەپس نېمىدېگەن كۈچلۈك بولىدۇ ـ ھە؟! ئۇ خۇددى ئوت ئۈچقۇنىغا ئوخشايدۇ، بويتاقلار ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ قالىدىغاندۇ؟!

بۇ مەسىلىدە گەپنىڭ تېگى شۇ يەردىكى، الله بەندىلىرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىدى، تەكلىپ قىلغان بەزى ئىشلاردا قىيىنچىلىق كۆرۈلسە، رەھمى قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىمۇ ساقىت قىلىۋەتتى. ئەمما، توسقان ئىشلاردا ھېچكىمنىڭ: خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ قاپتىمەن، نەپسىمنى باشقۇرالماپتىمەن، ـ دېگەندەك ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. بەلكى، توسقان ئىشلارنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ تەرك ئېتىشكە بۇيرىدى. ھارام يېمەكلىكلەرنى زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا يېيىشكە رۇخسەت قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ رۇخسەتنى قىلىشتا جاننى ساقلاش مەقسەت قىلىنغان، ھوزۇرلىنىش مەقسەت قىلىنمىغان. مانا بۇنىڭدىن ئىمام ئەھمەدنىڭ: «نەھيى ئەمردىن مۇھىمراق» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سەۋبان قاتارلىق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «توغرا يولدا بولۇڭلار! ھەممە ئىشنى توغرا قىلىمەن دەپ كېتەلمەيسىلەر»[4] .

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 97 – ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەبۇ نۇئەيم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

## باي بولۇپ شۈكرى قىلغان ئەۋزەلمۇ ياكى كەمبەغەل بولۇپ

## سەۋر قىلغان ئەۋزەلمۇ؟

ئالىملار بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس ـ مۇنازىرىلەر قىلغان. بۇ مەسىلىمۇ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

بەزى ئالىملار: شۈكرى قىلغۇچى باي ئەۋزەل، ـ دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: سەۋر قىلغۇچى كەمبەغەل ئەۋزەل، ـ دەپ قارايدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئويلىنىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق: باي بولۇپ شۈكرى قىلىش ئەۋزەل، ـ دېگەن قاراشنى توغرا تاپتىم. باي بولۇپ شۈكرى قىلىش بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددى ئىش ئەمەس، الله تائالا مۇنداق دېگەن: [وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ] [مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلغۇچى بەك ئاز][1]؛ [وَلاَ تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَاكِرِينَ] [ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شۈكرى قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن][2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللهتىن بايلىق تىلەيتتى، كەمبەغەللىكتىن پاناھ تەلەپ قىلاتتى: «ئى الله! سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى ۋە بايلىقنى سورايمەن»[3]؛ «ئى الله! دەرگاھىڭغا سېغىنىپ، كەمبەغەللىكتىن، يوقسۇزلۇقتىن، خارلىقتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن؛ ئى الله! دەرگاھىڭغا سېغىنىپ زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زۇلۇم قىلىنىشتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن»[4]؛ «ئى الله! دەرگاھىڭغا سېغىنىپ كەمبەغەللىكتىن، كاپىرلىقتىن، پاسىقلىقتىن، ھەققە قارشى چىقىشتىن ۋە مۇناپىقلىقتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن»[5]؛ «ئى الله! دەرگاھىڭغا سېغىنىپ ئاچارچىلىقتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن، ئاچارچىلىق ھەققەتەن يامان ئازابتۇر»[6]؛ «الله تەقۋادار، باي، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ»[7]؛ «ئى ئەمر! ياخشى مال ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە، نېمىدېگەن ياخشى؟!»[8]؛ «بايلار ئالى دەرىجىلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى»...

بۇ ھەدىس دالالەت قىلىدۇكى، بايلار اللهنىڭ نېئمىتىگە شۈكرى قىلسا، نېئمەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا، ئۇلارغا كەمبەغەللەرگە كەلمىگەن تائەت ـ ئىبادەت قىلىش پۇرستى كېلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «بايلىق اللهنىڭ پەزلىدۇر، الله ئۇنى ئۆزى

[1] سۈرە سەبەئ، 13 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەئراف، 17 – ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[5] ئىمام ھاكىم، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[6] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

[7] ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[8] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

خالىغان بەندىگە بېرىدۇ»[1].

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرىنى شۈكرى قىلىدۇ دەپ تەرىپلىدى ۋە پەيغەمبەرلەر پېشۋاسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېدى: [إِنَّهُ كَانَ عَبْدًا شَكُورًا] [نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكرى قىلغۇچى بەندە ئىدى][2].

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېدى: [شَاكِرًا لِّأَنْعُمِهِ اجْتَبَاهُ وَهَدَاهُ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ] [ئىبراھىم اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلغۇچى ئىدى. الله ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى][3].

داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دېدى: [اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ] [ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللهنىڭ بۇ چوڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلغۇچى بەك ئاز][4].

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈمۈلىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلدى: [رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ...] [پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشقا... مۇۋەپپەق قىلغىن][5].

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلدى: [رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِي مِنَ الْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ الأَحَادِيثِ] [پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ][6].

ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە نېئمىتىنى ئەسلەتتى: [وَوَجَدَكَ عَائِلًا فَأَغْنَى] [سېنى يوقسىز بىلىپ باي قىلمىدىمۇ؟][7].

ساھابىلەرگە نېئمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: [وَاذْكُرُواْ إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الأَرْضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ النَّاسُ فَآوَاكُمْ وَأَيَّدَكُم بِنَصْرِهِ وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ] [ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغانلار ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئىسرا، 3 – ئايەت.

[3] سۈرە نەھل، 121 – ئايەت.

[4] سۈرە سەبەئ، 13 – ئايەت.

[5] سۈرە نەمل، 19 – ئايەت.

[6] سۈرە يۈسۈف، 101 – ئايەت.

[7] سۈرە زۇھا، 8 – ئايەت.

ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر)نى رىزىق قىلىپ بەردى][1] .

## ئىمام غەززالىي ۋە ئاۋۋال نىيەت قىلىش كېرەك چۈشەنچىسى

ئاۋۋال نىيەت قىلىش كېرەكلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەن، جەمئىيەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى قامچىلىغان ئالىملارنىڭ بىرسى ئىمام غەززالىيدۇر. بۇ ئۇنىڭ: «إحياء علوم الدين» (دىنىي ئىلىملەرنى ئەھيا قىلىش) ناملىق ئېنسىكلوپېدىيىسىدىن ئوچۇق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ كىتابىنىڭ تۆت تومىنىڭ ھەممىسىدە ۋە ئۇنىڭ: «الأربعين» (ئەلئەربەئىين) ناملىق كىتابىدا بۇ مەسىلە مۇلاھىزە قىلىنغان. بولۇپمۇ، تۆتىنچى تومىنىڭ: «ئۆزىنى ئالدىغۇچىلارنى سۆكۈش» دېگەن 10 ـ بابىدا بۇ مەسىلە ناھايىتى روشەن مۇلاھىزە قىلىنغان. غەززالىي بۇ بابتا ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنى ئالداش بىلەن ھالاك بولغان كىشىلەرنىڭ تۈرلىرىنى سۆزلىگەن. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۆزىنى ئالدىغۇچىلار ئىچىدە ئالىملار، ئابىدلار، سوپىلار، بايلار ۋە يەنە بىر مۇنچە ئادەتتىكى ئادەملەر بار. غەززالىي ھەر بىر تۈردىكى ئادەملەر ئىچىدىكى ئۆزىنى ئالدىغۇچىلارنى، ئۇلارنى نەپسىنىڭ قانداق ئالدىغانلىقىنى، شەيتاننىڭ ئۇلارغا يامان ئىشنى قانداق چىرايلىق كۆرسىتىپ، يامانني ياخشى دېگۈزىۋەتكەنلىكىنى ئاجايىپ ياخشى تەسۋىرلىگەن؛ ئۆزىنى ئالداشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوللىنىشقا تېگىشلىك چارىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ كۈچلۈك، چوڭقۇر، يىراقنى كۆرەر تەنقىد نەمۇنىلىرىدىن ئىككىنى سۆزلەش بىلەن كۇپايىلەنمەكچىمەن. بۇنىڭدىن بىز غەززالىي (اللہ ئۇنىڭدىن رازىي بولسۇن)نىڭ اللہنىڭ دىنىنى نەقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى، ئىنسانلار دۇنياسىنى چۈشەنگەنلىكىنى، ئىنسانلارنى ئىدىيۋي ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن تۈزەشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، ئاۋۋال نىيەت قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## بىرىنچى نەمۇنە، ئەمەللەرنىڭ شەرئىي تەرتىۋىنى قالايمىقان قىلىۋېتىش

غەززالىي ئۆزىنى ئالدىغان ئابىدلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بەزى ئابىدلار پەرزلەرگە سەل قارىدى، نەپلە ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولدى، بەزىدە تېخى ئۇلار نەپلە ئەمەللەرگە بەك چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. مەسىلەن، تاھارەت سۈيىدە ۋەسۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ شەرئەت ھۆكمىدە پاك دېيىلگەن سۇلارغىمۇ رازى بولمىدى، پاسكىنا بولۇپ قېلىشىنىڭ يىراق ئېھتىماللىقلىرىنى يېقىن سانىدى. ھالال يېيىش مەسىلىسىگە كەلگەندە بولسا، يېقىن ئېھتىماللىقلارنى يىراق ساناپ قېقىزىل ھاراملارنىمۇ يەۋەتتى. يېمەك ـ ئىچمەكتە تاھارەت سۈيىدە

[1] سۈرە ئەنفال، 26 – ئايەت.

ئىھتىيات قىلغانچىلىك ئىھتىيات قىلغان بولسا ئىدى، ساھابىلارنىڭ قىلغىنىغا بەكرەك ئوخشىغان بولاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناسارانىڭ كوزىسىدىكى سۇ بىلەن تاھارەت ئالغان، ۋەھالەنكى بۇ سۇنىڭ نىجىس بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما ئۇ هارام يەپ سېلىشتىن قورقۇپ نۇرغۇن ھالاللارنى تەرك ئەتكەن ئىدى.

يەنە بەزى ئابىدلار نەپلەلەرگە بەك ھېرىس، ئەمما پەرزلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. قارىسىڭىز، ئۇلارنىڭ بىرلىرى چاشگاھ نامىزى، كېچىنىڭ نامىزى قاتارلىق نەپلە ئەمەللەردىن شۇنداق ھوزۇرلىنىدۇ ـ يۇ، ئەمما پەرز ئەمەللەردىن لەززەتلىنەلمەيدۇ. پەرز ئەمەللەرنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئانچە بەك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز رەببىدىن بايان قىلغان ھەدىسىدىكى مونۇ سۆزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ: «ماڭا يېقىنلىششنى ئىستىگۈچىلەر ھەر قانداق ئەمەل قىلسىمۇ، مەن ئۇلارغا پەرز قىلغان ئەمەللەرنى بېجا كەلتۈرگەندەك يېقىنلىشالمايدۇ»[①]. ياخشى ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپنى تەرك ئېتىش يامانلىقلار جۈملىسىدىن.

گاھىدا بىر كىشىگە ئىككى پەرز توغرا كېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغان پەرز، يەنە بىرى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدىغان پەرز ياكى ئۇنىڭغا ئىككى نەپلە توغرا كېلىپ قالىدۇ، ئۇ ئىككى نەپلەنىڭ بىرىنىڭ ۋاقتى قىسقا، يەنە بىرىنىڭ ۋاقتى ئۇزاق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى ئالدىغان ئادەمدۇر.

بۇنداق ئىشلار سان ـ ساناقسىز دەرىجىدە كۆپ. شۈبھىسىزكى، گۇناھمۇ ئېنىق، ساۋابمۇ ئېنىق. ئېنىق بولمايۋاتقىنى پەقەت ئاۋۋال قايسى ساۋابلىقنى قىلىش مەسىلىسى. مەسىلەن، بارلىق پەرزلەرنى نەپلىلەردىن ئاۋۋال قىلىش، پەرز ئەينىلەرنى پەرز كۇپايىلەردىن ئاۋۋال قىلىش، قىلغىلى ئادەم چىقمىغان پەرز كۇپايىنى قىلغىلى ئادەم چىققان پەرز كۇپايىدىن ئاۋۋال قىلىش، پەرز ئەينىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى ئاۋۋال قىلىش، ۋاقتى ئۆتىدىغان ئەمەللەرنى ۋاقتى ئۆتمەيدىغان ئەمەللەردىن ئاۋۋال قىلىش كېرەك. بۇ خۇددى، ئاتىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتىن ئاۋۋال ئانىنىڭ ھاجىتىدىن چىققانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوئال قويۇلۇپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! كىمگە ياخشىلىق قىلاي؟ - دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:
- ئاناڭغا، - دېدى.
- ئاندىن كېيىنچۇ؟
- ئاناڭغا.
- ئاندىن كېيىنچۇ؟
- ئاناڭغا.
- ئاندىن كېيىنچۇ؟
- ئاتاڭغا.
- ئاندىن كېيىنچۇ؟

---

[①] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

- ساڭا كىم ئەڭ يېقىن بولسا، شۇنىڭغا[1].

دېمەك، سىلە - رەھىم قىلىشتا ئەڭ يېقىن تۇغقاندىن باشلاش كېرەك. ئىككى تۇغقان يېقىنلىقتا ئوخشاش بولسا، موھتاجراقىدىن باشلاش كېرەك. بۇ جەھەتتىمۇ ئوخشاش بولسا، تەقۋاراقى ۋە پەرھىزكارراقىدىن باشلاش كېرەك.

شۇنىڭدەك، ئىقتىسادى ھەج قىلىشقا ياكى ئاتا - ئانىسىنى بېقىشقىلا يېتىدىغان كىشى ھەج قىلسا، ئۇ ئۆزىنى ئالدىغان كىشىدۇر. ئۇ ھەج قىلىشتىن ئاۋۋال ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ ئەڭ مۇھىم پەرزنى ئاۋۋال ئادا قىلىش جۈملىسىدىندۇر.

شۇنىڭدەك، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ۋەدە قىلغان ۋاقتى بىلەن جۈمەنىڭ ۋاقتى تەڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋالدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىمەن دېسە، جۈمەنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇز ۋاقتىدا ساۋابلىق بولغان ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بۇ ئەھۋالدا گۇناھقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىر ئادەمنىڭ كىيىمىگە نىجاسەت يۇقۇپ قالسا، ئۇ شۇ سەۋەبلىك ئاتا - ئانىسىغا ۋە بالا - چاقىسىغا قوپال گەپ قىلسا، توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، نىجاسەتتىنمۇ ۋە ئازار بېرىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. ئەمما، ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش نىجاسەتتىن ساقلىنىشتىن مۇھىمراق.

ساۋابلىق ئىشلار ۋە گۇناھ ئىشلارنىڭ ئۆزئارا روبىرو كېلىپ قېلىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. مۇشۇنداق ئىشلاردا تەرتىپ بويىچە ئىش قىلمىغان ئادەم ئۆزىنى ئالدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئالدىنىشتا ئالدىغۇچى ئىشمۇ ساۋابلىق ئىش بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىمەن دەپ ئەڭ مۇھىم ساۋابلىقنى تەرك ئېتىش بىلەن ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلىش ناھايىتى تەس[2].

فىقھى ئالىمى غەززالىينىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ناھايىتى مۇھىم. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دەۋەتچىلەر ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئاڭقىرىشقا نەقەدەر موھتاج - ھە؟! مەن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى يېڭى باشلانغان مەزگىللەردىلا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشنى؛ ساۋابلىق ئىشلاردىمۇ، گۇناھ ئىشلاردىمۇ ھەربىر ئىشنى ئۆزىنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنىغا قويۇپ توغرا باھا بېرىشنى تەشەببۇس قىلغانىدىم. ئۇ چاغدا مەن تېخى غەززالىينىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق چوڭقۇر، روشەن يېزىلمىلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: ياخشى ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپنى تەرك ئېتىش يامانلىقلار جۈملىسىدىن، - دېگەنلىكىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

## ئىككىنچى نەمۇنە، ئىقتىسادنى مۇھىم بولمىغان ئورۇنلارغا ئىشلىتىش ھەققىدە

ئۆزىنى ئالدىغان بەزى بايلار مەسجىد، مەدرىسە، رابات، كۆۋرۈك قاتارلىق كىشىلەرگە كۆرۈنىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق. ئۇلار مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرۇش ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ

[1] ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئۈچىنچى جىلد، 400 – دىن 404 – بەتكىچە.

ئۇنتۇلماسلىق ئۈچۈن ئۆز ئىسمىلىرىنى تاملارغا نەقىش قىلىپ ئويغۇزىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۇق دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتتىن ئۆزىنى ئالدىغان:

بىرىنچى، ئۇلار مەزكۇر قۇرۇلۇشلارغا ئىشلەتكەن پۇلنى زۇلۇم، بۇلاڭ ـ تالاڭ، پارىخورلۇق قاتارلىق چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ تاپقان. دېمەك، ئۇلار بۇ پۇلنى تېپىشتىمۇ ئاللاھنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان، ئىشلىتىشتىمۇ ھەم ئاللاھنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇلار ئەسلى ھارامدىن پۇل تېپىشتىن توختىسا بولاتتى! ھارامدىن پۇل تېپىپ گۇناھقا پاتقاندىكىن، ئاللاھقا تۆۋبە قىلىپ ھارام ماللارنى ئۆز ئىگىسىگە ئەينەن قايتۇرسا، ئەينەن قايتۇرالمىسا، بەدىلىنى بولسىمۇ قايتۇرسا بولاتتى! ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرالمىسا، ۋارىسلىرىغا قايتۇرسىمۇ بولاتتى. ھەققى تارتىۋېلىنغان كىشىنىڭ ۋارىسلىرى قالمىغان بولسا، ھارام مالنى ئەڭ پايدىلىق ئىشقا ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ پايدىلىق ئىش ئۇنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بايلار ئۇنداق قىلمايدۇ. بۇنداق قىلساق، كىشىلەر كۆرمەي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ پۇل بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇزۇشتىكى مۇددىئاسى رىياخورلۇق ۋە ماختىنىش، ئىسمىلىرىنى نەقىش قىلغۇزۇپ نامىنى ئۇچۇرمەسلىك، بۇ ئارقىلىق ھارام مالدىن داۋاملىق پايدىلىنىشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، بايلار قۇرۇلۇشقا پۇل خەجلەشتە ياخشى نىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىشىدۇ. ناۋادا، ئىسمىنى يازماي پۇل خەجلەشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بىر تىللا خەجلەشكىمۇ كۆزى قىيمايدۇ. ئىسمىنى يازسىمۇ – يازمىسىمۇ، ئاللاھ كۆرۈپ تۇراتتىغۇ؟! ناۋادا ئۇلاردا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بولغان بولسا ئىدى، ئىسمىنى يازدۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى.

## بايلارنىڭ جىسمانىي ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى

بەزى بايلار ئۆزىنى شۇنداق ئالدايدۇكى، ئۇلار پۇلنى تېپىپ ـ تېپىپ، ئاخىرى ئۇنى پوكىنىغا بېسىپ يېتىۋالىدۇ. روزا تۇتۇش، قىيامدا تۇرۇش، قۇرئان ئوقۇشتەك پۇل كەتمەيدىغان جىسمانىي ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇلار ئۆزىنى ئالدايدۇ دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھالاك قىلغۇچى بېخىللىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قامال قىلىۋالغان. ئۇلار پۇل خەجلەش ئارقىلىق بۇ ھالاك قىلغۇچى مەرەزنى روھىدىن يۇلۇپ ئېلىۋېتىشكە موھتاج ئىدى. ئۇلار ئۆزى موھتاج بولغان بۇ ئىشنى قىلماي، ئۆزى موھتاج بولمىغان نەپلە ئەمەللەر بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مىسالى قويىنىغا يىلان كىرىۋېلىپ، چېقىپ ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئىسكەنجۇبىل قايىنتىپ ئىچىپ، سەپرانى پەسەيتمەكچى بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. يىلان چېقىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم نەدىمۇ ئىسكەنجۇبىلگە موھتاج بولسۇن؟!

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىشرىغا:

- پالانى باي كۆپ روزا تۇتىدىكەن، كۆپ ناماز ئوقۇيدىكەن، - دېيىلگەندە، ئۇ:

- ۋاي بىچارە! ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماي، باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاچ

قالغانلارغا تائام بېرىش، مىسكىنلەرگە پۇل خەجلەپ بېرىش ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، دۇنيا تېپىپ، ئۇنى كەمبەغەللەرگە بەرمەي تۇرۇپ روزا تۇتقاندىن، ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىراق بولاتتى، - دېگەن.

## نەپلە ھەجگە پۇل خەجلەش

غەززالىي يەنە دىيانەتلىك بايلارنىڭ ئۆز قوشنىلىرىنى ئاچ تاشلاپ قويۇپ، نەپلە ھەجلەرگە پۇل خەجلىگەنلىكىنى قاتتىق تەنقىدلىگەن.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا سەۋەبسىز ھەج قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ، ئۇلارغا سەپەر قىلىش ئوڭايلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭ قىلىنىدۇ، ئۇلار ھەجگە بارغان بىلەن ئەجرىدىن مەھرۇم بولۇپ قايتىدۇ. ئۇلار قۇملۇقلاردا ۋە دەشتى - باياۋانلاردا تۆگە چاپتۇرۇپ يۈرگەنلىرىدە، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ئاچ - زار، باشپاناھسىز ھالەتتە قالغان بولىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنى غايىۋانە كۆز بىلەن كۆرگەنمىدىكىن - ھە؟! ھازىر ئۇ دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ.

ئەبۇ نەسر ئەممار مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم بىشر ئىبنى ھارىس بىلەن خوشلاشقىلى كېلىپ مۇنداق دېدى:

- مەن ھەجگە بارماقچى، ماڭا بىرەر تاپشۇرۇقىڭىز بارمىكىن؟

- قانچىلىك پۇل تەييارلىدىڭ؟

- ئىككى مىڭ تەڭگە.

- ھەج قىلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ زاھىد بولۇشمۇ ياكى بەيتۇللاھنى سېغىنىشمۇ ياكى اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشمۇ؟

- اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش.

- ئۆيۈڭدىن چىقماي تۇرۇپ، ئىككى مىڭ تەڭگىنى خەجلەپ، اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىششىنى خالامسەن؟

- خالايمەن.

- ئۇنداق بولسا، بارغىن. ئىككى مىڭ تەڭگىنى نەچچە ئون ئادەمگە بەرگىن. قەرزدارغا بەرگىن، ئۇ قەرزىنى تۆلىۋالسۇن؛ كەمبەغەلگە بەرگىن، ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرسۇن؛ بالا - چاقىلىق ئادەمگە بەرگىن، ئۇ بالا - چاقىلىرىنى بېقىۋالسۇن؛ يېتىمگە ھامىي بولغۇچىغا بەرگىن، ئۇ يېتىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالسۇن. مۇشۇنداقلارنىڭ بىرسىگىلا بېرىۋېتىشكە چىدىساڭ بېرىۋەت. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش، بىچارىلەرگە يارىسازلىق قىلىش، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويۇش، ئاجىزغا ياردەم بېرىش يۈز نەپلە ھەجدىن ئارتۇق ساۋاب. ئورنۇڭدىن تۇر، بىز دېگەندەك قىل! ئۇنداق قىلمايمەن دېسەڭ، كۆڭلۈڭدە بارنى بىزگە ئېيت!

- مەن يەنىلا ھەجگە بارايمىكىن!

بىشىر مېيىقىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ:

ـ تىجارەتلەر ۋە شۈبھىلەرنىڭ كىر ـ قاسماقلىرىدىن يىغىلغان پۇل بىلەن بىرەر ئىش قىلماقچى بولغاندا، نەپس ئاشكارا بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، الله تائالا ئۆز زاتى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: پەقەت تەقۋادارلارنىڭ ئەمىلىنىلا قوبۇل قىلىمەن، ـ دېگەن ئىدى. [رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ] [پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن][1].

## ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە غەززالىي بىلەن پىكىرداش بولغان باشقا ئالىملار

غەززالىينىڭ زاماندىشلىرىدىن ئەللامە راغىب ئىسپاھانىي[2] ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش ھەققىدە يالقۇنلۇق سۆزلەرنى قىلغان. بىز ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى سۆزلىرىنى: «پەرزلەرنى سۈننەتلەردىن ئاۋۋال ئىجرا قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدا نەقىل قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: پەرزنى قىلماي تۇرۇپ نەپلىنى قىلالمىغان كىشى ئۆزرىلىكتۇر، نەپلىنى قىلىمەن دەپ پەرزنى قىلمىغان كىشى ئۆزىنى ئالدىغان ئادەمدۇر.

ئىسپاھانىيدىن كېيىن، تەنقىدچى ئىمام ئەبۇلفەرج ئىبنى جەۋزىي[3] جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئەمەللەرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تەنقىدلىگەن. بىز ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى: «ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشى»، «قەلب شىكارى»، «كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىشنى سۆكۈش» قاتارلىق كىتابلىرىدىن كۆرەلەيمىز. ئىبنى جەۋزىي ھەممە ئادەمنىڭ مۇھىم بىر ئىشتا ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىگەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ مۇھىم ئىش زەئىپ، مەۋزۇئ (توقۇلما) ھەدىسلەر مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە «مەۋزۇئ ھەدىسلەر»، «زەئىپ ھەدىسلەردىكى چېكىگە يەتكەن ئاجىزلىقلار» ناملىق ئىككى چوڭ كىتاب تۈزگەن.

ئىبنى جەۋزىيدىن كېيىن، ئۆلىمالاردىن شاھى ئىززىدىن ئىبنى ئابدۇسسالام[4] ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، توغرا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ پىكىر ۋە مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ «ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىش قائىدىلىرى» ناملىق

[1] سۈرە بەقەرە، 127 – ئايەت؛ «دىنىي ئىلىملەرنى ئەھيا قىلىش» 3 – جىلد، 409 – بەت.

[2] ھىجرىيە 502 – يىلى ۋاپات بولغان.

[3] ھىجرىيە 590 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

[4] ھىجرىيە 660 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

كىتابىدا ناھايىتى ئوچۇق ئەكس ئەتكەن. بىز بۇ كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئۇ كىتابتىن بىر قانچە يالقۇنلۇق ئابزاسلارنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدۇق.

## ئىبنى تەيمىيە ۋە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك چۈشەنچىسى

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە پۇختا قەدەم بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئىماملارنىڭ بىرسى ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيەدۇر[1]. ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەققىق ئىمام ئىبنى قەييىم[2] ئۇنىڭ يولىنى داۋام ئەتتۈرگەن. الله ئۇ ئىككىسىگە رەھىم قىلسۇن!

مەن: «ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن كىتابىمدا بۇ ئىسلام پېشۋاسىنىڭ كىتابلىرىدىن ئىككى بۆلۈمنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدىم. بۇ ئىككى بۆلۈم ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسى ۋە پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان ئىدىم.

بۇ پېشۋايىمىزنىڭ كىتابلىرى، رىسالىلىرى ۋە پەتىۋالىرىدا نۇرغۇن ئېسىل سۆزلەر بار بولۇپ، ئۇنى نەقىل كەلتۈرسە، كىشىنى قايىل قىلىدۇ ۋە قانائەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىلاھىي ھىدايەت مەنبەسىگە (قۇرئانغا)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقىغا تۇتاشتۇر. لېكىن مەن بۇ جايدا بۇ پېشۋايىمىزنىڭ سۆزىدىن ئىككى نەمۇنىنى سۆزلەش بىلەن كۇپايىلىنىمەكچىمەن. بۇ ئىككى نەمۇنىدە الله خالىسا كۇپايە قىلغۇدەك ۋە جانغا ئەسقاتقۇدەك نەرسىلەر بار:

## ئەمەلنىڭ ئەۋزەللىكى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ

بىرىنچى نەمۇنە ئەمەلنىڭ ئەۋزەللىكى ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بولۇپ، مەن بۇنىڭ خۇلاسە مەزمۇنىنى: «ئىنكارچىلىق بىلەن تەرەپبازلىق ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» ناملىق كىتابىمدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم.

ئىبنى تەيمىيەگە الله رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ بەس - مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

بىر ئەمەلنى قىلىش بىر قېتىم مۇستەھەب بولسا، يەنە بىر قېتىم ئۇنى قىلماسلىق مۇستەھەب. بۇنىڭدا شەرئىي دەلىللەر بويىچە مەزكۇر ئەمەلنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتىن كېلىدىغان پايدىغا قاراپ ئىش تۇتۇلىدۇ. مۇستەھەب ئىشنى قىلىشتىن كېلىپ چىققان زىيان ئۇنىڭ پايدىسىدىن چوڭ بولسا، مۇسۇلمان كىشى ئۇنداق مۇستەھەبنى تەرك ئېتىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇل بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشنى تەرك ئەتتى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېدى: «ناۋادا قەۋمىڭنىڭ جاھىلىيەت بىلەن بولغان دەۋر ئارىلىقى بەك يېقىن بولمىغاندا ئىدى، مەن كەئبىنى چۇۋۇپ ئۇنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ سالاتتىم، ئۇنىڭغا

---

[1] ھىجرىيە 728 - يىلى ۋاپات بولغان.

[2] ھىجرىيە 751 - يىلى ۋاپات بولغان.

كىرىدىغان بىر ئىشىك، چىقىدىغان بىر ئىشىك ــ جەمئىي ئىككى ئىشىك قويىاتتىم»[①] . دېمەك، قۇرەيشلەرنى ئۇركۇتۇپ قويۇشنىڭ زىيىنى كەئبىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشنىڭ پايدىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەڭ ئەۋزەل دەپ قارىغان بۇ ئىشنى قۇرەيشلەرنىڭ يېڭى مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قارشى سەۋەب بىلەن تەرك ئەتكەن.

شۇ ۋەجىدىن ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار مۇنداق قارايدۇ: ئىمام ئۆزىگە ئىقتىدا قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارىغان ئىشنى تەرك ئېتىشى مۇستەھەب. مەسىلەن، ئىمام ۋىتىر نامىزىدا جۈپ رەكئەتتە سالام بېرىۋېتىپ، تاق رەكئەتنى ئايرىم ئوقۇش ئەۋزەل دەپ قارايدىغان كىشى بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچىلار تاق رەكئەتنى ئۇلاپ ئوقۇشنىلا توغرا دەپ قارايدىغانلار بولسا، ئىمامنىڭ ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارىغان ئىشنى تەرك ئېتىپ، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ، تاق رەكئەتنى ئۇلاپ ئوقۇغىنى، ئۇلارنى نارازى قىلىپ تاق رەكئەتنى ئايرىپ ئوقۇغىنىدىن ئەۋزەل. شۇنىڭدەك، ئىمام بىسمىللاھنى مەخپىي ياكى ئۈنلۈك ئوقۇش ئەۋزەل دەپ قارىسا، ئىقتىدا قىلغانلار ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولسا، ئۇ بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارىغان ئىشنى تەرك ئەتسە، جامائەتنىڭ رايىغا باقسا، بۇنىڭ پايدىسى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇشتىن چوڭ بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، سۈننەتنى بايان قىلىش ۋە ئۇنى بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن نائەۋزەلنى قىلسا، ھەم ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، ناماز باشلاش دۇئاسىنى ياكى ئەئۇزۇبىللا ياكى بىسمىللاھنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، نامازدا شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەكچى بولسا، ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ. سەھىھ ھەدىستە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ باشلاش دۇئاسىنى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقى، الله ئەكبەر دەپ بولۇپلا: «**سبحانك اللهم وبحمدك، وتبارك اسمك، وتعالى جدك، ولا إله غيرك**» «سېنى پاك دەپ ياد ئېتىمەن، ئى الله! ساڭا ھەمدى ئېيتىمەن، نامىڭ كاتتىدۇر، ئەزىمەتىڭ ئالىيدۇر، سەندىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەسۋەد ئىبنى يەزىد مۇنداق دېگەن: مەن ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدا 70 قېتىمدىن كۆپرەك ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ الله ئەكبەر دەپ بولۇپلا، ئاشۇ دۇئانى دەيتتى. شۇڭا، مۇشۇ ناماز باشلاش دۇئاسى كەڭ تارقالدى، نۇرغۇن كىشىلەر شۇ دۇئانى ئوقۇيدىغان بولدى.

شۇنىڭدەك، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس ناماز باشلىغاندا ئەئۇزۇ بىللانى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. نۇرغۇن ساھابىلەر بىسمىللاھنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتى. بىسمىللانى ئۈنلۈك ئوقۇش سۈننەت ئەمەس دەپ قارايدىغان كۆپ سانلىق ئىماملار مەزكۇر ساھابىلەرنىڭ بىسمىللانى ئۈنلۈك ئوقۇغانلىقىنى: نامازدا بىسمىللاھنى ئوقۇشنىڭ سۈننەتلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، - دەپ چۈشەندۈردى.

سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى ئابباس جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھەنى ئۈنلۈك ئوقۇغان. ئۇ: بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، -

[①] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

دىگەن. كىشىلەر جىنازا نامىزىدا ئىككى خىل قاراشتا بولۇپ كەلدى. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھە زادىلا ئوقۇلمايدۇ. كۆپلىگەن سەلەپلەر شۇنداق دەيدۇ. ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىمۇ شۇنداق. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار ئىبنى ئاباسنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ، جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھە ئوقۇش سۈننەت دەپ قارايدۇ. تېخى بەزى ئالىملار جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھە ئوقۇش نامازدىكىگە ئوخشاشلا ۋاجىپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھە ئوقۇش مۇستەھەب سۈننەت، ۋاجىب ئەمەس دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر. چۈنكى، سەلەپلەرنىڭ جىنازا نامىزىدا سۈرە فاتىھە ئوقۇغانلىقىمۇ ۋە ئوقۇمىغانلىقىمۇ — ھەر ئىككىلىسى مەشھۇردۇر. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇلار بىسمىللاھنى بەزىدە ئۈنلۈك ئوقۇغان، بەزىدە ئۈنلۈك ئوقۇمىغان؛ ناماز باشلاش دۇئاسىنى بەزىدە ئوقۇغان، بەزىدە ئوقۇمىغان؛ بەزىدە قولىنى كۆتۈرگەن، بەزىدە كۆتۈرمىگەن؛ بەزىدە ئىككى سالام بەرگەن، بەزىدە بىر سالام بەرگەن؛ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندا، بەزىدە مەخپىي قىرائەت قىلغان، بەزىدە قىلمىغان؛ جىنازا نامىزىدا بەزىدە تۆت تەكبىر، بەزىدە بەش تەكبىر، بەزىدە يەتتە تەكبىر ئوقۇغان. بەزى ساھابىلەر ئۇنداق قىلغان ۋە بەزى ساھابىلەر مۇنداق قىلغان. ھەممىنى شۇ ساھابىلەر قىلغان! بەزى ساھابىلەر ئەزاندا ئاۋازىنى تىترەتكەن، بەزى ساھابىلەر تىترەتمىگەن؛ بەزى ساھابىلەر تەكبىرنى تاق ئوقۇغان، بەزى ساھابىلەر جۈپ ئوقۇغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىككىلىسىنى قىلغان.

مانا بۇ ئىشلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىدىن ئەۋزەل بولسىمۇ، ئەمما نائەۋزەلنى قىلغان كىشىمۇ توغرا قىلغان بولىدۇ.

نائەۋزەل ئىش گاھىدا كۈچلۈك مەنپەئەت تۈپەيلى ئەۋزەلگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەۋزەلنى تەرك ئېتىش گاھىدا كۈچلۈك مەنپەئەت تۈپەيلى ئەۋزەلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇنداق ئىش ھەممە ئەمەلدە مەۋجۇد. ئۆز بابىدا ئەۋزەل بولغان مەلۇم بىر ئەمەل باشقا بابلارغا كەلگەندە نائەۋزەل بولۇپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، ناماز ئۆز بابىدا قۇرئان قىرائەت قىلىشتىن ئەۋزەل، قۇرئان قىرائەت قىلىش زىكىر ئېيتىشتىن ئەۋزەل، زىكىر ئېيتىش دۇئا قىلىشتىن ئەۋزەل. ئەمما، بامدات ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. بۇ چاغلاردا قۇرئان قىرائەت قىلىش، زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل. رۇكۇ ۋە سەجدىدە قىرائەت قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ يەردە زىكىر ئېيتىش قىرائەت قىلىشتىن ئەۋزەل. ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن كېيىن دۇئا قىلىش زىكىر ئېيتىشتىن ئەۋزەلرەكتۇر. مەلۇم بىر نائەۋزەل ئەمەل ئەۋزەلنى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ياكى نائەۋزەلگە بەك قىزىققىدىغان، ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەتلىنىدىغان كىشىگە نىسبەتەن ئەۋزەل ئەمەلگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نائەۋزەلنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۆزى خالاپ قىلغانلىقى ۋە كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، نائەۋزەل ئۇنىڭ ھەققىدە ئەۋزەلگە ئايلىنىدۇ. خۇددى بۇ خالاپ ئىچكەن ئۇنۇمى تۆۋەن دورىنىڭ خالىماي ئىچكەن ئۇنۇمى يۇقىرى دورىدىن كېسەلگە بەكرەك پايدا قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇ ۋەجىدىن، بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا زىكىر ئېيتقىنى ئۇلارنىڭ قۇرئان قىرائەت قىلغىنىدىن ياخشىراق. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى ۋاقىتتا قۇرئان قىرائەت قىلغىنى ناماز ئوقۇغىنىدىن ياخشىراق. بۇنداق بولۇشتا قىلغان ئىشنىڭ ئۆز زاتىدا ئەۋزەل بولغانلىقى ئۈچۈن

ئەمەس، بەلكى قىلغۇچىنىڭ ئۆزى قىلغان ئىشتىن تولۇق پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ باب ـــ ئەمەللەرنى بىر ـ بىردىن ئەۋزەل دەپ قاراش بابىدا ئېنىق بىر تەپسىلات يوق. ئەمەللەرنىڭ بىر ـ بىردىن ئەۋزەل بولۇشى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىگە شۇنداق قارىمىغانلىقتىن نۇرغۇن پاتپاراقچىلىقلار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: بەزى كىشىلەر مەلۇم بىر مۇستەھەب ئىشنى قىلىشنى ياخشى دەپ قارىسا، ئۇنى پەرزلەردىن بەكراق چىڭ تۇتتى؛ ئاخىر بېرىپ خاھىشقا، ئەسەبىيلىككە ۋە جاھىلىيەت قىززىققانلىقىغا بېرىلدى؛ ئۇنى ئۆز مەزھىبىنىڭ شوئارى دەپ قارىدى. يەنە بەزىلەر ئاشۇ مۇستەھەبنى تەرك ئېتىشنى ئەۋزەل دەپ قارىدى؛ ئۇنى تەرك ئېتىشتە ھارامنى تەرك ئېتىشتىن بەكرەك چىڭ تۇردى؛ ئاخىر بېرىپ خاھىشقا، ئەسەبىيلىككە ۋە جاھىلىيەت قىززىققانلىقىغا بېرىلدى؛ ئۇنى تەرك ئېتىشنى ئۆز مەزھىبىنىڭ شوئارى دەپ قارىدى، ۋاھاكازالار... بۇنىڭ ھەممىسى خاتا.

ھەممە نەرسىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بېرىش، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كەڭ قويغان يولنى كەڭ تۇتۇش، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىرلەشتۈرگەن نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى كۆرگەن شەرئىي مەنپەئەتلەر ۋە شەرئىي مەقسەتلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئەڭ ياخشى سۆز اللەنىڭ سۆزى، ئەڭ ياخشى يول مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. اللە ئۇنى پۈتۈن ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇ ھەر قانداق ئىشتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى ئېلىپ كەلگەن. بۇنى ھەر قاچان ئەستە تۇتۇش كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەردەك ھازىر ئەستە تۇتۇپ، ئەمەل قىلىدىغاندا ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. بىلمەسلىكتىن ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىقتىن ياكى خاھىشقا ئەگەشكەنلىكتىن ئۇنى تاشلاپ قويماسلىق كېرەك. اللەتىن تىلەيلى، ئۇ بىزنى داغدام يولغا ـــ اللەنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ، شېھىدلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ يولىغا يېتەكلىگەي! ئۇلار ھەققەتەن ياخشى ھەمراھتۇر![1].

ھەسەن بەنناغا اللە رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ بۇ مەسىلىنى چۈشىنەتتى. تەراۋىھ نامىزى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقانلار ئۇنىڭدىن:

- تەراۋىھ نامىزى ئىككى ھەرەم ۋە باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش تۆت مەزھەبنىڭ مەشھۇر قارىشى بويىچە 20 رەكئەت ئوقۇلامدۇ ياكى سەلەفىي ئېقىمدىكىلەر تەشەببۇس قىلغاندەك سەككىز رەكئەت ئوقۇلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان. بۇ سوئالنى سورىغان يۇرت ئەھلى مۇشۇ مەسىلە تۈپەيلى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاس قالغانىدى. ھەسەن بەننا مۇنداق پەتىۋا بەرگەن:

- تەراۋىھ سۈننەت، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىششى پەرز. سۈننەتنى دەپ پەرزنى قانداقمۇ زايا قىلغىلى بولسۇن؟! سۈننەتنى دەپ ئۇرۇشقىچە، ئۆيىۈڭلاردا قانداق ئوقۇغۇڭلار كەلسە، شۇنداق ئوقۇساڭلار بولمامدىمۇ؟!

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتىۋا توپلىمى، 24 – جىلد، 195 – دىن 199 – بەتكىچە.

## ياخشىلىقلار ۋە يامانلىقلار ئۆزئارا زىتلاشقاندا

مانا بۇ، ئىككىنچى نەمۇنىنىڭ ماۋزۇسىدۇر. مەن ئۇنى: «ئىسلامىزم ھەرىكىتىدە ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق كىتابىمنىڭ ئاخىرىدا: «ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلارنىڭ زىتلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا قوشۇمچە قىلىپ سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم.

ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلار ئۆزئارا زىتلاشقاندا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شۈنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ياخشىلىقنىڭ مەنپەئەتلىرى بار، ئۇنى تەرك ئەتكەندە زىيان چىقىدۇ؛ يامانلىقتا زىيان بار، مەكرۇھ ئىشلاردا قىسمەن ياخشىلىقمۇ بار. ئىككى ياخشىلىق ئۆزئارا زىتلاشسا، ئۇ ئىككىسىنى جەملەش مۇمكىن بولمىسا، ئەڭ ياخشى بولغان بىرسى قىلىنىپ، يەنە بىرسى تەرك ئېتىلىدۇ. مەسىلەن، ۋاجىب بىلەن مۇستەھەب، پەرز ئەين بىلەن پەرز كۇپايە ئۆزئارا زىتلاشسا، ۋاجىب بىلەن پەرز ئەين قىلىنىپ، مۇستەھەب بىلەن پەرز كۇپايە تەرك قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەرز تۆلەش بىلەن نەپلە سەدىقە بېرىش ئۆزئارا زىتلاشسا، قەرز تۆلىنىدۇ، سەدىقە تەرك ئېتىلىدۇ. بالا ـ چاقىلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەپىقىسى پەرز ئەين بولمىغان جىھاد چىقىمى بىلەن ئۆزئارا زىتلاشسا، نەپىقە بېرىلىپ جىھاد چىقىمى تەرك قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان:

- قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ - دەپ سورالغاندا:
- ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز، - دېدى رەسۇلۇللاھ.
- ئاندىن قالسىچۇ؟
- ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش.
- ئاندىن قالسىچۇ؟
- ئاندىن قالسا، اللە يولىدا جىھاد قىلىش، - دېدى رەسۇلۇللاھ.

پەرز ئەين بولغان جىھاد پەرز ئەين بولغان ھەجدىن بۇرۇن قىلىنىدۇ. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە زىكىر ئېيتىش دېگەن ئىككى مۇستەھەب تەڭلىشىپ قالغاندا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش زىكىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ. نامازدا ھەر ئىككىلىسى بولغانلىقتىن ناماز ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئىشەنچ ۋە قورقۇنچ بىلەن بىرلىكتە كەلگەن زىكىر كېكىردەكنىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدىغان تىلاۋەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىككى يامانلىق تەڭ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىرىگە تۇرماي مۇمكىن بولمىسا، كىچىكرەك يامانلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق چوڭ يامانلىق چېكىندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، ئايالنىڭ مەھرەمسىز ھىجرەت سەپىرىگە چىقىشى بىلەن كاپىر ھاكىمىيىتى ئاستىدا داۋاملىق تۇرۇشى ئۆزئارا زىتلەشسە، ئايال ھىجرەت سەپىرىگە چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇممۇ گۇلسۇم شۇنداق قىلغان. ئۇنىڭ ھەققىدە اللە تائالا مونۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: [يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا جَاءَكُمُ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوهُنَّ] [ئى

مۆئمىنلەر! سىلەرگە مۆئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار][1].

شۇنىڭدەك، جىھاد بابىدا ئاياللار، بالىلار قاتارلىق ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرۈش ھارام. دۈشمەن شەھىرىنى ئوققا تۇتۇش، كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ كىرىش قاتارلىق ھەربىي تاكتىكىنى قوللىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈش جايىز. بۇ ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يامانلىقنىڭ يېنىكرەكىگە تۇرۇش بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسىدە فەقىھلەر بىردەك مۇنداق قارىغان: قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، قالقان قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ زىيىنىنى چېكىندۈرگىلى بولمىسا، قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش جايىز. بۇ قالقان قىلىۋېلىشتىن مۇسۇلمانلارغا زىيان كەلمىگەندە، قانداق قىلىش توغرىسىدا ئىختىلاپ بار. بۇ مەسىلىدىمۇ كاپىرلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇش دېگەن چوڭ يامانلىق قالقان قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت كىچىك يامانلىق بىلەن چېكىندۈرۈلىدۇ.

بىر ياخشىلىق بىلەن بىر يامانلىق تەڭ كېلىپ قالسا، ئۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمىسا، بەلكى ياخشىلىقنى قىلىش يامانلىقتىن ئايرىلمىسا، يامانلىقنى تەرك ئېتىش ياخشىلىقنىمۇ تەرك ئېتىشنى لازىم تۇتسا، بۇ ئەھۋالدا ياخشىلىقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن يامانلىقنىڭ زىيىنى — بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى كۈچلۈك بولسا، شۇ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاچ قالغاندا، ئۆزى ئۆلگەن نەرسىنى يېيىشكە ئوخشاش. ئۆزى ئۆلگەن نەرسىنى يېيىشنىڭ زىيىنى جان ساقلاشنىڭ پايدىسىدىن تۆۋەنرەك بولغاچقا، ئۆزى ئۆلگەن نەرسە يېيىلىدۇ. ھارام دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاشقا ياكى ھاراقنى دورا ئورنىدا ئىچىشكە توغرا كەلگەندە، ھارام دورىنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن چوڭ بولغاچقا، ھارام دورىلارنى ئىشلىتىش جايىز بولمايدۇ. چۈنكى، ھارام دورىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھالال دورىلار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارام دورىنى ئىچسە، كېسەل چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئەلھاسىل، كىچىك يامانلىق ئارقىلىق چوڭ يامانلىقنى چېكىندۈرمەكچى بولۇپ، يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ زىيىنىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر چوڭ پايدا ھاسىل بولغاندا ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىغاندا — مانا بۇ ئىككى ئورۇندا يامانلىققا يول قويۇلىدۇ. بىر ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭدىن چوڭراق ياخشىلىق قولدىن كېتىپ قالغاندا ياكى بۇ ياخشىلىقنىڭ پايدىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر زىيان كېلىپ قالغاندا — مانا بۇ ئىككى ئورۇندا ياخشىلىق تەرك ئېتىلىدۇ.

ئەمما، دۇنيالىق زىياننىڭ سەۋەبىدىن ۋاجىبنىڭ ساقىت بولۇشى، دۇنيالىق ئېھتىياج تۈپەيلى ھارامنىڭ دۇرۇسقا ئايلىنىشى، مەسىلەن، سەپەرنىڭ سەۋەبىدىن روزىنىڭ ساقىت بولۇشى، كېسەللىك تۈپەيلى ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ۋە ناماز رۇكنىلىرىنىڭ ساقىت بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر دىنىنىڭ كەڭرىلىكى ۋە ھەرەجنى كۆتۈرۈش بابىغا تەۋە مەسىلىلەردۇر. بۇ بابتا ھەر قايسى شەرىئەت بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما، يۇقىرىقى مەسىلىدە بارلىق شەرىئەت بىردەكلىككە ئىگە. مۇنداق بىر گەپ بار: ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرەلىگەن كىشى ئاقىل ئەمەس، ئاقىل دېگەن

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 10 – ئايەت.

ياخشىنىڭ ياخشىسىنى ۋە يامانىنىڭ يامىنىنى بىلەلەيدىغان كىشىدۇر. شېئىر:

ئاقىلنىڭ جىسمىدا كۆرۈلسە ئىككى كېسەل،
ئەڭ ئېغىرىغا داۋا قىلار ئۇ ئەڭ ئاۋۋال.

نېمىنى ئاۋۋال قىلىش چۈشەنچىسى ھەممە ئىشتا ئىنتايىن زۆرۈر. شۇ ۋەجىدىن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندە يامغۇرنىڭ يېغىشىنى ھەممە ئادەم رەھمەت دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ يامغۇر بىلەن ئۇنىگەن نەرسىلەر زالىملارنى كۆچەيتسىمۇ، لېكىن يامغۇرنىڭ ياغماسلىقى زالىمنى كۈچەيتىشتىن ئېغىرراق زىيان. زالىم پادىشاھنىڭ بولۇشى پادىشاھ بولماسلىقتىن ياخشىراقتۇر. بەزى ئاقىللار ئېيتقانكى، زالىم پادىشاھنىڭ قولىدا ئۆتكەن 60 يىل پادىشاھسىز ئۆتكەن بىر كۈندىن ياخشى.

قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ ھېسابىنى پادىشاھ ئۆزى بېرىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، چوڭ ھوقۇقنى ياكى بەگلىك، ۋالىيلىق، قازىلىق قاتارلىق ئۇششاق ھوقۇقلارنى تۇتقان كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىسا، لېكىن باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق قىلىشقا ئىرادە باغلىسا ۋە كۆزى يەتسە، ئۇلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى جايىز، بەلكى ۋاجىب! بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھوقۇق تۇتقاندا، ھوقۇقدارلىقنىڭ دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىش، ئولجا ـ غەنىمەتنى تەقسىم قىلىش، جىنايى جازالارنى يۈرگۈزۈش، ئەمىنلىك بەرپا قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالىسا، ھوقۇق تۇتۇش ۋاجىبتۇر. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش بەزىبىر ناباب ئادەملەرگە ھوقۇق تۇتقۇزۇشنى، بەزىبىر ھالال بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىشنى، بەزىبىر ھەقلىق بولمىغان كىشىلەرگە مەنپەئەت بېرىشنى تەقەززا قىلسا، بۇ تەقەززانى تەرك ئېتىش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا ھوقۇق تۇتۇشنىڭ پايدىسى زىيىنىدىن چوڭ بولغاچقا، ھوقۇق تۇتۇش ۋاجىب ياكى مۇستەھەب. چۈنكى، ۋاجىبنىڭ تەقەززاسى ۋاجىب، مۇستەھەبنىڭ تەقەززاسى مۇستەھەب. ھوقۇق تۇتۇش بەزىدە جايىز. بۇنداق ھوقۇق تۇتۇش جەريانىدا زۇلۇمدىن ساقلانغىلى بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا مەلۇم بىر شەخس كۆپ زۇلۇمنى ئاز زۇلۇم بىلەن دەپئى قىلىش نىيىتى بىلەن ھوقۇق تۇتسا، توغرا قىلغان بولىدۇ. ئېغىر زۇلۇمدىن ئىبارەت چوڭ يامانلىقنى دەپئى قىلىش نىيىتى بىلەن قىلغان كىچىك يامانلىقلىرى ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ باپتا نىيەتلەر ۋە مەقسەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ھۆكۈم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنى بىر زالىم پۇل بېرىسەن دەپ قىستىسا، يەنە بىر ئادەم ئارىغا چۈشۈپ، زالىم تەلەپ قىلغاندىن ئازراق مالنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن ئېلىپ زالىمغا بەرسە، ئارىغا چۈشكۈچىنىڭ نىيىتى زۇلۇمنى ئىمكانقەدەر دەپئى قىلىش بولغانلىقتىن ئۇ توغرا قىلغان بولىدۇ. ناۋادا ئارىغا چۈشكۈچى زۇلۇمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئارىغا چۈشسە خاتا قىلغان بولىدۇ.

بۇنداق ئىشلاردا كۆپ ھاللاردا نىيەتمۇ، ئەمەلمۇ توغرا بولماي قالىدۇ. نىيەتتە ھوقۇق بىلەن ئىقتىساد مەقسەت قىلىنىدۇ، ئەمەلدە ھارام ئىشلار قىلىنىپ ۋاجىب ئىشلار تەرك ئېتىلىدۇ، چوڭ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش، چوڭ زىياندىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

ھوقۇق تۇتۇش ئومۇمەن ۋاجىب ياكى مۇستەھەب ياكى جايىز بولغاندا، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ھەققىدە تېخىمۇ ۋاجىب ياكى مۇستەھەب بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئىككى ياخشىنىڭ ياخشىراقىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش كېرەك. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر پادىشاھىغا دېھقانچىلىقتا مەسئۇل ئەمەلدار بولۇپ بېرىشى، بۇ ئەمەلنى ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ۋەھالەنكى، مىسىر پادىشاھى ۋە مىسىر خەلقى كاپىر ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [**وَلَقَدْ جَاءكُمْ يُوسُفُ مِن قَبْلُ بِالْبَيِّنَاتِ فَمَا زِلْتُمْ فِي شَكٍّ مِّمَّا جَاءكُم بِهِ**] [شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۇسۇف (اللهنىڭ دەرگاھىدىن) روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەلىلدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار][1]؛ [**يَا صَاحِبَيِ السِّجْنِ أَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ اللهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ أَسْمَاء سَمَّيْتُمُوهَا أَنتُمْ وَآبَآؤُكُم مَّا أَنزَلَ اللهُ بِهَا مِن سُلْطَانٍ**] [تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق، كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، الله (ئۇلارنىڭ اللهنىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق][2].

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كىرىم ـ چىقىم تۈزۈملىرى بار ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي تۈزۈمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى بويىچە ئىش قىلمايتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلالمايتتى، اللهنىڭ دىنىنى تولۇق ئىجرا قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا بۇ كاپىرلار ئۇنىمايتتى. لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىمكانقەدەر ئادالەتنى بەرپا قىلدى، ئۆز جەمەتىدىن كەلگەن مۇئمىنلەرگە ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا ھوقۇق بولمىغان بولسا، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىلغىنى الله تائالانىڭ: [**فَاتَّقُوا اللهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ**] [تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللهقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار][3] دېگەن سۆزىنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن.

ئىككى پەرز زىت كەلسە، ئۇ ئىككىسىنى جەملەش مۇمكىن بولمىسا، كۈچلۈكرەكى ئاۋۋال ئىجرا قىلىنىدۇ، بۇ ئەھۋالدا يەنە بىرسى پەرز بولمايدۇ، كۈچلۈكرەكىنى قىلىمەن دەپ ئاجىزراقىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئەمەلىيەتتە پەرزنى تەرك ئەتكەن بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىككى ھارامنىڭ بىرىنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، كىچىك ھارامنى قىلماي تۇرۇپ چوڭ ھارامنى تەرك ئەتكىلى بولمىسا، بۇ ئەھۋالدا كىچىك ھارامنى قىلىش ئەمەلىيەتتە ھارامنى قىلىش بولمايدۇ. ۋاجىبنى ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن تەرك ئېتىش، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ياكى ئەڭ چوڭ ھارامنى دەپئى قىلىش سەۋەبىدىن ۋە ياكى كۈچلۈك مەنپەئەتنىڭ سەۋەبىدىن ھارام ئىشنى قىلىش ھەم ئەمەلىيەتتە ھارام ئىش قىلىش ھېسابلانمايدۇ.

ياخشى ئەمەللەر بىلەن يامان ئەمەللەرنىڭ ئۆزئارا زىت كېلىش بابى ناھايىتى كەڭ. بولۇپمۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ ۋە خەلىپىلىكنىڭ ئىزنالىرى كېمەيگەن زامانلاردا ئىزنالار قانچە كېمەيگەنسېرى بۇنداق مەسىلىلەر شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇ ئۈممەت ئارىسىدا پىتنە ـ پاساتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

[1] سۈرە غافىر، 34 – ئايەت.
[2] سۈرە يۇسۇف، 39 – ۋە 40 – ئايەتلەر.
[3] سۈرە تەغابۇن، 16 – ئايەت.

چۈنكى، ياخشىلىقلار يامانلىقلارغا ئارىلىشىپ كەتسە، شۈبھە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەزى ئادەملەر ياخشىلىقنىلا كۆرۈپ، يامانلىقنى كۆرگىلى ئۇنىماي، ئۇنى ياخشى دەپ تونۇۋالىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر يامانلىقنىلا كۆرۈپ ياخشىلىقنى كۆرگىلى ئۇنىماي، ئۇنى يامان دەپ تونۇۋالىدۇ. ئوتتۇرا ئېقىمدىكىلەر ياخشى تەرىپىنىمۇ، يامان تەرىپىنىمۇ تەڭ نەزەرگە ئالىدۇ. شۇڭا ئالىم بولغان كىشى بۇ تۈردىكى مەسىلىلەردە ياخشى ئويلىنىشى كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىدەك، گاھىبىر ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن دەپ تېخىمۇ چوڭ يامان ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ياكى ئەكسىچە بولغاندا، پەرزلەر ۋە ھارامىلار دەماللىققا ئەپۇ قىلىنىدۇ، ھارام ھالالغا ئايلانمايدۇ، پەرز ساقىت بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر جىنايەتچىنى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بەرسەك، پادىشاھ ئۇنى جىنايىتىدىن ئاشۇرۇپراق جازالاپ زۇلۇم قىلىدىغان ئىش بولسا، جىنايەتچىنى زالىم پادىشاھقا تۇتۇپ بەرمەيمىز. بىر يامان ئىشنى توسىمەن دەپ پايدىسى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر ياخشى ئىشنى تەرك ئېتىشكە توغرا كەلسە، يامان ئىشتىن توسمايمىز[1] .

[1] ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتىۋا توپلىمى، 20 – جىلد، 48 ـ 60 ـ بەتلەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئون بىرىنچى باب

# يېقىنقى زاماندىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى

يېقىنقى زاماندىكى ئىسلاھاتچىلار ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا قارىغان كىشى ھەقىقەتەن شۇنى بايقايدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى دەۋەت ۋە ئىسلاھات جەريانىدا مۇئەييەن بىر تەرەپكە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى باشقا تەرەپلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزگەن، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئەمەلىي تىرىشچانلىقىنى شۇ تەرەپكە قاراتقان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر تەرەپتىن ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن ئالغان چۈشەنچىسىگە ئاساسەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي ھاياتتا شۇ بىر تەرەپ كەم بولۇپ قالدى؛ ئۇنى جانلاندۇرۇشقا، يولغا قويۇشقا ۋە گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۇممەت ئېھتىياجلىق دەپ قارىغانلىقتىن ئىدى.

## ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ تەشەببۇسى

ئۇنىڭ قارىشىچە، تەۋھىدنى شېرىك ئېتىقادلاردىن؛ تەۋھىد مەنبەسىنى بۇلغىغان، سۈزۈك تەۋھىدنى دۇغلاشتۇرغان خۇراپاتلاردىن ھىمايە قىلىش ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتاب ۋە رىسالىلەرنى يازغان. شېرىك كۆرۈنۈشلىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن نەزىرىيىۋي ۋە ئەمەلىي ھۇجۇملارنى قوزغىغان.

## داھىي مۇھەممەد ئەھمەد مەھدىي

ئۇ سۇداندا ئۆتكەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە جىھاد قىلىش، مۇخلىسلارنى غورىگۈل تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەيدىغان، قۇربان بېرەلەيدىغان، بېرىتانىيە جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى.

## سەييىد جامالىددىن ئافغانىي

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇممەتنى ئويغىتىش؛ ئۇممەتنى ئۇلارنىڭ دىنىغا ۋە دۇنيالىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان جاھانگىرلىككە قارشى قوزغىتىش؛ پۈتۈن ئۇممەتكە ئۇلارنىڭ ئورتاق قىبلىگە، ئېتىقادقا، يۆلىنىشكە ۋە ئاقىۋەتكە ئىگە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا

تېگىشلىك مۇھىم ئىش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن، پائالىيەتلىرىدىن، شاگىرتى ۋە دوستى مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن بىرلىشىپ چىقارغان «مۇستەھكەم تۇتقا» ژۇرنىلىدىن ناھايىتى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.

## ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ

ئۇ ئىسلام ئەقلىيەتچىلىكىنى ئەنئەنىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات قىلىشقا، ئۇنى سۈزۈك ئىسلام مەنبەلىرىگە باغلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ نىشانلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: مەن بار ئاۋازىم بىلەن ئىككى چوڭ ئىشقا چاقىردىم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تەپەككۇرنى ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئازات قىلىش؛ دىنىنى ئىختىلاپ ئوتتۇرىغا چىقماستا ئۆتكەن سەلەپلەرنىڭ يولى بويىچە چۈشىنىش؛ دىنى بىلىملەرنى ئۆگىنىشتە تۇنجى مەنبەلەرگە قايتىش؛ دىنىنى اللە ئىنسانلارنى بىلجىرلاشلاردىن ياندۇرۇش، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنى ئازايتىش، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئىنتىزامىنى ساقلاشتا ئىلاھىي رەھمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېكىتىپ بەرگەن ئەقلىي ئۆلچەملەرنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قاراش؛ دىنىنى ئىلىم ـ پەننىڭ دوستى، كائىنات سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە ئۈندىگۈچى، ئىسپاتلانغان ھەقىقەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرغۇچى، ئىدىيۋى ۋە ئەمەلىي ئىسلاھاتتا ھەقىقەتكە تايىنىشنى تەلەپ قىلغۇچى ھېسابلاش. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بىر ئىش دەپ قارايمەن. مەن بۇ تەشەببۇستا ئۈممەت گەۋدىسىنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى چوڭ گۇرۇھقا ــ دىنىي ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىرى، پەننىي ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرىغا ئوخشىمايدىغان يول تۇتتۇم. مەن ئەھمىيەت بەرگەن ئىككىنچى ئىش، ئەرەب تىلى ئۇسلۇبىنى ئىسلاھ قىلىش.

مەن ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسى بولغان، ئۇ بولمىغانلىقتىن بىز زەئىپلەشكەن ۋە خارلانغان يەنە بىر ئىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولدۇم. ئۇ ئىش بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى بىلەن خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ئايرىش. ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئادالەت تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. ھۆكۈمدارغا ئىتائەت قىلىش پەرز، ھۆكۈمدارمۇ ئادەم، ئادەم دېگەن خاتالىشىپ تۇرىدۇ، شەھۋانىي نەپسى ئالدىدا يېڭىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى خاتالىقتىن قايتۇرۇشتا، ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىگە چەك قويۇشتا خەلقنىڭ ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي نەسىھىتى كەم بولسا بولمايدۇ. مۇستەبىتلىك ئۇچىغا چىققان، زوراۋانلىق كالتىكى تەڭلىنىپ تۇرغان، زالىمنىڭ تۆمۈر تىرنىقى راسا ئۆسكەن، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا شەرتسىز قۇلچىلىق قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا بىز بۇ تەشەببۇسنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدۇق.

## ئىمام ھەسەن بەننا

شېھىد ئىمام ھەسەن بەننا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى تۈزىتىش، ئىسلامىيەتنىڭ غەربپەرەسلەر ۋە سېكولارىزمچىلارنىڭ قوللىرىدا قىرقىلىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش دەپ قارايدۇ. غەربپەرەسلەر ۋە سېكولارىزمچىلار: ئىسلام پەقەت ئېتىقاد بولسىكەن، قانۇن بولمىسىكەن؛ دىن بولسىكەن، دۆلەت بولمىسىكەن؛ كۈچى يوق ھەقىقەت بولسىكەن، تىنچلىق ياكى تەسلىمچىلىك بولسىكەن، كۈرەشچان بولمىسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ھەسەن بەننا بولسا، دىنىي يولغا قويغان زات مەقسەت قىلغاندەك: ئىسلام ھەم ئېتىقاد ھەم قانۇن، ھەم دىن ھەم دۆلەت، ھەم ھەقىقەت ھەم كۈچ، ھەم تىنچلىق ھەم كۈرەش، ھەم قۇرئان ھەم قىلىچ بولسىكەن، - دەيدۇ. ئۇ سىياسەتنىڭ ئىسلامنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ھۆرلۈكنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ھەم يەنە پۈتۈن دىققىتىنى شۇنداق يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈشكە قاراتتىكى، ئۇلارنىڭ غايىسى اللهنى رازى قىلىش، يۈزلىنىشى ئىسلام، ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇلار ئىسلامنى ئىنچىكىلەپ چۈشىنىدۇ، ئىسلامغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ، ئىسلامغا مۇستەھكەم باغلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىدۇ، ئاندىن ئىسلامنى گۈللەندۈرۈشكە، تۇرمۇشقا ئىسلامچە تۈس بېرىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە تىرىشىدۇ. بۇ غايە يولىدا بىرلىشىشنى، بۆلۈنمەسلىكنى، ئىتتىپاقلىشىشنى، پارچىلانماسلىقنى ئىزدەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىرلىكنى بۇزىدىغان، سەپنى پارچىلايدىغان، پىرقە ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان تېمىلاردا گەپ ئاچمايدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىكى تۈپكى قائىدىلەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلگىنىگە كۆپايىلىنىدۇ.

ھەسەن بەننا ئۆزىنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىدە بىرلىك مەسىلىسىگە، ئۈممەت كىشىلىرىنى تۈپكى ئېتىقادلار ۋە ئاساسىي ئەخلاقلار ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە، ئايىغى چىقمايدىغان ئۇششاق ئىختىلاپلاردىن يىراق بولۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ھېكايە ئۇنىڭ بالدۇر ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

مەن بۇ يەردە بىر كىچىك مەسجىدتە دەرس سۆزلەيتتىم. بۇ مەسجىدنى ھاجى مۇستافا الله رازىلىقى ئۈچۈن سېلىپ قويغان ئىكەن. بۇ مەسجىدكە بىر تۈركۈم تالىبۇلئىلىملەر يىغىلىپ، ناھايىتى دوستانە كەيپىيات بىلەن اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئىلمۇ ھېكمەتنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى.

شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا دەرس بولاتتى، خۇپتەندىن كېيىن قەھۋەخانىغا چىقاتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دەرسنىڭ خەۋىرى پۇر كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ قاتناشتى. دەرسكە قاتناشقانلار ئىچىدە ئىختىلاپ قىلىشقا ئامراق جېدەلخورلار ۋە پىتنىخورلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىمۇ بار ئىكەن.

بىر ئاخشىمى بىر غەلىتە كەيپىياتنى — بۆلۈنۈش، قورۇنۇش كەيپىياتىنى ھېس قىلىپ قالدىم. قارىسام، دەرس ئاڭلىغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئەمدىلا دەرس باشلاي دېگىچە ئۇشتۇمتۇت:

- ئۇستاز ۋەسىلە قىلىش مەسىلىسىگە قانداق قارايدىكىن؟ - دېگەن سوئال چۈشتى. مەن سوئال سورىغۇچىغا:

- قېرىندىشىم، مەندىن مۇشۇ بىر سوئالنىلا سورىماقچى ئەمەسقۇ، دەيمەن؟ مەندىن يەنە ئەزاندىن كېيىن دۇئا قىلىش، جۇمە كۈنى سۈرە كەھفنى تىلاۋەت قىلىش، تەشەھھۇد ئوقۇغاندا «سەييىدىنا» دېگەن لەۋزىنى قوشۇپ ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جەننەتتىمۇ، دوزاختىمۇ؟ ئوقۇغان قۇرئاننىڭ ساۋابى مېيىتكە يېتەمدۇ، يەتمەمدۇ؟ ئەھلى تەرىقەت ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ھەلقە ـ سۆھبەتلەر گۇناھمۇ، ساۋابمۇ؟... دېگەندەك سوئاللارنىمۇ سورىماقچىغۇ دەيمەن؟ - دېدىم ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىتنە ـ پاساد ۋە قاتتىق ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر قاتار تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. سوئال سورىغۇچى قاتتىق ھەيران بولدى ۋە:

- شۇنداق، مەن مۇشۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب ئالماقچى ئىدىم، - دېدى. مەن:

- قېرىندىشىم! مەن ئۆلىما ئەمەس، مەن پەقەت ئادەتتىكى بىر مۇدەررىس. بەزى ئايەتلەرنى، قىسمەن ھەدىسلەرنى، بەزىبىر دىنىي ھۆكۈملەرنى كىتاب ئوقۇپ يۈرۈپ يادقا ئېلىۋالغانمەن. ئۇنى كىشىلەرگە ئۆزلىكىمدىن دەرس قىلىپ بېرىۋاتىمەن. مېنى بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقارماقچى بولساڭلار، مېنى قىيناپ قويىسىلەر. كىم «بىلمەيمەن» دېيەلىسە، موللىنىڭ نوچىسى شۇ! بۇ گېپىم قۇلاققا ياققان بولسا، دەرسىمنى داۋاملىق ئاڭلاڭلار. مېنىڭ گېپىم شۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ بىلمەكچى بولغانلار، مەندىن باشقا ئۆلىما ۋە مۇتەخەسسىس پازىللاردىن سورىسۇن، ئۇلار كۆڭلۈڭلاردىكىدەك پەتىۋا بېرەلەيدۇ. مېنىڭ ئىلمىم مۇشۇنچىلىك، ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، - دېدىم.

بۇ گەپ بىلەن سوئال سورىغان ئادەمنىڭ تىلى تۇتۇلدى، ئۇ غىڭ ـ پىڭ قىلالمىدى. مەن ئەنە شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنى سوئال سورىيالماس قىلىپ قويدۇم. سورۇنغا ھازىر بولغانلار ياكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قۇتۇلغانلىقىمغا مەمنۇن بولۇشتى. لېكىن مېنىڭ بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى. شۇڭا مەن ئۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم ـ دە، مۇنداق دېدىم:

- قېرىنداشلار! مەن ئېنىق بىلىپ تۇرۇۋاتىمەنكى، سوئال سورىغان بۇ قېرىنداش ۋە جانابىڭىزلارنىڭ كۆپىنچىلىرىڭلار بۇ سوئال ئارقىلىق بۇ يېڭى مۇدەررىسنىڭ قايسى گورۇھتىن ئىكەنلىكىنى ــ شەيخ مۇسانىڭ گورۇھىدىنمۇ ياكى شەيخ ئابدۇسەمەنىڭ گورۇھىدىنمۇ؟ بۇنى بىلىپ باقماقچى بولۇۋاتىسىلەر! بۇنى بىلگىنىڭلارنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق. سىلەر سەككىز يىلنى پىتنە ـ پاسات بىلەن ئۆتكۈزدۈڭلار، بولدى بەس! بۇ مەسىلىلەردە مۇسۇلمانلار نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئىختىلاپ قىلىپ كەلدى، ھېلىھەم ئىختىلاپ قىلىشماقتا. ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنىڭ بىرلىشىشىمىزنى ۋە دوستلىشىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىختىلاپ قىلىشىمىزنى ۋە بۆلۈنۈشىمىزنى يامان كۆرىدۇ. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇشقا، دىنىنىڭ تۈپكى قائىدىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئاللاھقا ۋەدە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىگە، ئىختىلاپ يوق كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلايلى، پەرزلەرنى ۋە سۈننەتلەرنى ئادا قىلايلى، زورۇقۇش ۋە زىغىرلاشنى تەرك ئېتەيلى. روھلىرىمىز سۇزۇلسۇن. ھەممىمىز مەلۇم بىر پىكىرنى ياقىلاشنى ئەمەس،

ھەقنى تونۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بولايلى. ئەنە شۇ چاغدا بۇنداق ئىشلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە دوستانە كەيپىيات ۋە ساپ نىيەت بىلەن مۇزاكىرە قىلشايلى. بۇ پىكىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز شۇنداق قىلىشقا ۋەدىلىشەيلى!

ئۇلار مېنىڭ بۇ پىكىرىمنى قوبۇل قىلدى. بىز شۇ كۈندىكى دەرستىن چىقماي تۇرۇپ: ھەمكارلىقتا ۋە دىنغا خىزمەت قىلىشقا يۈزلىنىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىمىز، ئىختىلاپنى تاشلايمىز، ھەر كىم ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئاخىرىدا الله بىر يولغا سالىدۇ، - دەپ ئەھدىلەشتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن، اللهنىڭ نېسىپ قىلىشى بىلەن بۇ كىچىك مەسجىدتىكى دەرسىمىز ئىختىلاپ ھاۋاسىدىن يىراق ھالدا داۋاملاشتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلىرىمدە ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ھەر بىر مەزمۇنىنى ئايرىم بىر تېما قىلىپ سۆزلەپ، قېرىنداشلىق روھىنى كۈچەيتتىم. ئۇلار بۇ ۋاقىتقا قەدەر تالاشمىغان، ھەممەيلەن بىر - بىرىگە يول قويىدىغان ئىختىلاپىي مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، سەلەپ - سالىھلارنىڭ بۇنداق مەسىلىلەردە ئۆزئارا بىر - بىرىگە يول قويۇشقانلىقىنى، يول قويۇشنىڭ ۋاجىبلىقىنى، ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم.

ئۇلارغا مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسالنى بايان قىلغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە:

- قايسىڭلار ھەنەفىي مەزھىبىدە؟ - دەپ سورىدىم ئۇلارغا. ئىچىدىن بىرى:

- مەن، - دېدى.

- قايسىڭلار شافىئىي مەزھىبىدە؟ يەنە بىرى:

- مەن، - دەپ ئالدىغا چىقتى. مەن:

- مەن ھازىر ئىككىڭلارغا ئىمام بولىمەن. ھەنەفىي قېرىنداش، سەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمسەن؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- ياق، جىم تۇرىمەن، - دېدى.

- شافىئىي قېرىنداش، سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلىسەن؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- چوقۇم ئوقۇيمەن، - دېدى.

- ناماز تۈگىگەندە ھەنەفىي قېرىندىشىڭنىڭ نامىزىغا قانداق قارايسەن؟

- ئۇنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ، چۈنكى ئۇ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىدى، سۈرە فاتىھە ئوقۇش نامازنىڭ رۇكنى.

- ھەنەفىي قېرىنداش، سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟

- شافىئىي قېرىنداش مەكرۇھ تەھرىمنى قىلدى، چۈنكى ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سۈرە فاتىھە ئوقۇشى مەكرۇھ تەھرىم بولىدۇ.

- ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارنىڭكىنى خاتا دېيەلەمسىلەر؟

- ياق. مەن سورۇندىكىلەرگە بۇرۇلۇپ:

- سىلەرچە بۇ ئىككىسىدىن قايسىنىڭ خاتا دەپ قارايسىلەر؟ - دەپ سورىدىم. ئۇلار:

- ھېچقايسىسىنى خاتا دېمەيمىز، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مۇنداق دېدىم:

- خۇدايا تــوۋا! نامازنىــڭ ئــادا تېپىشــى - تــاپىماسلىقىدەك مۇشــۇنداق ئىشــتا ســۈكۈت قىلالايدىكەنسىلەر - يۇ، ناماز ئوقۇغان كىشى تەشەھھۇدتا «سەييىدىنا» دېسە ياكى دېمىسە، ئــۇنى كاللاڭلارغا سىغدۇرالماي ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىكەنسىلەر؟!

بۇ ئۇسۇلنىڭ خېلى پايدىسى بولدى. ئۇلار بىر - بىــرىگە تۇتقــان پوزىتسىيىســىگە قايتــا قــاراپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار بىلدىكى، اللەنىڭ دىنى ناھايىتى كەڭ ۋە ئوڭايــدۇر، ئــۇنى بىــرەر شــەخس ياكى بىرەر جامائە كونترول قىلالمايــدۇ، ھەمــمە ئــىش اللەقــا، پەيغەمــبەرگە، ئىســلام جامــائىتىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتى ۋە ئىمامى بولسىلا[1] .

## ئىمام مەۋدۇدىي

ئىمام ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىينىڭ قارىشىچە، ھەممىدىن ئــاۋۋال ھــازىرقى زامــان جــاھىلىيىتىگە قارشــى تــۇرۇپ، كىشــىلەرنى دىنغــا، كەڭ مەنىــدىكى ئىبــادەتكە، يېگــانە اللەنىــڭ ھــاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشقا، ھەر قانداق مەخلۇقنىڭ مەيلى ئۇ مۇتەپەككۇر بولسۇن ياكى سىياسىي قوماندان بولسۇن، قانداق مەرتىۋە ۋە ۋەزىپىدە بولسۇن، ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەق بولۇشىنى رەت قىلىشقا قايتۇرۇپ كــېلىش؛ مەدەنىيەتــتە، ئىقتىســادتا، سىياســەتتە، ئىجتىمــائىي، ئــائىلىۋىي ۋە كىشــىلىك تۇرمۇشــتا غەرب مەپكۇرىسىنى رەت قىلىدىغان مۇستەقىل ئىســلام مەدەنىيىتــى بەرپــا قىلــىش؛ ئــۇنى ھەر قانــداق ئىنقىلاب ۋە ئۆزگىرىشنىڭ مۇستەقىل يولى قىلىش كېرەك. ئۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتاب ۋە رىسالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامىي دەۋەت ۋە دىننى يېڭىلاش پەلسەپەسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ جامائەســى ئۇنىڭ قارىشىنى قوللاندى ۋە تارقاتتى.

## شېھىد سەييىد قۇتۇپ

شېھىد سەييىد قۇتۇپنىڭ قارىشىچە، ھەممىدىن ئــاۋۋال ئېتىقــاد مەسىلىســىنى چــىڭ تۇتــۇپ، «اللەنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى» يەر يۈزىدە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇ بۇ پىكرىنى ئــاخىرقى كىتابلىرىــدا، بولۇپمۇ «قۇرئــان سايىســىدا» نــاملىق تەپســىرىدە قايتــا - قايتــا تەكرارلــىدى ۋە تەكىتلــىدى. بەزى ئادەملەر: ئىسلامدا ھاكىمىيەت بار، - دېگەن پىكىر مەۋدۇدىي بىلەن سەييىد قۇتۇپنىڭ پىكرى دەپ داۋراڭ ســالدى. بــۇ قىيىقىزىــل خاتــا گەپ، نــادانلىق. چــۈنكى، ئۇســۇلفىقھى ئــالىملىرى ئىســلامدا ھاكىمىيەت بار دېگەن مەسىلىدە پىكىر بىــرلىكىگە كەلــگەن بولــۇپ، ھەر قانــداق ئۇســۇل كىتابىــدا «ھۆكۈمدارلىق» دەيدىغان بىر چوڭ تېما بار. بۇ تېمىدا: ھۆكۈم چىقــارغۇچى پەقەت اللە دۇر، اللەتىــن باشقا ھۆكۈم چىقارغۇچى يوقتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام اللەنىــڭ ھــۆكمىنى يەتكۈزگۈچىــدۇر، -

[1] «ھەسەن بەننانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»: 58 – دىن 60 – بەتكىچە.

دەپ ئوچۇق جاكارلانغان. قۇرئاندا تەۋھىد ئېلمىنىتلىرى بايان قىلىنغاندا، مۇنداق دېيىلگەن: [أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلاً] [الله سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، اللهتىن غەيرىي هۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟][①].

سەييىد قۇتۇپ يەنە ئىسلام ھەققىدىكى ئېتىقادىي تونۇشنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. چۈنكى، خاتا تونۇشتىن توغرا ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئاخىرى سۈزۈك بولامتىمۇ؟!

شۇڭا ئۇ ھەر ساھەدىكى ــ ئېتىقادتىكى، تەپەككۇردىكى، مەسىلەكتىكى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى، ئائىلىۋىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھازىرقى جاھىلىيەتنى تەلتۆكۈس رەت قىلدى؛ ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان جەمئىيەتلەرنى، جۈملىدىن ئىسلام ئەللىرىنى جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتلەر اللهنىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلىدۇ، يەنى كىشىلىك ھايات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى بولغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈشتە؛ قىممەتقاراش، ئۆلچەم، قېلىپلارنى بېكىتىشتە اللهنىڭ ھۆكمىنى ئاساس قىلمايدۇ. بۇ ئىشلاردا اللهتىن غەيرىنى ھۆكۈمدار قىلىش اللهنىڭ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى بۇلىۋېلىش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ، ئاساسلىق ئىش بولۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىجرا قىلىش كېرەك. ئۇنى ياخشى نىيەتلىك بەزى مۇسۇلمانلار تەرغىب قىلىۋاتقان شاخچە مەسىلىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئۇلار ئۇششاق يامان ئىشلاردىن توسۇشنى تەرغىب قىلغان بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغان ئەڭ چوڭ يامان ئىشتىن غاپىل قالماقتا.

مەن بۇ جايدا: «قۇرئان سايىسىدا» دېگەن تەپسىردىن تۆۋەندىكى ئايەتكە بېرىلگەن ئىلاۋىنى نەقىل قىلىپ ئالماقچىمەن: [كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ] [ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!][②].

سەييىد قۇتۇپ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئاساسىي تىرىشچانلىقلار، ئالىي جانابلارچە قۇربان بېرىشلەر ھەممىدىن ئاۋۋال ــ شەخسىي، يالغۇز ھالدا ئەمر ـ مەرۇپ قىلىش ئارقىلىق ئۇششاق ئىسلاھات ئېلىپ بارمەن دەپ جاپا تارتىشتىن، قۇربان بېرىشتىن ئاۋۋال بىر ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا قارىتىلىشى كېرەك. ياخشى جەمئىيەت دېگىنىمىز، اللهنىڭ يولى ئۈستىدە ماڭىدىغان جەمئىيەتتۇر.

پۈتۈن جەمئىيەت بۇزۇلغان ۋاقىتتا، جاھىلىيەت قېنىدىن تاشقان چاغدا، جەمئىيەت اللهنىڭ يولىدىن باشقا نەرسە ئۈستىگە تۇرغان چاغدا، اللهنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇننى قوللانغان چاغدا ئۇششاق ئىشلارغا ئۇرۇنۇشنىڭ پايدىسى يوق. بۇنداق چاغدا تۈپكى مەسىلىگە ئۇرۇنۇش، يىلتىزنى بىخلاندۇرۇش كېرەك. ھەممە تىرىشچانلىق ۋە كۈرەشنى اللهنىڭ زېمىندىكى ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قارىتىش كېرەك. مۇشۇ ھوقۇق مۇئەييەنلەشكەندە ياخشىغا بۇيرۇش، يامانىدىن

① سۈرە ئەنئام، 114 – ئايەت.

② سۈرە مائىدە، 79 – ئايەت.

توسۇشمۇ تايىنىدىغان ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىمان كېرەك. ئىماننىڭ ماھىيىتىنى، ھاياتقا تۈزۈم تۈرغۇزۇشتىكى ئورنىنى بىلىش كېرەك. مۇشۇ دەرىجىدىكى ئىمان بولغاندىلا ھەممە ئىشتا اللهقا تايانغىلى، اللهنىڭ ياخشىلىقىغا ھامان ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزغىلى، ئەجىر ـ ساۋابىنى اللهتىنلا كۈتكىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى، ئازغۇن جەمئىيەتنىڭ تەقدىرلىشىنى، ھەر قايسى جايلاردىكى ئەھلى جاھىلىيەتنىڭ ياردىمىنى كۈتمەيدىغان بولىدۇ.

ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇش ھەققىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتنى ئىسلام جەمئىيىتىدە ئادا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىدىمۇ گاھى چاغلاردا ھاكىمىيەت توغرا يولدىن چىقىپ كېتىدىغان، گاھى چاغلاردا گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر تارقىلىپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ، ئەمما بۇ جەمئىيەت ھەر ھالدا اللهنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم ھۆكۈمراننىڭ ئالدىدا ھەق سۆزلەشتۇر» دېگەن سۆزىدىنمۇ ئەنە شۇنى ھېس قىلالايمىز. اللهنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىغان، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ چىقمىغان ئادەم «باشلىق» بولالمايدۇ، ئۇنى «باش» دېگىلى بولمايدۇ. الله تائالا ئۇنداق ئادەم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: [**وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ الله فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**] [كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر] ①.

اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ چىقمىغان جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يامان ئىش اللهنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلىشتۇر. ھەممە يامانلىق مۇشۇ يامانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ھەممە ئۇششاق يامانلىقلار مۇشۇ چوڭ يامانلىقنىڭ شاخلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. شۇڭا پارچە ـ پۇرات يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن ئاۋۋال ئاشۇ ئاساسىي، يىلتىزلىق يامانلىقنى ئىنكار قىلىش كېرەك.

ئىرىشچانلىقنى ـــ ياخشى، سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىرىشچانلىقىنى ئۇششاق يامانلىقلارغا تاقابىل تۇرىمەن دەپ زايە قىلىۋەتكەننىڭ پايدىسى يوق. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇششاق يامانلىقلار بىرىنچى نومۇرلۇق يامانلىقتىن ــ اللهنىڭ ئالدىدا قاپ يۈرەكلىك قىلىش، مەندە ئىلاھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار دەپ دەۋا قىلىش، اللهنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بىرىنچى نومۇرلۇق يامانلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، ئۇنىڭ ھارام شاخلىرى بولغان ئۇششاق يامانلىقلارغا تاقابىل تۇرىمەن دەپ ئىرىشچانلىقنى زايە قىلغاننىڭ پايدىسى يوق.

بىز كىشىلەرنى يامان ئىش قىلدى دېيىشتە نېمىنى ئاساس قىلىمىز؟ ئۇلارغا ماۋۇ قىلغىنىڭلار خاتا، ئۇنى قىلماڭلار، دېيىشتە قايسى ئۆلچەمنى ئۆلچەم قىلىمىز؟ سەن قوپۇپ بۇ ئىش خاتا دېسەڭ، تۆت تەرەپتىن نەچچە ئون ئادەم قوپۇپ ساڭا: ياق، بۇ خاتا ئەمەس، ئۆتمۈشتە خاتا ئىدى،

① سۈرە مائىدە، 44 – ئايەت.

دۇنيا تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئۆلچەمدە ئۆزگىرىش بولدى، ـ دەپ تۇرۇۋالدۇ.

دېمەك، ئەمەللەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆزگەرمەس بىر ئۆلچەم كېرەك. توغرا ـ خاتانى ئايرىيدىغان، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان قىممەتقاراشلار كېرەك. بىز بۇ قىممەتقاراشلارنى نەدىن ئالىمىز؟ بۇ ئۆلچەمنى قەيەردىن كەلتۈرىمىز؟ ئادەملەرنىڭ بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىشچان پەرەزلىرىدىن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن، خاھىشلىرىدىن ئالىمىزمۇ؟ ئۇنداق قىلساق، يول باشلىغۇچىسى يوق بىر باياۋانغا، يول بەلگىسى يوق بىر دېڭىزغا كىرىپ قالىمىز.

دېمەك، ھەممىدىن ئاۋۋال بىر ئۆلچەم تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ ئۆلچەم خاھىشقا بېقىپ ئىلەڭگۈچ ئۆچمايدىغان، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. بۇ ئۆزگەرمەس ئۆلچەم اللهنىڭ ئۆلچىمىدۇر.

جەمئىيەت اللهنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىمىيەت بېشىغا ئېلىپ چىقمىسا، بەلكى اللهنىڭ يولىغا چاقىرغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلسا، زاڭلىق قىلسا، ئەيىبلىسە ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرسە قانداق بولىدۇ؟ تىرىشچانلىق زايە بولامدۇ؟ ئۆلچەم ۋە قىممەتقاراشلار بىرلىككە كەلمىگەن، پىكىر ۋە خاھىشلار ئۆزئارا توقۇنۇشۇۋاتقان بۇنداق جەمئىيەتتە تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلار توغرىسىدا ياخشىغا بۇيرىيمەن، ياماندىن توسىمەن دېيىش بىھۇدە ئىش بولامدۇ؟!

ھۆكۈم، ئۆلچەم، ھوقۇق، پىكىر ۋە خاھىش ئىختىلاپىنى ئايرىغۇچى تەرەپ قاتارلىق پرىنسىپال مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلىش كېرەك.

ئەڭ چوڭ ياخشى ئىشقا بۇيرۇش كېرەك، ئەڭ چوڭ ياخشى ئىش اللهنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ھاياتلىقتا بەلگىلەپ بەرگەن يولىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. ئەڭ چوڭ يامان ئىشتىن توسۇش كېرەك، ئەڭ چوڭ يامان ئىش اللهنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلىشتۇر. ئۇل سالغاندىن كېيىنلا تام قوپۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، چېچىلاڭغۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىنى يىغىپ ـ يۈگەپ ئەكىلىپ ئۇل سېلىشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك.

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇلى، ياخشىغا بۇيرۇش ۋە ياماندىن توسۇشنىڭ ئاساسى ئۆرۈۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ياخشى نىيەتلىك بەزى كىشىلەر شاخچە مەسىلىلەردە ياخشىغا بۇيرۇش ۋە ياماندىن توسۇشقا كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنىغا ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ ۋە تەئەججۈپ قىلغۇسى كېلىدۇ.

پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى جازانە ئۈستىگە تۇرغان، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى اللهنىڭ شەرىئىتى ئۈستىگە قۇرۇلمىغان، بىرىنچى قەدەمدىن باشلاپلا اللهنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىش ئارقىلىق اللهنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلغان، شۇ تۈپەيلى پۈتۈن ئىقتىساد ھارامغا ئايلىنىپ كېتىپ، ھالال يېيىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كىشىلەرنى ھارام يېيىشتىن توسقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

جەمئىيەت قانۇنى باسقۇنچىلىقتىن باشقا زىناخورلۇقنى جىنايەت دەپ قارىمىسا، باسقۇنچىلىق يۈز بەرگەندىمۇ اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە جازا يۈرگۈزمىسە، اللهنىڭ قانۇنىنى رەت قىلىش ئارقىلىق

اللەنىڭ ئىلاھلىقىنى رەت قىلسا، بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنى پاسىقلىقتىن توسقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

جەمئىيەت قانۇنى هاراقكەشلىكنى جىنايەت ھېسابلىمىسا، ئاممۋىي يولدا قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان مەستلەردىن باشقىنى جازالىمىسا، جازالىغاندىمۇ الله بەلگىلىگەن جىنايى جازا بويىچە جازالىمىسا، تۇنجى قەدەمدىن باشلاپلا اللەنىڭ ھۆكمىنى ئېتىراپ قىلمىسا، بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنى مەست ـ ئەلەسلىكتىن توسقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

جەمئىيەت اللەنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، اللەقا ئىبادەت قىلمىسا، اللەتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالسا، قانۇن ـ تۈزۈمدە، قىممەتقاراشلاردا، ئۆلچەملەردە، ۋەزىيەتلەردە، شۇ باشقا ئىلاھلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنسا، بۇ جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم قانۇن ـ تۈزۈم، قىممەتقاراش ۋە ئۆلچەملەرنى تۈزۈپ بەرگەنلەرنىڭ دىنىغا كىرىپ كېتىپ، اللەنىڭ دىنىدا ھېچكىم قالمىسا، بۇنداق جەمئىيەتتە دىنغا تىل تەگكۈزۈشتىن توسقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟! ئەڭ چوڭ گۇناھتىن ــ اللەنىڭ يولىنى رەت قىلىش ئارقىلىق اللەقا كاپىر بولۇش گۇناھىدىن توسماي تۇرۇپ، كىچىك گۇناھلاردىن توسۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، چوڭ گۇناھلاردىن توسقاننىڭمۇ نېمە پايدىسى بار؟!

ئاشۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئەڭ چوڭ، ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. شاخچە مەسىلىلەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، ھەتتا اللەنىڭ ھۆدۇدلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ باسقۇچتا ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمەسلىك كېرەك ئىدى. چۈنكى، اللەنىڭ ھۆدۇدلىرىمۇ اللەنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئېتىراپ ئەمەلىيلەشمىسە، اللەنىڭ شەرىئىتى بىردىنبىر قانۇني مەنبە دەپ قارالمىسا، اللەنىڭ پەرۋەردىگارلىقى بىردىنبىر ھوقۇق مەنبەسى دەپ ھېسابلانمىسا، بۇ ئەھۋالدا شاخچە مەسىلىلەرگە قارىتىلغان تىرىشچانلىقلار زايا بولىدۇ، ئۇرۇنۇشلار بىكار بولىدۇ. ھەممە مۇنكەرنى قويۇپ ئەڭ چوڭ مۇنكەر بىلەن تۇتۇشۇش كېرەك! [1].

## ئۇستاز مۇھەممەد مۇبارەك

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ بىرى سۇرىيەلىك مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد مۇبارەكتۇر. الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى توغرىسىدا: «غەرب مەپكۇرىسىگە تاقابىل تۇرۇش ھەققىدىكى يېڭى ئىسلامىي پىكىرلەر» ناملىق كىتابىدا ناھايىتى چوڭقۇر توختىلىدۇ. بۇ كىتاب ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن سۆزلىگەن ۋە يازغان تەتقىقاتلار ۋە لېكسىيەلەر توپلىمى بولۇپ، ئاپتور بۇ كىتابتا: «ئىسلامدىكى نىسبەتلەر قېلىپى» ھەققىدە توختالغان. مەن ئۇنىڭ يازغانلىرىنى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەينى

[1] «قۇرئان سايىسىدا»، 949 – ۋە 950 – بەتلەر.

نەقىل قىلماقچىمەن.

ئىسلام تۈزۈمدە بىرلىك خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، بۇ خۇسۇسىيەتتىن قېلىشمايدىغان يەنە بىر خۇسۇسىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ تەرەپلىرى ۋە قىممەتقاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتلەرنىڭ قېلىپلاشقانلىقىدۇر. ئىقتىساد، ئارام ئېلىش، ئەمگەك قىلىش، ئەقىل، ئىلىم - مەرىپەت، كۈچ - قۇۋۋەت، تائەت - ئىبادەت، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، مىللەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك — مانا بۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممەتقاراشلىرى جۈملىسىدىندۇر. ئىسلام بۇ قىممەتقاراشلارنىڭ ھەر بىرىگە ھاياتلىق تۈزۈمدە ئۆزىگە خاس ئورۇن ۋە نىسبەتلەرنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەر بىر قىممەتقاراش ئۆز ئورنى ۋە نىسبىتىدىن ھالقىپ باشقا قىممەتقاراشلارنى بېسىۋالالمايدۇ.

بۇ نىسبەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، بىرىنى ئۆزىنىڭ نورمىسىدىن ئاشۇرۇش، يەنە بىرىنى كېمەيتىش ئىسلامنى بۇرمىلىغانلىقتۇر. بۇنداق ئىشلار كېيىنكى دەۋرلەردە ھەقىقەتەن يۈز بەردى. ھاياتلىق تۈزۈمنىڭ نىسبەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ھەجۋى رەسىملەردە ئادەمنىڭ چىراي بەلگىلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى كۈلكىلىك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك ياكى دورىلارنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتلەرنى ئۆگەرتكەندەك بىر ئىش. دورىلارنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتلەرنى ئۆزگەرتىش دورىنىڭ ئۈنۈم ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، گاھىدا تېخى دورا زىيانلىق ياكى زەھەرلىك نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بىز ھاياتلىقنى يۈز پارچە دەپ پەرەز قىلساق، ئىسلام بەزى پارچىلارنى ئىبادەتكە؛ يەنە بەزى پارچىلارنى خەير - ئېھسان قىلىشقا، كەسىپ قىلىشقا، جىھاد قىلىشقا، يوللۇق راھەت - پاراغەتلەردىن ھوزۇرلىنىشقا ئاجراتتى. ھەر بىر ئىشقا ئېنىق نىسبەتلەرنى بەلگىلىدى. ناۋادا بىز بۇ نىسبەتلەرنى ئۆزگەرتسەك، مەسىلەن، جىھادنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىبادەتنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرساق، پۇل تېپىش ياكى پۇل خەجلەشنىڭ نىسبىتىنى كېمەيتىپ، راھەت سۈرۈشتە چەكتىن ئاشساق ياكى راھەت - پاراغەتنى چورتلا ئەمەلدىن قالدۇرساق، بۇ قىلمىشىمىز بىلەن ماھىيەت ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام تۈزۈمگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر تۈزۈمگە چىقىپ كەتكەن بولىمىز؛ ئىسلام ھاياتلىقنىڭ قىممەتقاراشلىرى ۋە تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزغان تەڭپۇڭلۇقنى بۇزغان بولىمىز.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، تار مەنىدىكى ئىبادەتكىلا بېرىلىپ، باشقا ئىش قىلمىغان، مەسجىددىن ئايرىلماي ئېتىكاپ قىلغان، ۋىردى - ۋازايىپلىرىنى تەرك قىلماي ئوقۇغان كىشىلا كامىل مۇسۇلمان دەپ قارالدى. كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ بۇ سۈرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلاردىكى كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ سۈرىتىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئىبادەت زور سالماقنى ئىگەللەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق بەتلىرى جىھاد بىلەن — جەمئىيەتنى بۇزۇق ئېتىقادلاردىن ئازات قىلىش، ساغلام ئېتىقادلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، زالىملارنىڭ زۇلمىدىن، مۇستەبىتلەرنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن ئازات قىلىش، ئاجىزلارنى قوغداش، ئىنسانلار

ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش يولىدىكى جىھادلار بىلەن توشقان ئىدى. شۇڭا، جىھاد ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىبادەت قىلمىغان، اللە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتمىگەن مۇسۇلماننىڭ ھاياتىمۇ ھەقىقىي ئىسلامىي ھايات سۈرىتىگە ئوخشىمايدۇ.

بىزنىڭ بۇرۇنقى فەقىھلىرىمىز ئەمەللەر ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتكە دىققەت قىلىپ كەلگەن. ئۇلار مۇسۇلماندىن ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان پەرزلەرنىمۇ، يېنىش تەلەپ قىلىنغان ھاراملارنىمۇ پەرزلىك ۋە ھاراملىق دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ كەلگەن. مۇجاھىدنىڭ جىھاد سېپىدىكى ئورنىنى تاشلاپ قېچىپ، دۈشمەننىڭ ئىسلام سېپى ئىچىگە كىرىۋېلىشىغا يوچۇق قالدۇرۇشى ھارام. ھاراق ئىچىش، چوشقا گۆشى يېيىشمۇ ھارام. لېكىن بۇ ئىككى خىل ھارامنىڭ گۇناھى ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ پىكىرنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: [**أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللهِ وَاللهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ**] [سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللەقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللەنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ][①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- اللە يولىدىكى جىھادقا نېمە تەڭ كېلىدۇ؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ سوئال سورىغۇچىغا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم:

- ئۇنداق ئەمەلگە قادىر بولالمايسىلەر، - دېگەن، ئاندىن:

- اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ مىسالى تاكى ئۇ جىھادتىن قايتىپ كەلگىچە، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغان؛ ناماز، روزىدىن سۇسلاپ قالمىغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، - دېگەن.

سەھىھ ھەدىستە يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

- ئى اللەنىڭ ئەلچىسى، ئىنسانلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ئۈلۈغ؟ - دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- اللە يولىدا جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن ئەڭ ئۈلۈغ، - دېدى.

- ئاندىن قالسىچۇ؟

- بىر جىلغىدا اللەقا تەقۋادارلىق قىلىپ، كىشىلەرگە يامانلىق يەتكۈزمىگەن ئادەم[②].

ئىقتىسادىي زۇلۇم تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان جازانە زىنادىن بەكرەك ھارام. ئىمام ئەھمەد سەھىھ سەنەد بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر تەڭگە جازاننى بىلىپ تۇرۇپ يېيىش 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن ئېغىرراق گۇناھ».

ناۋادا بىز قىممەتقاراشلارنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن بولغان نىسبىتىنى بەلگىلەيدىغان بۇنداق

---

① سۈرە تەۋبە، 19 – ئايەت.

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنى جەملىمەكچى بولساق، بۇ ھەدىسلەردىن ھاياتلىقنىڭ قىممەتقاراشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماتېماتېكىلىق نىسبەتلەرنىمۇ تېپىپ چىقالايمىز. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئوخشاش: «ئادىل يولباشچىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتى 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل»؛ «ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزلى مېنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ تۆۋەن كىشى ئۈستىدىكى پەزلىمگە ئوخشايدۇ»؛ «شەيتانغا نىسبەتەن بىر فەقىھ مىڭ ئابىدتىنمۇ كۈچلۈك».

مانا بۇنىڭدىن ئىسلام بۇيرىغان بىر ئىشنى قىلمەن ياكى توسقان بىر ئىشتىن يانىمەن دەپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر ئىشنى پايخان قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋردە ئىسلام ئەللىرى ئىككى چوڭ بالاغا گىرىپتار بولدى. ئۇنىڭ بىرى، جاھانگىرلىك؛ يەنە بىرى، دىنسىزلىق. يەنى زېمىنىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇش، ئېتىقادىنىمۇ ئايرىلىپ قېلىش؛ ماددىي بايلىقىنىمۇ، مەنىۋىي بايلىقىنىمۇ تارتقۇزۇپ قويۇشتۇر. ناۋادا ۋەتەنىمۇ قولدىن كەتسە، ئېتىقادىمۇ ۋەيران بولسا، بۇ پاجىئە ئۇزۇن داۋاملاشسا، دىنىنىڭ شوئارلىرىنى بەرپا قىلىش، دىنىنىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مۇھىم مەسىلىلەردىن باشقا مەسىلىلەرگە بۇرىۋېتىش، باشقا مەسىلىلەرنى ئىسلام كۈرىشىنىڭ ئاساسى مەركىزىي ئۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش غاپىللىقتۇر. ھازىرقى ئاساسى مۇھىم مەسىلە ئىسلام دىيارلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇش مەسىلىسى، ياتلارنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسى، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنى يوقىتىش، ھەر خىل شەكىلدىكى دىنسىزلىق پىكىر ئېقىملىرىنى تارقىتىش مەسىلىسىدۇر. بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلارنى تەراۋىھنى سەككىز رەكئەت ئوقۇيدىغانلار ۋە 20 رەكئەت ئوقۇيدىغانلار، تەكرار جامائەتكە قايىل بولىدىغانلار ۋە قايىل بولمايدىغانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈش ياكى ئېتىقادقا بېرىپ تاقالمايدىغان ئۇششاق ئىشلاردا سۈننەت ۋە بىدئەت جېڭى قوزغاش توغرىمۇ؟!

مەن بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرىلەر قىلمايلى دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى مەن مۇنداق دېمەكچى: ئېتىقادقا تاقاشمايدىغان ئىشلاردا دىققەت قىلىش پەرز، ئىبادەتنىڭ توغرا شەكىل بىلەن بولۇشىغا دىققەت قىلىغان تۈزۈك. چۈنكى ئىبادەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنىدىن ياكى قىلغىنىدىن كەم ـ زىيادە بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىبادەتنىڭ شەكلىنى تۈزىتىش پىتنە پەيدا قىلسا ياكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلسا، ئۇنى قويۇپ تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭراق خاپىلىق كېلىپ چىقىدۇ، مۇسۇلمانلار بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق شارائىتتا كۈچنى پارچىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئاساسىي چوڭ مەسىلىلەردىن باشقا مەسىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ[①].

---

[①] مەزكۇر كىتابنىڭ 65 ـ، 69 ـ بەتلىرى.

## شەيخ غەززالىي

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە كاللا قاتتۇرغان، پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئۇنى شەرھىلىگەن ئالىملارنىڭ بىرى شەيخ مۇھەممەد غەززالىيدۇر. اللە ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ كىتابلىرىدا، بولۇپمۇ كېيىنكى كىتابلىرىدا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئۇ دەۋەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا: مەن مۇسۇلمان، مەن دەۋەتچى، - دەيدىغان، لېكىن ئىسلام دەرىخىنى تەتۈر تىككەن، بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزى ۋە تېنىنى شاخ ـ شۇمبىلار ۋە يوپۇرماقلارغا ئايلاندۇرۇپ، بوران ـ چاپقۇنلاردا ئۇچۇرۇۋەتكەن، يوپۇرماقلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىۋېلىپ، ئىدىيىۋىي ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىنى شۇنىڭغا قارىتىۋالغان ئادەملەرنىڭ خاپىلىقىنى تولا تارتقان ئىدى.

مەن بۇ ئورۇندا بۇ شەيخنىڭ بىر تېكىستىنى نەقىل قىلماقچى، بۇ تېكىست ئۇنىڭ ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى نەقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئاڭقىرىدىغانلىقىنى؛ ئۇنى مۇستەھكەملەشكە ۋە ئىسلام ھەققىدە ھەممىباب، مۇۋازىنەتلىك، ھەر نەرسىگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان، ھەر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويىدىغان بىر نەزەرىيە تۇرغۇزۇشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۈممەت بولغاندىن كېيىن قالاقلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە توختالغاندا: «ئىسلام دەۋىتى ئۆزىنىڭ 15 ـ ئەسىرنى كۈتىۋېلىش ئالدىدا تۇرماقتا» ناملىق كىتابىنىڭ: «ئىسلامنى چولتا تەسۋىرلەش» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئىمان ئاتمىش نەچچە ياكى يەتمىش نەچچە شاخدۇر. بۇ شاخلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۈدۈل كەلگەنچە دۆۋىلەگىلىكمۇ؟ بۇ شاخلار بىر شەخس بازاردىن سېتىۋېلىپ، سومكىسىغا رەتسىز تىقىپ ئەكەلگەن مال ـ ماتالارغا ئوخشامدۇ؟ ياق!... شۈبھىسىزكى، بۇ شاخلار دەرىجە ۋە قىممەت جەھەتتە بىر – بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ھەر بىر شاخنىڭ ئۆزگەرمەس ئورنى ۋە تەرتىپى بار.

ئىمان شاخلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان تور مەلۇم بىر مېنىستىرلىك ياكى ئورگان ئاپپاراتىنىڭ ئىشخانا خەرىتە لايىھىسىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىشخانىدا مۇدىرلار، مۇئاۋىن مۇدىرلار، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر، نازارەتچىلەر دېگەندەك تۈرلۈك دەرىجىدىكى خىزمەتچىلەر بولىدۇ. بۇ ئىشخانىنىڭ يەنە مۇناسىۋەت بەلگىلىمىلىرى، ئالاقە ئەۋەتىش ۋە قوبۇل قىلىش تۈزۈملىرى، ئىجرائىيە ۋە خىزمەت تەرتىپلىرى... بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، نەچچە ئون ئىمان شاخلىرى مېڭىۋاتقان بىر ماشىنىغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ جازىسى، تاش قېپى، رولى، يېقىلغۇسى، چىراقلىرى، ئورۇندۇقلىرى، ۋەھاكازا نەرسىلىرى بولىدۇ. ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆزگە خاس ۋەزىپىسى ۋە قىممىتى بولىدۇ... ئىسلام مەدەنىيىتى باشلانغاندىن تارتىپلا ئىماننىڭ رۇكنىلىرى، نەپلەلىرى، يىلتىزلىرى، شاخلىرى، قەلبىي ئەمەللىرى ۋە جىسمانىي ئەمەللىرى... بولۇپ كەلگەن.

بەزى ئادەملەر ئىسلامنىڭ مەلۇم بىر پارچىسىنى قالغان پارچىلىرىنى كىچىكلىتىش بەدىلىگە

يوغىناتماقتا، بۇ خۇددى يامان سۇپەتلىك ئۆسمىلەر قالغان ساق ھۈجەيرىلەرنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە يوغىنىغاندەك بىر ئىش! بۇنداق كېتىۋەرسە، پۈتۈن بەدەن ھالاك بولىدۇ.

تارىختا خاۋارىجلار تۈنجى بولۇپ بۇ ئەقلىي كەمتۈكلۈك ياكى بۇ فىقھى پۈتلىكاشاڭغا گىرىپتار بولغان ئىدى. ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: تەھكىم[1] مەسىلىسىدىن ۋاز كەچمىدى، - دەپ قارشى چىققان ئىدى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە: ئەجدادى ئۇمەييە پادىشاھلىرىغا لەنەت ياغدۇرمىدى، - دەپ قارشى چىقتى.

مۇئەييەن بىر پىكىر ئادەمنى قامال قىلىۋالسا، ئۇنىڭ پۈتۈن روھى بوشلۇقىنى ئىگەللىۋالسا، باشقا پىكىرلەرگە ھېچقانداق ئورۇن قالدۇرمىسا، بۇمۇ بىر چاتاق ئىش ئىكەن.

مەن بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇنى ياخشى ئادەملەردىن بىرى دەپ ئويلايتتىم. ئۇ مەندىن:

- پالانى پىرنىڭ كارامەتلىرىگە ئىشىنەمسىز؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئۇ پىرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ باقمىدىم، - دېدىم. ئۇ ماڭا:

- ئېلىڭ بۇ كىتابنى! ئۇنىڭدا بۇ پىرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى شەرھلەنگەن، - دېدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ:

- ئۇ پىر قانداقراقكەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ھېلىقى كىتابنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، - دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ:

- نېمە؟ - دېدى غۇژژىدە بولۇپ. مەن:

- بۇ مۇھىم ئىش ئەمەس، مەن سىز دېگەن بۇ ئادەمنى تونۇماي ئۆلۈپ كەتسەم، اللە تائالا مەندىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدا سورىمايدۇ، -دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مېنىڭ قېشىمدىن كېتىپ، مېنى ئەۋلىيانىڭ كارامىتىگە ئىشەنمەيدىغان دىن ئاسيي ئىكەن دەپ گەپ تارقىتىپ يۈردى.

ماڭا يەنە بىر ئادەم ئۇچرىدى، ئۇ مەندىن:

- مۇزىكىغا قانداق قارايسىز؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- مۇزىكا غەيرەت ـ شىجائەتنى ئۇرغۇتىدىغان، قۇربان بېرىشكە ئۈندەيدىغان ھەربىي مۇزىكا بولسا، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق؛ كىشىنى تېتىكلەشتۈرىدىغان ياكى تەسىرلەندۈرىدىغان لىرىكىلىق مۇزىكا بولسا، ئۇنىڭدا ھەم گۇناھ يوق... ئەگەر ئۇ بىكار تەلەپلىكنى، ئىشقۋازلىقنى بازارغا سالىدىغان مۇزىكا بولسا، ھەرگىز بولمايدۇ، - دېدىم. بۇ ئادەممۇ مېنىڭ قېشىمدىن كېتىپ، مېنى ھارام نەرسىلەرنى تىڭشايدىغان شاللاق ئادەم ئىكەن دەپ گەپ تارقىتىپ يۈردى.

مانا بۇ ئىككى ئادەم مەلۇم بىر نەرسىنى دىنىنىڭ ھەممىسى دەپ ئويلاپ قالغاچقا، ھەممە ئادەمنى، ھەممە ئىشنى شۇنىڭ بىلەنلا ئۆلچەۋاتىدۇ.

---

[1] ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا ئىككى تەرەپ قۇرئاننى ھاكىم قىلىپ تۇرۇپ ياراشماقچى بولغان. بۇ يارىششتا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيەنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى ئەمرى ئىبنى ئاسقا ئۇتتۇرۇپ قويغان. بۇ ئىسلام تارىخىدا: تەھكىم مەسىلىسى دەپ ئاتالغان (تەرجىماندىن).

دىنىنىڭ مۇئەييەن بىر تەرىپىدە پەيدا بولغان بۇ ئۆسمە پىكرى ئۆتكۈر، ئەمما ئابىدلىق قەلبى يوق فەقىھلەرنىڭ؛ تۇيغۇلىرى سۇزۇك، ئەمما فەقىھلاردەك ئەقلى يوق سوپىلارنىڭ مەيدانىغا چىقىشىدىكى بىردىنبىر سىردۇر.

ھەدىس تېكىستلىرىنى يادلاپ يۈرۈپمۇ، ئۇنى دەل جايىغا قويالمايدىغان، ئۇنىڭدىن ياخشى خۇلاسە ئالالمايدىغان مۇھەددىسلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سىرمۇ ئەنە شۇ.

توغرىنى كۆرۈپ يېتەلىسىمۇ، ئۇنى ئايەت ۋە ھەدىس تېكىستلىرى بىلەن دەلىللىيەلمەيدىغان رەئيىگە بېرىلگۈچىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سىرمۇ ئەنە شۇدۇر.

تەلەپكە لايىق ھۆكۈمدارلىق قىلىپ ئاۋام خەلققە چاكار بولسىمۇ، ئەمما ﷲتىن لايىقىدا قورقمايدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ؛ شەخسىي ئىبادەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى قىلسىمۇ، ئەمما ياخشىغا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇشقا، بۇ تۈپەيلى ئەمەلدارلارنىڭ چىشىغا تېگىشكە توغرا كەلگەندە، زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغان ئاۋام خەلقنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سىرمۇ ئەنە شۇ.

ئىبادەت مۇراسىملىرىنى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان، تائەت ـ ئىبادەتنىڭ شەكلىدە قىلچىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان، ئەمما تائەت ـ ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىنى زادىلا ئاڭقىرمايدىغان، ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەيدىغان ئادەملەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سىرمۇ ئەنە شۇ.

ناماز ئىنتىزامچانلىقنى ۋە پاكىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما نامازخانلارنىڭ كۆپىنچىسى رەتسىز، قاسماق يۈرگەن.

ھەج قەلبنى ئاۋات قىلىدىغان، بەدەنگە تەسكىن ۋە مېھرىبانلىق بەخش ئېتىدىغان ئۆمۈرلۈك سەپەر. ئەمما ھاجىلار ھەج قىلىۋاتقاندىمۇ، ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، باغرى قاتتىق، قوپاللىق قىلىدۇ.

ئاز چۈشىنىپ كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۆتمەس كالللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىش بۇزىدىغان، تۈزىمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى گۈلى يوق تىكەنچىلىك بولىدۇ ـ خالاس.

بەزى ياشلار ياۋروپا ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتلىرىدە يورغىلاپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىشى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، ئولتۇرۇشى داق يەر. تاماقنى قولى بىلەن يەيدۇ، ئاندىن بارماق ئۇچلىرىنى يالايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماق يېيىشتىكى سۈننىتى بولۇپ، ئۇلار بۇ سۈننەت ئارقىلىق غەربلىكلەرنى ئىسلامغا توغرىلىماقچى بولىدۇ. ياۋروپالىقلار سۇ ئىچمەكچى بولۇپ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرە تۇرغان بولسا، سۈننەتكە ئەگىشىمەن دەپ ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەن ئادەمنى كۆرسە، ئۇنىڭ بۇ غەلىتە كۆرۈنۈشى ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە قىزىقتۇرالارمۇ؟ ئىسلامغا ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قانچىلىك پايدىسى تېگەر؟

نېمىشقا بۇ يوقىلاڭ ئىشلار يوغىنىتىلىپ، ﷲنىڭ دىنىغا توسالغۇ پەيدا قىلىنىدۇ؟ ئىسلام كۆرۈمسىز بىر دىن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ؟!

ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلار ئىختىلاپىي مەسىلىلەرنى قانچە چوڭ بىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشقا زادى بولمايدۇ. يەردە ئولتۇرۇپ تاماق

يېيىش ياكى قول بىلەن تاماق يېيىش مەسىلىسى ئادەت مەسىلىسى، ئىبادەت مەسىلىسى ئەمەس. ئىسلامنى بۇ ئادەت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىمەن دېيىش ئەخمەقانىلىق. ئايالنىڭ يۈزىنى يېپىش مەسىلىسمۇ بىر تالاش ـ تارتىش مەسىلى بولۇپ، اللهنىڭ بەندىلىرىنى اللهنىڭ دىنىغا توغرىلىغاندا، ئۇنداق مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا زادى بولمايدۇ.

سىز بۇخارىي بايان قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى ئويلاپ بېقىڭكى، ئۇ ھەدىس ئىسلامنى غالىب الله بېكىتكەن بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسلۇبىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇسۇف ئىبنى ماھەك مۇنداق دېگەن: مەن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھوزۇرىدا تۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئىراقلىق كېلىپ:

- قانداق كېپەن ئەڭ ياخشى؟ - دەپ سورىغاندى، ھەزرىتى ئائىشە:
- ۋاي ساڭا! كېپەنىنىڭ قانداق بولۇشى ساڭا قانچىلىك زىيان يەتكۈزەر؟ ـ دېدى. ئىراقلىق:
- ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى، ماڭا قۇرئانىڭنى كۆرسىتىپ قويساڭ! ـ دېدى.
- نېمىشقا؟ - دەپ سورىدى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا. ئىراقلىق:
- ئۇنىڭغا قاراپ قۇرئان رەتلىۋالاي، قۇرئان رەتلەنمىگەن ھالەتتە ئوقۇلۇۋاتىدۇ، - دېدى. ھەزرىتى ئائىشە:

- قۇرئاننى رەتلىمەي ئوقۇساڭ، ئۇنىڭ ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئەڭ ئاۋۋال قۇرئاننىڭ قىسقا سۈرىلىرى نازىل بولغان، ئۇ سۈرىلەردە جەننەت، دوزاخنىڭ گېپى بار ئىدى، كىشىلەر ئىسلامغا قايتقىچە شۇنداق ئايەتلەر نازىل بولدى، ئاندىن ھالال ـ ھارام نازىل بولدى. ناۋادا دەسلەپتىلا: ھاراق ئىچمەڭلار! - دېگەن ئايەت نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار: ھاراقنى زادى تاشلىمايمىز، - دەپ تۇرۇۋالاتتى. ناۋادا: زىنا قىلماڭلار! - دېگەن ئايەت نازىل بولغان بولسا، ئۇلار: زىنانى تاشلىيالمايمىز، - دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: [**بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ**] [ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر][1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، مەن تېخى ئويناپ يۈرگەن كىچىك قىز ئىدىم. مەن چوڭ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئاندىن سۈرە بەقەرە ۋە سۈرە نىسا نازىل بولدى، - دېدى.

راۋىي مۇنداق دېگەن: شۇنىڭدىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىراقلىققا قۇرئاننى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا بىر سۈرە يېزىپ بەردى.

دىننى چۈشەنمەي، دىننىڭ تېگىگە يەتمەي، دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەملەر بۇ دىنغا زىيان سېلىۋاتىدۇ، پايدا يەتكۈزەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي ئادەم ياراتمايدۇ، باشقىلارغا ئەيىب ئارتىدۇ.

بۇ خىل نۇقسان خېلىلا چوڭىيىپ قالدى، دىننى يېرىم ـ ياتا چۈشىنىدىغان بەزى ئادەملەر ئىسلامنى پەقەت ئەرنىڭ يۈزىدىكى ساقال، ئايالنىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردە، سۈرەتكە چۈشمەسلىك،

---

[1] سۈرە قەمەر، 46 – ئايەت.

ناخشا ـ مۇزىكا تىڭشىماسلىقتىن ئىبارەت تۆت ئىش دەپلا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

مەن بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا مۇئەييەن بىر ھۆكۈم چىقارماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئۇنداق ئىشلار ئۆز دەرىجىسىدىن ھالقىتىۋېتىلمىسكەن، ئۇنداق مەسىلە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلار ئۇنى دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئويلاپ قالمىسكەن، بۇ دېگەن تايىنلىق شاخچە ئىشلار، ئۇنى دەپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىش ئىسلامغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى پارچىلىۋەتكەنلىكتۇر دېمەكچىمەن.

ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بۇ تەتقىقات ئەنە شۇ بايراقدار ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ تەپسىلاتى، تولۇقلىمىسى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشىدۇر. بۇ تەتقىقات ھازىرقى زامان ئىسلام مەپكۇرىسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرسا، ئەجەب ئەمەس. بارلىق ھەمدۇ سانالار باشتىن ئاخىر اللهقا خاستۇر.

**[رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلاَنَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ]** [پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن. پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن][1].



---

[1] سۈرە بەقەرە، 286 – ئايەت.